# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر:

**كۇرەش مەھمۇتجان**

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

**تەھرىر ھەيئەتلەر:**

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىبى بويىچە)

**ئابدۇكېرىم رەھمان، ئازاد سۇلتان، ئامانجان تىلىۋالدى، ئەنۋەر ئابلىمىت، تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى، راززاق مەتنىياز، شېرىن قۇربان، قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى، كۇرەش مەھمۇتجان، مەتروزى ھېيت، مۇھەممەتيۇسۇپ ئۆمەر، نىجات ئەھمەتجان، ئىبراھىم مۇتىئى.**



1997 - يىللىق 1 - سان

(ئومۇمىي 69 - سان)

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىقتى



ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - قورو

地址:乌鲁木齐市胜利路 14 号

تېلېفون: 2862753—2927

پوچتا نومۇرى: 830046


مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن ماقالە قوبۇل قىلىنىدۇ

نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى ئەۋەتىڭ، مۇشتىرى بولۇڭ


بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: مادىيۇەن، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېشىت قادىر، ئۆمەرجان قۇربان

www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

## سىياسىي — نەزەرىيە تەتقىقاتى

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ..........
.................... لىن يىن (قەييۇم قۇربان تەرجىمىسى) 1

## مەشھۇر شەخسلەر تەتقىقاتى

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىقىنىڭ پېشۋاسى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات تېمىلىرى
توغرىسىدا .................................................... قەييۇم قۇربان 14

## كلاسسىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ نەشرىيات مۇقەددىمىسى ..................
.............................................. ئىبراھىم مۇتىئى، ئامىنە ئابدۇرەھمان 26
ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى توغرىسىدا ................. رازىزاق مەتنىياز 62
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى ھەققىدە ...... مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىم 74

## پەلسەپە — لوگىكا تەتقىقاتى

سەپسەتە ۋە ئۇنىڭ تىلدىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدا .................. كورەش مەھمۇتجان 86

## تارىخ — ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى

گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ (1. ئۈرۈمچى شەھىرى) ........................ مۇھەممەت ئوسمان 98
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىقتىسادىي جەرىمانە ۋە جازالاش ئادەتلىرى......... ئىسمائىل تۆمۈرى 107

## ئەدەبىيات — سەنئەت تەتقىقاتى

«پەنج بۇرادەر» داستانى ھەققىدە ................................. شېرىن قۇربان 112
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى چىنلىق توغرىسىدا ...................... ھەسەنجان سادىق 123

## ئاياللار تەتقىقاتى

ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن ئايال ئوبرازلار ھەققىدە ......... قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى 127

## قانۇن ـ تۈزۈم تەتقىقاتى

دۆلىتىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا ..........
.............................................................. ھەسەنجان تۇردى 133
ئادۋوكات ۋە ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە .................. مەتروزى سادىق 138

新疆大学学报
（哲学社会科学维文版）
1997年第1期
（总第69期）

# 目　　录

## 政治理论研究

社会主义精神文明建设的战略地位 …………………………… 林荫（克尤木·库尔班译）

## 名人研究

论维吾尔文化研究的先驱阿布都秀库尔·穆罕默德伊明的研究选题 ……… 克尤木·库尔班

## 古典文化研究

谈《突厥语大词典》的英译本…………………… 伊布拉音·穆铁意，阿米娜·阿布都热合曼
论中世纪维吾尔族饮食文化 ……………………………………… 热扎克·买提尼亚孜
论玉素甫·哈斯·哈吉甫的天文观 ………………………… 穆罕默德伊明·乌布里卡斯木

## 哲学—逻辑学研究

谬论及其在语言中的表现形式 ……………………………………… 库热西·买合木提江

## 历史—民俗学研究

美丽的家乡—新疆（西塞明珠乌鲁木齐） ……………………………… 穆罕默德·乌斯曼
高昌回鹘汗国的经济惩罚习俗 ………………………………………… 司马义·铁木耳

## 文学艺术研究

长诗《五兄弟》研究 ……………………………………………………… 西仁·库尔班
论文学艺术创作的真实性 ……………………………………………… 艾山江·萨迪克

## 妇女研究

关于神话传说中的妇女形象 ……………………………… 康巴尔尼莎·穆罕默德阿吉

## 法学论坛

论我国引渡制的建立与完善 ……………………………………………… 艾山江·图尔迪
论律师与辩护制的历史发展 ……………………………………………… 买提肉孜·萨迪克

# سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى

لىن يىن

قىسقىچە مەزمۇنى: يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ماددىي مەدەنىيەت بىلەن يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىرلىكى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىدۇر، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىر ستراتېگىيىلىك نىشانى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە باشقا تۈرلۈك ئىشلار ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا ئۇ ھەم نىشان، ھەم ۋاستە، شۇنداقلا نىشان بىلەن ۋاستىنىڭ بىرلىكى.

**摘要**:社会主义的本质要求是高度发展的物质文明与高度发展的精神文明的统一。社会主义精神文明建设本身就是社会主义现代化建设的一个战略目标。同时，它对经济建设和其它各项事业都具有重要意义。在社会主义建设中，它是目标，同时也是手段，是目标与手段的统一。

**Abstract**: The essence of socialism requires the unity of highly developed material civilization with spiritual civilization. The construction of socialist spiritual civilization itself is the strategic status of socialist modernizing construction. Meanwhile it is of important significance in both economic construction and all trades and professions. It is a goal and a means in socialist construction as well. it is the unity of goal and means.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمدا ھەم يۇكسەك دەرىجىدىكى ماددىي مەدەنىيەت بولۇشى، ھەم يۇكسەك دەرىجىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت بولۇشى لازىملىقىنى، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، ھەر ئىككى قول قاتتىق بولۇش لازىملىقىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى. ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نىشانىنى ۋە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى ستراتېگىيىلىك

ئورنىنى، مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭ توپ ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ پىكىر يوللىرىنى يورۇتۇپ بەردى. جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىككى قولدا تۇتۇش» ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش لازىملىقىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئېيتىلغان ستراتېگىيىلىك دانا پىكىردۇر. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن «بىر قول يۇمشاق، بىر قول قاتتىق بولۇش» ئەھۋالى تېخى تۈپتىن ئۆزگەرگىنى يوق، بۇنىڭدىن پارتىيە رازى بولمىدى، خەلق رازى بولمىدى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىمۇ رازى بولمىدى. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب تونۇش يېتەرلىك بولمىدى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي ئورنى جەھەتتىكى ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇش چوڭقۇر بولمىدى. بۈگۈنكى كۈندە، بىزدە خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ ساۋاقلىرىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ 20 يىلغا يېقىن ئېلىپ بارغان ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ ئەمەلىي مۇساپىلىرىمۇ بار، بىز تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى توپلىدۇق، ئەمدى بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشىمىزنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا توغرىلاپ، دېڭ شياۋپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئوي ـ پىكرىنى ھەقىقىي ھالدا چۈشىنىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي يوسۇندا گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم.

## 1. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت — سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىسىدۇر

ماركسىزمنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، سوتسىيالىزم ھەم يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ماددىي مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇشى، ھەم كاپىتالىزم بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇشى لازىم. يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىككى مەدەنىيەت بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولالايدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ، سوتسىيالىزممۇ ئاخىرقى ھېسابتا كاپىتالىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ. ئەگەر پەقەت ماددىي مەدەنىيەتلا بولۇپ، يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەت بولمىسا، ئۇ ھالدا، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ماددىي مەدەنىيەت ھازىرقى دۇنيادا تەرەققىي قىلغان بىر قانچە كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئاللىقاچان بارلىققا كېلىپ بولغان. بىر مەدەنىيەت سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرى، پەقەت ئىككى مەدەنىيەت بولغاندىلا، ئاندىن

سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان شەرتلەر تولۇق ھازىرلانغان بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس دېگەن، ئەمما باي بولۇشنىڭ ئۆزى سوتسىيالىزم بولىدۇ دېگەن گەپنى قىلمىغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى ئۈستىدە توختالغىنىدا، ھەمىشە مەسىلىلەرنى ئىككى مەدەنىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. بەزى نەزەرىيىچىلەر ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىدىن چەتلەپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىزچىل ئىدىيىسىنى ئېتىبارغا ئالماي، پەقەت ئۇنىڭ سوتسىيالىزمدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن بەزى سۆزلىرىگىلا ئېسىلىۋېلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى پەقەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىلا تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىزچىل ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر تەرەپلىملىك كۆز قاراشتۇر. دېڭ شياۋپىڭ: «بىز سوتسىيالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كاپىتالىزمدىنمۇ تېزرەك راۋاجلاندۇرالايدىغان شارائىتقا ئىگە بولغانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى كاپىتالىزم تۈزۈمى ۋە باشقا ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى مۇقەررەر پەيدا قىلىدىغان خىلمۇ- خىل ئاچكۆزلۈك، چىرىكلىك ۋە ئادالەتسىزلىك ھادىسىلىرىنى تۈگىتىشتە سوتسىيالىزمنىڭلا قادىر ئىكەنلىكىنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتىمىز» ① دېگەن. بىزنىڭ سوتسىيالىزمنى تاللىۋېلىشىمىزمۇ پەقەت سوتسىيالىزم بولغاندىلا، ئاندىن ئىككى مەدەنىيەت بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر، دېڭ شياۋپىڭمۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى ئىزچىل تۈردە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى يۈكسەكلىكى جەھەتتىن بايان قىلىپ كەلدى.

سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشىدىكى سەۋەب، تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىدۇر، يەنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى تەرەققىياتى بىلەن كاپىتالىستىك خۇسۇسىي ئۆزلەشتۈرۈش تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ مۇرەسسەسىز دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىزم خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ زىددىيەتنى تۈپ ئاساسىدىن يوقىتالىغانلىقى ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كەڭ يول ئېچىپ بېرەلەيدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ تۈپ ئاساسى ئەنە شۇنىڭدىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى پرولېتارىيات پارتىيىلىرى ماركسىزم نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقىتىپ، سىياسىي جەھەتتە باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇردى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئورتاق بېيىش نىشانىدا چىڭ تۇردى؛ سوتسىيالىستىك كوللېكتىۋىزملىق ئەخلاق قارىشى بىلەن قىممەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىك رولىمۇ جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، ئەخلاق ۋە ئىنتىزامنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە شۇلار ئارقىلىق كاپىتالىزم ۋە بارلىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىدە مۇقەررەر يۈسۈندا بارلىققا كېلىدىغان ئاچكۆزلۈك، چىرىكلىك، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئۆچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق رەزىل ھادىسىلەرنى تۈگىتىشكە پايدىلىق بولىدۇ. بۇمۇ ئوخشاشلا سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىسى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ مۇھىم تەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ

سەۋىيىسى تارىخىي ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تېخى ناھايىتى يۈكسەك سەۋىيىگە يېتەلمىگەن ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھىيىتى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ، بۇ جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق بولىدۇ، بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە ئوخشاش سوتسىيالىستىك دۆلەتمۇ ئاساسەن سوتسىيالىزمنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى «ئۈستۈنلۈكى» گە تايىنىپ تۇرۇپ كاپىتالىزم بىلەن سىنىشىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى مۇستەھكەملەيدۇ، راۋاجلاندۇرىدۇ. مانا بۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى بولۇپ، كاپىتالىزمدا بۇنداق ئارتۇقچىلىق بولمايدۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر شەرھلىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سوتسىيالىستىك ئىگىلىك — ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك، ئىشلەپچىقىرىش ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى ئەمەس، خەلقنىڭ ماددىي، مەدەنىي ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بولغاچقا، خەلقىمىز ئورتاق سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي غايىگە، ئورتاق ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئىگە بولالىدى. ئاشۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. كاپىتالىزم ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ مىليونېرلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى پايدىسىدىن خالىي بولالمايدۇ، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە بۇلاڭ-تالاڭدىن خالىي بولالمايدۇ، ئىقتىسادىي كرىزىستىن خالىي بولالمايدۇ، ئورتاق غايە ۋە ئەخلاقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمەيدۇ، ھەر خىل چېكىدىن ئاشقان ئېغىر جىنايەت، چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ». ② بىزنىڭ پارتىيىمىزمۇ دەل سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەر ھالدا كاپىتالىزمنىڭكىدىنمۇ يۈكسەك بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاشۇ ئىلمىي تونۇشقا ئاساسەن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى دېگەن قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسىدۇر. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتمۇ باشقا ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئوخشاش، مۇئەييەن ئىقتىساد، سىياسىي ۋە ئىدىيە، مەدەنىيەتتىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدىيە بىلەن مەدەنىيەت ھەم جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادى ۋە سىياسىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ھەم مۇئەييەن ئىقتىساد ۋە سىياسىيغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈمىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، يەنى مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئېنىق ھالدا سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنى ماددىي مەدەنىيەت ھەم دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇش بىلەن بىرلىكتە ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ نىشانى ۋە پروگراممىسى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشمۇ پارتىيىمىزنىڭ تۇنجى ئىجادىيىتىدۇر.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى قىلىش — بىر خىل مۇقەررەرلىكنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ، لېكىن بۇنداق مۇقەررەرلىك ھەرگىزمۇ رېئاللىقنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنە كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق تۈردە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ

مەنۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن هارماي - تالماي ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تايانغاندىلا، ئاندىن رېئاللىققا ئايلىنالايدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىلغان ئىجادىي پىكىر بولمىغاچقا، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە بىر قول يۇمشاق، بىر قول قاتتىق بولۇشتەك بىر تەرەپلىمىلىك ئەھۋال ساقلانماقتا، تەجرىبىلىرىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە كۈچنى توپلاپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەھەتتە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىدىيىۋى مەسىلىلەر بىلەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا ئىدىيىۋى تەييارلىقنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، شۇنىڭدەك ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكى بەزى كۈچلەرنىڭ قارشىلاشقانلىقى سەۋەبىدىن، سوتسىيالىستىك مەنۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى زور دەرىجىدە ئاقساپ قېلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر يەتتى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەلدى، لېكىن كاپىتالىزمنىڭ ۋە فېئودالىزمنىڭ قالدۇق زەھەرلىرى ئىمكانىيەت دائىرىسىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە تۈگىتىلگىنى يوق، هەتتا ئازادلىقتىن كېيىن ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن بەزى يامان ئىشلارمۇ قايتىدىن باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ئەمدى بۇنداق ئەھۋالنى بەلنى چىڭ باغلاپ تېز ئۆزگەرتمەيدىغان بولساق، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى قانداقمۇ ئەتراپلىق جارى قىلدۇرالايمىز؟» ③ سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىگە، سوتسىيالىزمنىڭ ئابرۇيىغا ۋە ئىستىقبالىغا بېرىپ تاقىلىدىغان بۇ مەسىلىلەرنى ئەمدى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ هەل قىلمىساق بولامدۇ؟

## 2. يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەنۋى مەدەنىيەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ نىشانىدۇر

دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، بىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرۈش بىلەن بىللە، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە سىياسىي تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىپ هەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە مۇكەممەل سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. بىز يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش بىلەن بىللە، پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالىيجاناپ، مەزمۇنغا باي مەدەنىي تۇرمۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم» ④. دېڭ شياۋپىڭ بۇ يەردە مەنۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ خاراكتېرلىك بىر ستراتېگىيىلىك نىشانى سۈپىتىدە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

سوتسىيالىستىك مەنۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان كىچىك ئىش ئەمەس، شۇنداقلا مەسىلە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاندىن بىر ئاز تۇتۇپ قويسىلا بولىدىغان «ۋاقىتلىق ۋەزىپە»مۇ ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي خاراكتېرلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە تۈپ خاراكتېرلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە، ئۇنىڭ قانداق ئەھۋالدا بولۇشى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشىغا بىۋاستە

مۇناسىۋەتلىك.

بىرىنچىدىن، يۇكسەك دەرىجىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ بىر توپ نىشانى ۋە توپ ۋەزىپىسى. پارتىيىمىزنىڭ 13-، 14- قۇرۇلتايلىرىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىق ئەمەلىيىتى ئاساس قىلىنىپ، پارتىيىنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىكى كۈرەش نىشانى قىسقىچە هالدا مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك ۋە مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت دەپ ئىخچاملاندى. دېمەك، بىز قوغلىشىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانى ئىقتىساد، سىياسىي ۋە ئىدىيە - مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىدىن ئىبارەت. ماددىي مەدەنىيەت، دېموكراتىك سىياسىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ نىشان بىرى كەم بولسا بولمايدىغان بىرگەۋدە بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا باغلىنىدۇ ۋە بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەگەر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت كەم بولۇپ قالسا، ئۇ هالدا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. بەزىلەر، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى «يۇمشاق» ۋەزىپە، دەپ قارىماقتا. ئەمەلىيەتتە ئۇ هەرگىزمۇ «يۇمشاق» ۋەزىپە ئەمەس، بىراز «يۇمشاق» بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى «يۇمشاق» بولۇپ قالسا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىناسىنىڭ بىر تۈۋرۈكى كەم بولۇپ قالىدۇ - دە، بۇ بىنا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «يۇمشاق» بولۇپ قالسا، سوتسىيالىزمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بەزىلەر، ماددىي مەدەنىيەت ياخشى بەرپا قىلىنسا، مەنىۋى مەدەنىيەت تەبىئىي هالدا ئۆزلۈكىدىن يۇكسىلىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ، ئەمەلىيەتتە بىر خىل «ئورنىنى بېسىش»، «بىكار قىلىش» سەپسەتىسىدۇر.

ئەگەر مۇشۇ سەپسەتە بويىچە بولىدىغان بولسا، ئۇ هالدا، كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، يۇكسەك دەرىجىدىكى ماددىي مەدەنىيەت بار بولغاندىن كېيىن، «تەبىئىي هالدا» يۇكسەك دەرىجىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن بولۇشى كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان قۇرۇق خىيالدۇر، ئەگەر بۇ كۆز قاراش توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇهالدا «بىر قول يۇمشاق بولۇش، يەنە بىر قول قاتتىق بولۇش» دېگەن مەسىلىمۇ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى. چۈنكى، «يۇمشاق» تەبىئىي هالدا «قاتتىق»قا ئايلانغان بولاتتى. تەبىئىكى، ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىش بولمايدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ماددىي مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە، پەقەت ئاشۇ قانۇنىيەتكە ئاساسلىنىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، هارماي - تالماي ئىش كۆرگەندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى مۇستەهكەملىگىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ «تەبىئىي هالدا» نۇقتىئىنەزەرى خاتا هەم زىيانلىق، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە هازىرقى ئەڭ جىددىي ئىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئالدى بىلەن «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش» تىن ئىبارەت. شۇڭا مەنىۋى مەدەنىيەتنى هازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، باي بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئېلىپ بېرىش كېرەك دەيدىغان «كېچىكتۈرۈپ قۇرۇش» نۇقتىئىنەزەرىمۇ ئېقىپ يۈرمەكتە. بۇ نۇقتىئىنەزەرمۇ ئەلۋەتتە خاتا، چۈنكى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىۋاستە هالدا كىشىلەرنىڭ ساپاسىغا بېرىپ چېتىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە، قانداق قىلىپ سوتسىيالىزمنى ئومۇميۈزلۈك قۇرغىلى بولىدۇ؟ مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتنى شەرت قىلىدۇ، ئەگەر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېغىر هالدا كېچىكتۈرۈلىدىغان بولسا، مۇقەررەر هالدا سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەتنىڭ

تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىدۇ، پەقەت بۇ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن ئۇلار بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ، بۇ ھەقتە كېيىن يەنە ئايرىم توختىلىمىز، بۇ خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىسىگە بولغان دىئالېكتىكىلىق تونۇشنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى يېگانە قالدۇرىدىغان، ھەتتا ئۇنى باشقا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدىغان بىر خىل مېتافىزىكىلىق ئىدىيىۋى مېتوددۇر. بىز تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئارقىلىق بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئىدىيىۋى مېتوددىن ۋاز كېچىشىمىز لازىم.

ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىر خىل توپ ستراتېگىيىلىك نىشان قىلىش سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، ئەقلىي مەدەت ۋە ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىك بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىر بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر-بىرىنى مەقسەت قىلىدۇ، بىر بىرىنى تىزگىنلەيدۇ ۋە بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ماددىي شەرت-شارائىت ۋە ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولسا، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قارىتا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان تۈرتكىلىك رولى ئاساسەن مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەقلىي جەھەتتىن مەدەت، بىلىم جەھەتتىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە تېزدىن ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشى ئارقىسىدا، پەن-تېخنىكا بارغانسېرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىكى ئەڭ جانلىق ئامىلغا ۋە بىرىنچى ئورۇندىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلانماقتا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى بارغانسېرى زور دەرىجىدە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە باغلىنىپ قالماقتا. مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىق چەكلەش ئامىلى بولۇپ قالماقتا. ئىككىنچى، ئەخلاق قۇرۇلۇشى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ توغرا نىشان بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمىسە، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئەگرى يولغا كىرىپ قالىدۇ». ⑤ ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كەيپىيات يامانلىشىپ كېتىۋەرسە، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟ بۇنداقتا باشقا بىر تەرەپتىن ئاينىش يۈز بېرىدۇ-دە، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل ئىقتىسادقا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىمۇ ئاينىش پەيدا قىلىدۇ، بۇ ئەھۋال ئەۋج ئېلىپ كېتىۋەرسە، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، پارىخورلۇق ئەدەپ كەتكەن بىر زېمىن شەكىللىنىدۇ.» ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئادەم ئىشلەيدۇ، قۇرغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنىڭ قانداق

بولۇشى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى خەلق ئاممىسىنىڭ كەڭ تۈردە قاتنىشىشى ھەم ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشى ئارقىلىقلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. مىليونلىغان خەلقنىڭ ئاكتىپلىقىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرگەندىن باشقا، يەنە كۆپلىگەن ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابىي غايە ۋە ئېتىقاد تۇرغۇزۇشىغا، ئۇلارنى ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە قاتتىق ئىنتىزامغا ئىگە قىلىشقا، ئۇلارنىڭ خوجايىنلىق ئورۇندىكى كەسپچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ساپاسى يۇقىرى بولغان ئاشۇنداق مىليونلىغان ئەمگەكچى ۋە تەشكىلاتچى بولىدىغان بولسا، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ باشتىن - ئاخىر سوتسىيالىزمنىڭ توغرا يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ مۇھىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىپ، نۇرغۇن يېڭى ئەھۋالغا، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى، بۇ مەسىلىلەرنى توغرا تونۇش ۋە ھەل قىلىشتا ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمۇ بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى ۋە تەرەققىي قىلىشى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تايىنىدۇ. خەلق ھەقىقىي ھالدا ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھاياتىنى باشقۇرۇش ئىشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، مۇناسىپ ھالدىكى ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت ساپاسىغا، ئىدىيىۋى ئەخلاق ئېڭى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى شەرت. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاشۇ شەرتلەرنى ھازىرلىغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىلىم - پەن، مائارىپتا بىر ئاز قالاقراق بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە فېئوداللىق ئىدىيە بىر قەدەر ئېغىر بولغان ۋە قالاق، تار، مۇتەئەسسىپ بولغان ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىدىيىسى كەڭ تارقالغان، دېموكراتىيە ئېڭى بىلەن قانۇنچىلىق ئىدىيىسى ئاجىز بولغان بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تېخىمۇ جىددىي ئېھتىياجلىق.

تۆتىنچىدىن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇر، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خەلقىمىزنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، دۇنياغا، كېلەچەككە يۈزلىنىپ، ئۆزىنى كۈچەيتىپ، جاسارەت بىلەن ئېلىشىش روھىنى ئۇرغۇتۇشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. بۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ناھايىتى زور كۈچ - قۇدرەت بېغىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشىمۇ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېڭى تەلەپلەرنى قويىدى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ قوللىشى ۋە تىزگىنلىشىگە مۇھتاج

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولدى. بىر تەرەپتىن، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش — ئۇلۇغ بىر ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىدىمۇ نۇرغۇنلىغان يېڭى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلدى. بۇ ھال بىزدىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇشى ۋە يېڭى ئىدىيەلەرنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتنى توغرا تونۇش ۋە ھەل قىلىشقا، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئىدىيىۋى ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا توغرا تونۇش ھاسىل قىلىشقا يېتەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ، ھەق ـ ناھەق كۆز قارىشى، قىممەت كۆز قارىشى ۋە گۈزەللىك كۆز قارىشىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىسلاھات جەريانىدىكى ئىدىيىۋى ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ھالدا دىئالېكتىكىلىق ئاساستا مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. «يېڭى» ۋە «كونا» دېگەنلەر بىز قوبۇل قىلالماقچى بولغان ئۆلچەم ئەمەس، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «كونا» دىن «يېڭى» غا قاراپ ئۆزگىرىش ھامان ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ، لېكىن ئومۇمەن «كونا» بولغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى بولمايدۇ، ئۇنى چۆرۈۋېتىش كېرەك، ئومۇمەن «يېڭى» بولغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى بولىدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىش كېرەك دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ ئۆلچىمىمىز بىر، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قارىتا ئالغا سۈرۈش رولىنى ئوينىغانلىقىغا قارايمىز ۋە شۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ ئىجابىي ياكى سەلبىي نەرسە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزغا قارىتا ھەقىقىي تۈردە ئىجابىي رول ئوينىغان ئىدىيەلەرنىڭ كەڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە ئۇنى يۆلەپ جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ كەڭ تارقىلىدىغان ئىدىيىگە ئايلاندۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش بەزى سەلبىي ھادىسىلەرنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاشۇ سەلبىي ھادىسىلەرنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ ساغلام، چوڭقۇر راۋاجلىنىشىدا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، سىرتتىن كەلگەن تەسىرنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزى سەلبىي ئامىللارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئاللىقاچان يوقىلىپ بولغان بەزى ئىجتىمائىي رەزىللىكلەر يەنە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ يامراشقا باشلىدى، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى بارلىققا كەلدى، ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىمۇ كىشىنى قاتتىق غەمگە سالىدۇ. بۇ مەسىلىلەرمۇ ئوخشاشلا ئىسلاھاتقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان سەلبىي ۋە بۇزغۇنچى ئامىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش جەريانىدا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭ ئىشلار قاتارىدا تۇتۇپ، ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتتىكى ساغلام بولمىغان ھادىسىلەرنى تۈگىتىشىمىز لازىم، ئەگەر بىز بۇ مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تۈزەتمەي، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، بۇ ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە چىرىتىپ، پارتىيىنىڭ ئورگانىزمىنى چىرىتىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتنىمۇ دەپىن قىلىۋېتىدۇ.

بەشىنچىدىن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ مۇھىم كاپالىتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزنىڭ باش فاكچېنىمىز تەرەققىيات، ئىسلاھات ۋە مۇقىملىق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. تەرەققىيات — نىشانىمىزدۇر، ئىسلاھات — ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر، مۇقىملىق بولسا — تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئىجتىمائىي ئالدىنقى شەرتىدۇر. بىزنىڭ تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتىمىز جەمئىيەتنىڭ

مۇقىملىقىنى، تىنچ - ئىتتىپاقلىقىنى ئالدىنقى شەرت ۋە ئاساس قىلىدۇ. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ھازىر مۇقىمسىزلىقنىڭ ئامىللىرى مەۋجۇت، مەسىلەن، پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرى ئارىسىدىكى چىرىكلىك ئىستىلى، جەمئىيەتتىكى زوراۋانلىق ئىشلىرى ۋە خەتەرلىك ھادىسىلەر، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا كىرىم جەھەتتىكى پەرقىنىڭ ئالاھىدە چوڭ بولۇشى ۋە تەقسىماتتىكى ئادالەتسىزلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قارىمۇ قارشىلىق روھىي ھالىتى ۋە ھەرىكەتتىكى كونتروللىسىزلىق، ئاققۇنلارنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىل، سېرىق، غۇۋا كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ۋە ياڭراتقۇ بۇيۇملىرىنىڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىشى قاتارلىقلار. قىسقىسى، بىز بۇنىڭغا قاراپ تۇرماسلىقىمىز لازىم. جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تىنچلىقى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىدۇر. جەمئىيەتتىكى ھەر خىل تىنچسىز ئامىللارغا دۇچ كېلىۋاتقان شارائىتتا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى تەڭ تۇتۇش لازىم: بىرىنچى، جەمئىيەتكە قارشى كۈچلەرگە زەربە بېرىش، جەمئىيەتكە قارشى ھەرىكەتلەرنى تازىلاش، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش، دىكتاتۇرا ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش لازىم، بۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دائىمىي خاراكتېرلىك مۇداپىئەلىنىش بىلەن زەربە بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش تەدبىرىنى مەلۇم مەزگىللىك «قاتتىق زەربە بېرىش» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش جىنايى ھادىسىلەرنى توسۇش ۋە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئىككىنچى، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بەزى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش ۋە شۇ ئارقىلىق جىنايى ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى ئازايتىش لازىم. بۇمۇ بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك بولغان تۈپ ۋەزىپە، ئەلۋەتتە. لېكىن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خېلى ئۇزاق جەريان كېرەك، شۇڭا مەسىلىلەرنى ئىقتىساد راۋاجلانغاندا ھەل قىلىمىز دەپ كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن سەۋىيىسىنى، قانۇنچىلىق ئېڭىنى، ئىدىيىۋى ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىز، مەدەنىيەتلىك ئىدىيە، مەدەنىيەتلىك ئىستىل، مەدەنىيەتلىك ھەرىكەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. ئادەملەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئىدىيىۋى ئەخلاق ھالىتىمۇ ياخشىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىقنى، كىشىلەر بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىقنى پەسەيتكىلى بولىدۇ، زىددىيەت تۇغۇلسا، ئۇنى كېڭەيتىۋەتمەي، ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىشىمىز لازىم. ئەلۋەتتە، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش — ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولسا ئۇنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى.

## 3. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش لازىم

مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى كۆپ، چېتىلىدىغان مەسىلىلىرىمۇ نۇرغۇن، بۇ يەردە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا ئالاقىدار بولغان ئومۇمىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىش ئەسلىدە ئىنتايىن ئېنىق مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ھازىر يەنە قاتتىق تەكىتلەشكە ۋە تەدبىر قوللىنىپ كاپالەتلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنى مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش لازىملىقىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى، شۇنداق بولغاندا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ «ھەقىقىي ئۈستۈنلۈك»[6] كە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

www.uyghurkitap.com

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى لايىھەسى توغرىسىدىكى قارارى» دىمۇ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تۈپ ئاساسى دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇڭا بىز «ماركسىزم ۋە سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم ئاساسىدىكى تەشۋىقاتنىڭ، بولۇپمۇ چوڭ - چوڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ۋە پرىنسىپال مەسىلىلەردىكى بارلىق توغرا نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ئىدىيە ساھەسىدە ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشىمىز» كېرەك.⑦ ئەگەر بۇنداق بولمايدىغان بولسا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى ۋە توغرا نىشانىنى يوقىتىپ قويۇپ، خاتا يولغا كىرىپ قالىدۇ.

ماركسىزمنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، تۈپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇنى ئۇنىڭ ئىنقىلابىيلىق ۋە ئىلمىيلىك ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. ماركسىزم ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيە بولۇپ، ئۇ تەبىئەت، ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە كىشىلەر تەپەككۇرىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى، بولۇپمۇ پرولېتارىيات ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ، جۈملىدىن پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ۋە كوممۇنىزمغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئۇ پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىشتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسىدۇر. شۇڭا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، جۈملىدىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىش يەنىلا قوللىنىشقا بولىدىغان ھەقىقەتتۇر. ماركسىزمنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكچىلىك رولى ئاساسەن شۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇكى، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە نەزەرىيە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ، قوماندانلىق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلغاندا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا ئاندىن توغرا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماركسىزم يەنە قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىيات نىشانىنىمۇ بەلگىلەيدۇ، بىر تەرەپتىن، ئۇ ئىجتىمائىي پەنلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ توغرا نىشان بويىچە ساغلام مەزمۇن ۋە جانلىق، ئېتىك شەكىللەر بىلەن خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ تەبىئىي پەنلەر، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىقلارغىمۇ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىيەت بويىچە تەرەققىي قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىلمىي بولغان ئىدىيىۋى ئۇسۇل ۋە خىزمەت ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇكى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي نۇقتىسى سوتسىيالىستىك بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ تۈپ نېگىزى كەڭ خەلقنى كوممۇنىستىك غايىگە ئىگە، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق قىلىشتىن ئىبارەت.⑧ ئۇ ھالدا، ئۇلارنى نېمە بىلەن تەربىيىلەش كېرەك؟ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، پەيدىنپەي كوممۇنىزملىق غايە تىكلەش، سوتسىيالىستىك كوللېكتىۋىزملىق قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىنى تىكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ فېئوداللىزم ۋە كاپىتالىزمنىڭ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە راھەتپەرەسلىك قاتارلىق چىرىك ئىدىيىۋى كۆز قاراشلىرىنى تونۇشىغا ۋە تۈگىتىشىگە ياردەم بېرىشىمىز لازىم. بۇ بىر ئەۋلاد ھەتتا نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە، شۇنداقلا بىزنىڭ سوتسىيالىستىك نىشانىمىزغا ۋە كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىگە ھەم بۇ غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ئادەملەرنىڭ بار - يوقلۇقىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە. ئەگەر ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرساق،

دۆلىتىمىز باي، قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىمۇ باياشات بولىدۇ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر راھەت - پاراغەت ئۈچۈنلا ياشايدىغان بولۇپ قالسا، سوتسىيالىزم چېكىگە يەتتى دەپ قاراپ، كوممۇنىزمنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىن ئېغىز ئېچىشقا بولامدۇ؟

مەيلى بىرەر شەخس بولسۇن، مەيلى بىرەر دۆلەت ياكى مىللەت بولسۇن، ھەممىسىدە بىر مەنىۋى تۈۋرۈك مەسىلىسى مەۋجۇت، مەنىۋى تۈۋرۈك بولمىسا، تەندە جان بولمايدۇ، ئادەم يىقىلىپ چۈشىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشلەر بىزنى بۇ جەھەتتىكى ساۋاقلار بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنداقتا، ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە تۇرۇۋاتقان جۇڭخۇا مىللەتلىرى، نەچچە ئون يىل سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللانغان جۇڭگو خەلقى ئۆز مىللىتىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىنى قەيەردىن تېپىشى كېرەك؟ ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشى، مۇشۇنداق بىر مەنىۋى تۈۋرۈكتە داۋاملىق چىڭ تۇرۇشى كېرەكمۇ ياكى ماركسىزمدىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر مەنىۋى تۈۋرۈك تېپىشى كېرەكمۇ؟ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى شۈبھىسىزكى، مۇشۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. غەربتىكى سوتسىيالىزمغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشى ئارقىسىدا، بەزىلەردە ئاتالمىش «ئىككى ئېتىقاد» كرىزىسى (ماركسىزم - لېنىنىزمغا بولغان ئېتىقاد ۋە سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادقا قارىتا پەيدا بولغان كرىزىس) پەيدا بولدى. ئۇلار ماركسىزم ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى دەپ قاراپ، غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ نەزەرىيە ئىسكىلاتىدىن مەنىۋى تۈۋرۈك ئىزدەشكە كىرىشتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش جەريانىدا پەيدا بولغان بەزى پاسسىپ ۋە چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىدا تۈزىتىلمەيۋاتقانلىقىنى ۋە بارغانسېرى كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ماركسىزمغا بولغان ئېتىقادىنى يوقىتىپ قويدى ۋە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن مەنىۋى تۈۋرۈك ئىزدەشكە كىرىشتى ھەم «فېئوداليزمنىڭ جەۋھەرلىرى» ئارقىلىق «كاپىتالىزمنىڭ داشقاللىرى» نى تۈگەتمەكچى بولدى. بۇنىڭغا قارىتا بىزنىڭ كاللىمىز سەگەك، پوزىتسىيىمىز ئېنىق، بايرىقىمىز روشەن بولۇشى لازىم.

چوڭ مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ ھازىرقى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسلىق نەرسە ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ماركسىزم، ئىككىنچىسى شەرق ۋە غەربتىن، بولۇپمۇ غەربتىن كەلگەن ۋە پەن - تېخنىكا باشقۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى، ئۈچىنچىسى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىۋاتقان نەرسە ئاساسلىقى ئاشۇ ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پاسسىپ تەسىرلەرنى ياكى ئاساسلىقى پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىۋاتقان چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنى بۇ قاتارغا قوشقىلى بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئاشۇ ئۈچ چوڭ مەدەنىيەتنىڭ ھەمكارلىقىغا مۇھتاج، بۇ ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت ھەمكارلىشىپ، بىر بىرىنى تولۇقلىشى كېرەككى، بىر بىرىنى چەتكە قېقىپ قارشىلاشماسلىقى كېرەك، لېكىن بۇ ئېتىقادنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدىكى ئورنى ۋە رولى ئوخشاش ئەمەس، مۇھىم نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى مۇھىم بولمىغان نەرسىلەر ئىگىلىۋالسا بولمايدۇ، جۇڭگودا پەقەت ماركسىزملا باش قوماندان ۋە جان ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ نوپۇزلۇق يېتەكچىلىك ئورنىنى تەۋرىتىشكە بولمايدۇ. ئۇ مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى. چۈنكى پەقەت ئاشۇلا بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىمىزنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. چەتتىن كەلگەن ئىلغار پەن - تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى، نەزەرىيىلەر بىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەر بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا تايانچلىق رول ئوينايدۇ، شۇڭا بىز ئۇلارنى پائال تۈردە قوبۇل قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئۇلاردىن ئۆزىمىز ئۈچۈن پايدىلىنىشىمىز لازىم. بۇنىڭدا مەسىلە يوق، بىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنىڭ بىر مەزمۇنىمۇ ئاشۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت، بۇ مەدەنىيەت بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن ئۇ

www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھەرلىرىمۇ ئاز ئەمەس، ئۇنى ئۆزگەرتسەك، قوبۇل قىلساق، جارى قىلدۇرساق ئۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئاساسەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشى، كۇڭزىچىلار نەزەرىيىسىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك خاھىشى ۋە مول ساددا ماتېرىيالىزم بىلەن ساددا دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىلەرگە قارىتىلغان. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت (جۇڭگونىڭ كۇڭزىچىلار مەدەنىيىتى) تىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار روشەن ھالدا فېئوداللىق، پاترىئارخاللىق، مۇستەبىتلىك، مۇتەئەسسىپلىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ماھىيەتتە ئۇ فېئودال مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىكى بىرمۇنچە نەرسىلەر دېموكراتىيىگە، ئىلىم ـ پەنگە، تەرەققىياتقا قارشى بولۇپ، ماھىيەتتە، ئۇنى ھازىرقى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى نەزەرىيىچىلەر كىتاب ۋە ماقالىلەرنى يېزىپ، ياپونىيە، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەر كۇڭزىچىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە تايىنىپ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بۇنى بىزمۇ ئەينەك قىلىشىمىز كېرەك دەپ تەشۋىق قىلىشتى. بۇ تولىمۇ كىشىنىڭ گۇمانىنى قوزغايدۇ، ياپونىيە، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرغىنى كاپىتالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش، يولغا قويغىنى غەرب كاپىتالىزمىنىڭ قىممەت قارىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار غەربنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلدى، ئۇلار ھەرگىزمۇ جۇڭگودىن كىرگۈزگەن كۇڭزىچىلار مەدەنىيىتىگە تايىنىپ تۇرۇپ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان ئەمەس، ئۇلار كاپىتالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ۋە ئەخلاقىي تۇرمۇش ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىققان، شۇندىلا ئۇلار جۇڭگو كۇڭزىچىلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تاللىغان ئاساستا تەشەببۇس قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر ئاز پەسەيتتى. بۇ مەسىلىنى ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەندىلا ئاندىن ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ، جۇڭگونىڭ يولغا قويغىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدا پەقەت ماركسىزمنىلا ئاساس قىلغان ھالدا، ئۆزىمىز ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق پەن ـ تېخنىكىلارنى قوبۇل قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى پايدىلىق تەركىبلەرنى تاللىغان ئاساستا قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، بىز ماركسىزم يېتەكچىلىكىدىكى «ئۈچنى بىرلەشتۇرۇش» ۋە «چوڭ بىرلىشىش»تە چىڭ تۇرۇپ، ھەم ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى قوغدىشىمىز، ھەم پايدىلىق بولغانلىكى بارلىق مەدەنىيەت قاراشلىرىنى چەتكە قاقماسلىقىمىز لازىم.

قىسقىسى، بىزنىڭ خۇلاسىمىز مۇنداق: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ماددىي مەدەنىيەت بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن سوتسىيالىزمدۇر. بىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىمىز پەقەت ماركسىزم يېتەكچىلىكىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتتۇر.

## ئىزاھلار:

①③⑤⑥⑦⑧ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3ـ توم، ئۇيغۇرچە 292ـ، 292ـ، 292ـ، 293 ـ، 94 ـ، 53 ـ بەتلەر.

②④ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 2ـ توم، ئۇيغۇرچە 360ـ، 309ـ بەتلەر.

(«نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1996 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى). قەييۇم قۇربان تەرجىمىسى

# ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىقىنىڭ پېشىۋاسى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات تېمىلىرى توغرىسىدا

## — ئاتاقلىق ئالىم، پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ ئىككى يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

قەييۇم قۇربان*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئالىم، پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى تارىخى، غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى تارىخى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنىۋى ئىللەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرگە مۇجەسسەملەشكەنلىكى قىسقىچە بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ بەزى يېڭى نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلىرى تېزىس شەكلىدە ئىزھار قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文指出阿布都秀库尔·穆罕默德伊明教授研究维吾尔文化的主要选题集中在维吾尔哲学思想史、维吾尔古典文学史、维吾尔木卡姆艺术史、西域石窟艺术史等,同时提供纲式地列举了他的某些新的理论观点。

**Abstract**: The article not only points out the major selected subjects on the study of Uighur Culture, taken by professor Abduxukur Muhammadimin, are centered on the History of Philosophical Thought, the Uighur History of Classical Literature ,the Uighur History of the Mukam Art and the Grotto Art History of the Western Region, but also lists his new theoritocal views in the form of outline.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق ئالىمى، يېتىلگەن مائارىپچى، تالانتلىق ئەدىب، ئىستېداتلىق پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1995 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋاپات بولغانىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، «شىنجاڭ مائارىپى» گېزىتىنىڭ 1996 ـ يىل 9 ـ يانۋار كۈندىكى ساندا مېنىڭ «ئىلىم ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغان قىران بۈركۈت» ناملىق ماقالەم ۋە «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1996 ـ

---

• قەييۇم قۇربان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى

يىللىق 1 - ساندا كۆرەش مەھمۇتجان بىلەن شېرىن قۇربانىنىڭ «غايە — ئىزدىنىش — مۇۋەپپەقىيەت» ناملىق زور ھەجىملىق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىقى جەھەتتىكى ئۆچمەس تۆھپىلىرى تونۇشتۇرۇلغاندى.

ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا ئۆرلەپ، ئاجايىپ زور كارامەت كۆرسىتىۋاتقان بۇ قەيسەر ئەزىمەتتىن ئايرىلىپ قالغىنىمىزغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ ئىككى يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن، بۇ ماقالىمىزدە ئۇنىڭ تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۈستىدە نۇقتىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمىز.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە مول مەھسۇلات يارىتىپ، ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان داڭلىق تەتقىقاتچى. ئۇ باشلىغان ئىلمىي تەتقىقات ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ ئۇنتۇلۇپ، كۆمۈلۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان ۋە شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ غول بىر تارمىقى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن ئىبارەت بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ تېخى تولۇق ئېچىلمىغان بىر خەزىنە ئىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى مەدەنىيەت بايلىقىنى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى تارىخىدا تۇتقان نەمۇنىلىك، يادرولۇق ئورنىنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرىنى ئەمەلىي پاكىت ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىشنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ نىشانى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى قىلدى. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، بارلىق ۋاقتىنى تىنىم تاپماي ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، پىكىر قىلىش، يېزىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۆزگىچە شەكىللەنگەن كۈچلۈك خاراكتېرى، ھارماي - تالماي تىرىشىپ ئۆگىنىش روھى، مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا بارلىقىنى بېغىشلاشتەك پىداكارانە خىسلىتى ۋە ئۆتكۈر زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇنى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىدىكى زور بىر تۈركۈم ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى ئۇنىڭ «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1956 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» (خەنزۇچە تەرجىمىسى شۇ ژۇرنالنىڭ خەنزۇچە 4- سانىغا بېسىلغان) دېگەن تۇنجى ئىلمىي ماقالىسى بىلەن باشلاندى. 23 ياشلىق مۇئەللىپنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ياشىغان دەۋرى، كۆز قاراشلىرى ۋە تارىخىي تۆھپىلىرى بايان قىلىنغان بۇ ئىلمىي ماقالىسى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدىكى چارەك ئەسىر ئىلگىرى باشلانغان تەتقىقاتنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى بولۇپ قالغانىدى. بىراق، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىنى باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەينى چاغدىكى بوران - چاپقۇنلۇق سىياسىي ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئەسەر ئېلان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. پەقەت 1980-يىلدىن باشلاپلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەرقايسى نەشرىيات ۋە گېزىت ژۇرناللاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ قىسقىغىنە مۇساپىسىدە 30 پارچىغا يېقىن كىتاب، 200 پارچىدىن ئارتۇق

ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ماقالە، 50 پارچىگە يېقىن نەسىر، 2000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئىككى كىنو سىنارىيىسى يېزىپ ئېلان قىلدى. باشقا تىللاردىن سەككىز پارچە كىتاب ۋە نەچچە ئونلىغان شېئىرلارنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى تۈرلۈك ماقالىلەر توپلاملىرىغا تاللاپ كىرگۈزۈلدى، 35 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ۋە ئۈچ پارچە كىتابى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى؛ ئۇنىڭ يەنە بىرمۇنچە ئەسەرلىرى ياپون، ئۆزبېك، قىرغىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياپونىيە، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىندى؛ ئىككى پارچە كىتابى ۋە بىرقانچە ئىلمىي ماقالىسى مۇكاپاتلاندى. ئەپسۇسكى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت-ئىمىن «تۇران تارىخى» ناملىق توققۇز توملۇق ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى توملىرىنى يېزىپ تاماملىغان بولسىمۇ، قالغان توملىرىنى پۈتتۈرەلمەي قالدى؛ «فارابى» ناملىق رومانى بىلەن «ئانالىتىك پوئېتىكا» ناملىق كىتابىنى يېزىپ يېرىملاشتۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرلاشتۇرالمىدى؛ «بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئاياللار تەسۋىرى مەسىلىسى توغرىسىدا»، «سېكتايلارنىڭ مىتالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى توغرىسىدا»، «ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «يىپەك يولىدىكى يېڭى ئويلىنىش»، «مىرزا ئۇلۇغبېك» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى يېزىلىپ تاماملانغان بولسىمۇ، ئېلان قىلىنىشقا ئۈلگۈرەلمەي ئورگىنال پېتى قېپقالدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇ ئاساسەن پەلسەپە، ئېستېتىكا، تىل، ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ، جەمئىيەتشۇناسلىق، تۈركولوگىيە، ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، جۇغراپىيە، دىن، مائارىپ، ئېتىكا، فولكلور، تىبابەتچىلىك قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنى ئۇنىڭ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى بەش تۈرگە يىغىنچاقلاپ كۆرسەتمەكچىمىز.

## 1. ئۇيغۇر پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقات

ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۆتمۈشنى روشەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىر زامان ئىزچىللىقى ئۇقۇمىدۇر. مۇشۇ ئۇقۇم بويىچە قارىغاندا، دۇنيادا ھەقىقىي مەنىدىكى «ئۆلگەن مىللەت» (ئېتنىك گەۋدە) ۋە «يوقالغان مەدەنىيەت» مەۋجۇت ئەمەس. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىلگىرى كىشىلەر تەرىپىدىن «كۆمۈلگەن»، «يوقالغان» دەپ قارىلىپ كەلگەن ئاشۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىنسانلار تۈركۈمى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىنىڭ يىراق مەنبەلىرىدىن تاكى يېقىنقى زامان نامايەندىلىرىگىچە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئۇيغۇر پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىدىن ئىبارەت بۇ بىر مۇھىم نۇقتىنى تېپىپ چىقتى. ئۇ ئەبۇ ناسىر فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەلشىر ناۋائى قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك مەشھۇر پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىلىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ، «ئۇيغۇر پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقات تېزىسلىرى» (ئامانۇللا ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ

يازغان)، «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ھەققىدە»، «ئەلشىرناۋائىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنىڭ پۈتۈن تەرەققىيات جەريانىنى يورۇتۇپ بەردى ۋە نوقۇل ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋر بىلەن چەكلەپ قويۇلغان ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنىڭ باشلىنىشىنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي كىشىلىك قاراشلىرى دەۋرىگىچە سۈردى. ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېلى زور تەسىر قوزغىدى. بۇنىڭدا ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل بىلىش تارىخىدا، پەن ـ مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر فارابىنى تەتقىق قىلىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلدى. چۈنكى، فارابى توغرىسىدىكى تەتقىقات جۇڭگودىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىنى روشەنلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى فارابى ھەققىدە ئېلان قىلغان بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلىرى ئاساسىدا «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، فارابىنىڭ ياشىغان دەۋرى، ئىلمىي پائالىيەتلىرى، پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى، بۇ تەلىماتلارنىڭ مەنبەلىرى، فارابىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرى، فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە تارىخىي تەقدىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ فارابىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىدىكى تارقاق ئىدىيىلىرىنى بىر بىرىگە ئۇگە ـ ئۇگىلىرى بىلەن كىرىشتۈرۈپ، ئۇنى بىر يىلتىزدىن شاخلانغان بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىگە كەلتۈردى ھەم فارابىنىڭ پائالىيەتلىرى، پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ۋە ئىلمىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئومۇمەن، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى تارىخىنى، بولۇپمۇ ماتېرىيالىستىك خاھىشتىكى پىكىر ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش تارىخىنى، ئۇنىڭ مۇرەككەپ تارىخىي مۇھىت ئىچىدىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش ۋە روشەنلەشتۈرۈشتىكى غايەت زور ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا، ئۇنىڭ فارابى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى دۆلىتىمىزدە مۇشۇ تېما بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتنىڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى بولدى دېيىشكە بولىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يەنە پەلسەپىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئېستېتىكا ساھەسىدىمۇ كەڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دېگەن يىرىك كىتابلارنى ۋە بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە ئېستېتىكا نەزەرىيىسىنى گۈزەللىك نەزەرىيىسى، ئېستېتىكىلىق ئۇقۇم نەزەرىيىسى، سەنئەت گۈزەللىكى نەزەرىيىسى، ئېستېتىكا كاتېگورىيىلىرى نەزەرىيىسى، ئېستېتىكىلىق تەربىيە نەزەرىيىسى، ئېستېتىكا تارىخىدىكى ھەرقايسى مەزھەپ ـ ئېقىملارنىڭ ئېستېتىكا نەزەرىيىلىرى قاتارلىق نۇقتىلار بويىچە بايان قىلىپ، بىر پۈتۈن ئېستېتىكا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى ھەم گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك ھادىسىلىرىنى ئونتولوگىيىلىك گۈزەللىك (ئەسلى گۈزەللىك)، ئېستېتىكىلىق گۈزەللىك (بەدىئىي گۈزەللىك)، ئېستېتىكىلىق تەربىيە،

ئىنسان گۈزەللىكى، مەنىۋى گۈزەللىك، ئىقتىدار گۈزەللىكى، زوق ۋە باھا قاتارلىق قاتلام ۋە تارماقلارغا ئايرىپ، ئۇنى ئۆز سۆپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە كونكرېت شەرھلەپ، قاتلاملىق ئېستېتىكا نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

## 2. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىغا دائىر تەتقىقات

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تارمىقى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدۇر. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى يىپەك يولىدىكى بىباھا بايلىق بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلاملىرىنى، شۇنداقلا شەرق ۋە غەربنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئەنئەنىۋى پىكىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى ئىزچىل ئىپادىلىرىنى يورۇتۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئېقىمىدا، كۆپلىگەن ئۇلۇغ يازغۇچىلار، شائىرلار، دراماتۇرگلار، سەنئەتكارلار ۋە كىشى قەلبىنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدىغان نۇرغۇنلىغان يىرىك ئەدەبىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۈيۈك پەيلاسوپ ۋە شائىر ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد فارابى، داڭلىق تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى، ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى ئەھمەد يەسەۋى، مەشھۇر شائىر ئەھمەد يۈكنەكى، ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ يىرىك نامايەندىسى نەسرىددىن رابغۇزى، ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى ئەلشىر ناۋائى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، ئايازبېك، سەئىدخان، ئامانىساخان، قىدىرخان، ھىرقەتى، خاراباتى، زەلىلى، نۆبىتى، مۇھەممەد سادىق، نىزارى، موللا بىلال ... قاتارلىق ئالىم - ئەدىبلەر يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى ئېلىمىزنىڭ، جۈملىدىن دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدىغان مەشھۇر زاتلاردۇر. «ئوغۇزنامە»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «قىسسەئى رابغۇزى»، «خەزائىنۇل مەئانى»، «خەمسە»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ... قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئەسەرلەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نەمۇنىلىرى ۋە ئىپتىخارىدۇر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە ھەرقايسى ئىلمىي ئېقىملارغا مەنسۇپ بولغان ئاشۇ ئالىم - ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارىنىڭ كۆرۈنەرلىك مەھسۇلى بولغان ئاشۇ بىر قاتار نەسرىي ۋە نەزمە ئەسەرلەرنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا دائىر تەتقىقات تېزىسلىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى دەرسلىكى پروگراممىسى»، «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇم قامۇسى — ‹قۇتادغۇبىلىك›»، «پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق ۋە ئەبەدىي يادىكارلىق»، «يىپەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر — ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئەلشىرناۋائى ۋە سەددى ئىسكەندەر»، «پەرھاد - شېرىن تراگېدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى»، «قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «يىپەك يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى»، «ناۋائى مىراسلىرىنىڭ مەنىۋى قىممىتى»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى — ‹قۇتادغۇبىلىك›» قاتارلىق ئەسەرلەرنى مۇشۇ تېمىغا دائىر يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتىمۇ ئاز بولغان بىر قىسمى ۋەكىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە

بولىدۇ. ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى بۇ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرى، ژانىرلىرى، مەزمۇنلىرى، بەدىئىي شەكىللىرى، ئۇسلۇبى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، تارىخىي ئېقىملىرى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاساسلىق نامايەندىلىرى ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان يېتەكچىلىك ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەردى.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تارىخىدىكى تەڭداشسىز ئەزىمەتلەردىن بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىرناۋائىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساسىي نۇقتا قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئالاھىدە چېلىقارلىق بولدى. ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە ئېلان قىلغان نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە كېيىنكى تەتقىقاتى ئاساسىدا «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى» دېگەن چوڭ تىپتىكى ئەسىرىنى يازدى (بۇ ئەسەر ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشىر قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا). ئۇ بۇ ئەسىرىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نامى، ھەجمى، خاراكتېرى، نۇسخىلىرى، ئەسەرنىڭ يېزىلىش جەريانى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتشۇناسلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ، ئەسەرنىڭ يۈكسەك ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتىنى يورۇتۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئېنىق تولۇق ئېچىلىپ بولمىغان بىر چوڭ خەزىنە ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئورخۇن - يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرى، تۇرپان تېكىستلىرى، قاراخانىلارنىڭ بەدىئىي يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇزاقتىن بېرى تالاش - تارتىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان تىل ۋە مەدەنىيەت ئېرسىيىتى مەسىلىسى ھەققىدە ئۆزىگە خاس قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى «قۇتادغۇبىلىك» تىلىنىڭ سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇق» تا قەيت قىلغان تۈرك - ئۇيغۇر تىلى دېگەن تىل بىلەن بىر تىل ئىكەنلىكىنى روشەنلەشتۈردى.

قىسقىسى، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى» نى «قۇتادغۇبىلىك» كە دائىر بارلىق مەلۇماتلارنى ئۆزىگە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن چوڭ خەزىنە، قامۇس ۋە مەدەنىيەت بىناكارلىقى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

## 3. ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىگە دائىر تەتقىقات

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ مەنبە ئېقىملىرى، ئەلنەغمە ۋە كلاسسىك شەكىللىرى، بەدىئىي تۈزۈلۈشى ۋە قىممىتى جەھەتتىن ئاجايىپ چوڭ خەزىنە بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا يارىتىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر بۇددا مانىزم تەسۋىرى سەنئەت خەزىنىسى» ۋە «ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەزىنىسى» دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ خەزىنىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى، بولۇپمۇ كلاسسىك 12 مۇقامنىڭ مۇزىكىلىرى، ناخشا - ئۇسسۇللىرى، رىتىم، ئۇدار، ۋەزىنلىرى، شېئىرىي تېكىستلىرى، كلاسسىك شائىر ۋە مۇزىكانتلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر

مۇقاملىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە قوشقان تۆھپىلىرى ھەققىدە جاپالىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»، «ئامانىنىساخان ۋە 12 مۇقام»، «12 مۇقام ھەققىدە»، «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى»، «12 مۇقام ۋە توردى ئاخۇن»، «12 مۇقامنىڭ تارىخىي قاتلىمى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى»، «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە - ئېقىملىرى توغرىسىدا»، «12 مۇقام ھەققىدە 24 مۇھاكىمە»، «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۆت چوڭ ئالاھىدىلىكى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى ۋە شۇ ئاساستا «ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەزىنىسى» دېگەن چوڭ تىپتىكى كىتابنى يېزىپ چىقتى (بۇ كىتاب شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994 - يىلى ئىككى توملۇق قىلىپ نەشر قىلىنغان).

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدا، ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، ئۇنىڭ ھەرقايسى جايلار ۋە دەۋرلەردىكى شەكىللىرى، تەرەققىيات جەريانى، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقامنىڭ شەكىللىنىشى، تارىخىي قىسمەتلىرى، ئۇنىڭ مۇزىكىلىق، ئېستېتىكىلىق ۋە تېكىستولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى، ئېستېتىكىلىق ۋە سىمانتىكىلىق قىممىتى، خەلقئارالىق ئەھمىيىتى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش يوللىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ناھايىتى تەپسىلىي ۋە روشەن يورۇتۇپ بەردى. ئابدۇشۇكۇر ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ مېغىزلىق يېرى شۇكى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى قانداقتۇر ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ھىندى سەنئىتىنىڭ ئېشىندىلىرىدىن قوپۇرۇلغان سۇنئىي، جانسىز گەۋدە ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىققان گۈلزارلىق. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەقىقىي ئانىسى ئۇيغۇر خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى، ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەنئىتى ۋە ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇ قەشقەر مۇقامى، كۇچا مۇقامى، دولان مۇقامى، خوتەن مۇقامى، قۇمۇل مۇقامى، تۇرپان مۇقامى ۋە ئىلى مۇقامى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئۇيغۇر مۇقاملىرى نوقۇل مۇزىكىلىق سەنئەت ئەمەس، بەلكى مۇزىكا، ناخشا، شېئىر، ئۇسسۇل، تىياتىر ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى قاتارلىق ئامىللارنى بىر گەۋدە قىلغان كۆپ ژانىرلىق ۋە مول مەزمۇنلۇق، شۇنداقلا ئەڭ پائالىيەتچان، ئەڭ نەپىس نەغمىلەر تىزمىسى. شۇڭا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى، بەدىئىي، ئەخلاقىي ۋە غايىۋى ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنولوگىيىلىك خاسلىقىنى، مىللىي خاراكتېرىنى، مىللىي ھېسسىيات ئۇرغۇلىرىنى ۋە باشقا مىللىي پسىخىك تۈزۈلمىسىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچلىرىدىن بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى ۋە كلاسسىك 12 مۇقامدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى كلاسسىك 12 مۇقامنىڭ ئاساسى، كلاسسىك 12 مۇقام بولسا، خەلق مەشرەپ مۇقاملىرىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسىدىكى ئەڭ كامالەتلىك گۈزەل جەۋھەر بولۇپ، ئۇ سەئىدىيە - يەركەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسىنى تىكلىدى ۋە تارىخنىڭ شۇنىڭدىن بۇيانقى بوران - چاپقۇنلىرىغا قارىماي بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ بۇ ساھەدىمۇ ئۆزى ئۈچۈن ھەم ئۆز خەلقى ئۈچۈن بىر مۇنار تىكلىدى. شۇڭا، 1992 - يىلى

10 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنگە «مۇقامشۇناس» (مۇقام سەنئىتى ئالىمى) دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

## 4. غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتىگە دائىر تەتقىقات

بۇ تەتقىقات ئالىمنىڭ غەربىي دىيارنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىق، ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، ئويمىچىلىق ساھەلىرىدىكى تەتقىقاتىغا قارىتىلغان. يىپەك يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرىلا بۇ زېمىندا كۆپلىگەن قىيا تاش رەسىملىرى ۋە قەدىمكى قەبرىگاھلىقلار، شەھەر ـ قەلئەلەر، لايدىن ياكى تۆچتىن ياسالغان ئېكونلار (بۇتلار) بولغان، كېيىن يىپەك يولى ئېچىلىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي بارلىققا كەلگەن بۇددىزم سەنئىتى بۇ دىيارنىڭ تەسۋىرىي سەنئىتىگە يېڭى كۈچ بېغىشلىدى. خوتەندىن تاكى قۇمۇلغىچە بىر قاتار بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بېكسۇنلار (راھىبلار) ئىستىقامەتگاھلىرى، بۇددا ھىكمەت زاللىرى، جەسەت مۇنارلىرى، بۇددا تاشكېمىرلەرى ۋە «مىڭ ئۆي»لىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭدىكى ئېكونلار، قورچاقلار، تام رەسىملىرى، سىزما ۋە ياغاچ ئويما رەسىملەر، يىپەككە سىزىلغان رەسىملەر قاتارلىق سەنئەت بۇيۇملىرى ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، كۆرۈنۇشىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە كۆركەم ـ نەپىسلىكى بىلەن ھەيران قالارلىق ئىدى. غەربىي دىيارنىڭ بۇ تاشكېمىر سەنئىتى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگىچە، ۋاقىت ئىكەكلىرىنىڭ ئىكەكدىشى بىلەن بۇزۇلۇپ خارابىلىشىشقا باشلىغان. بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار ئۆز زامانى ئۈچۈن ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانىدى. ناھايىتى يۇقىرى مالىيە كۈچى ۋە مەدەنىيەت فوندى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن مۇشۇنداق بىر بۇددىزم سەنئىتى خەزىنىسىنى مۇكەممەل بىر ئۆزىنىڭ كىتاب شەكلىدە بولسىمۇ «ئۆلمەسلىك» ھالىتىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئاشۇنداق بىر ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلىگە پۈككەن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قانچە قانچىلىغان كىتابلارنى كۆرۈپ چىققان، نۇرغۇنلىغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى زىيارەت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئەينى چاغلاردا ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېلىپ كېتىلگەن شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى جەۋھەرلىرىنىڭ رەڭلىك فوتو سۈرەت نۇسخىلىرىنى ئامالىنىڭ بارىچە قولغا كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ ئېنىق بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولغان ۋە بۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا كەڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «كۇسەن ئۇسسۇلى ھەققىدە»، «قەدىمكى كۇسەننىڭ كلاسسىك ئۇسسۇلى»، «كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى»، «كۇسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى توغرىسىدا»، «ئىسلامىيەتكىچە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەسۋىرىي ئۇچۇرى»، «شەرقىي تىيانشان ئېتىكىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى ۋە شۇ ئاساستا «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى خەزىنىسى» (بۇ كىتاب ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىۋاتىدۇ) دېگەن كىتابىنى يېزىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۆتۈقلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم رول ئويناپ، يوقىلىش خەۋپى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان غەربىي دىيار بۇددا سەنئىتى قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى خەزىنىسى» دېگەن كىتابىدا، شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ كۈچلۈك يەرلىك پۇراقىغا ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، «مىڭ ئۆي» سەنئىتى بولسا، شىنجاڭدىكى قەدىمكى قىيا تاش سەنئىتىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىللە، ھىندى، قەندىھار، گرېك ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئىتى ئۇسلۇبىدىكى ئىلغار ئامىللارنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بەردى. شۇڭا، بۇ كىتاب ئۇيغۇر مەدەنىيىتى سىستېمىسىدا غايەت زور تەسىر قوزغايدىغان مەدەنىيەت ئەلئېھرامىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## 5 . ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنىۋى ئىللەتلىرىگە دائىر تەتقىقات

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ ماكان ئۇپۇقىدا تۇرغان قىياپىتىنى كۆرۈش ۋە زامان داۋنىدا تۇتقان ئوبرازىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەدىمكى دەۋردىن ھازىرغىچە بولغان مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يىپەك يولى دەۋرىدە «توققۇز ھېكمەت» كە ئىگە مەرىپەتلىك مىللەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ، كىشىلەرگە ئىپتىخارلىق بېغىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ۋە روھىي مۇھىتىدا ساقلانغان ھەم ئەسىرلەر داۋامىدا نورغۇنلىغان پاجىئەلىك ۋەقەلەر ۋە ھەسرەتلىك ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغان، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاشۇنداق خەۋپ تۇغدۇرۇش ئېھتىمالى بولغان مەنىۋى ئىللەتلىرى توغرىسىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «ھەشەمەتخورلۇقنىڭ 10 چوڭ كاساپىتى»، «ئەنئەنىۋى ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ»، «بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مىللىي ئويغىنىش»، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «مىللەتنىڭ بىرلىك - ھەمدەملىكى ۋە ئۇنىڭ يۇرتبازلىققا يەملىكى»، «مىللەتنىڭ ئۆز ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، «يىپەك يولى ۋە تۆگە قوشى روھى» قاتارلىق نورغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت پسىخىكىسى ۋە تۇرمۇش شەكلى جەھەتتىكى بىر قاتار ئىللەتلىرىنى ئېچىپ كۆرسەتتى.

بىر مىللەتنىڭ قايسى ئېتنىك تۈركۈمگە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تارىخ سەھىپىسىدە ۋە دۇنيا سەھنىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى نۇرغۇن ئامىللارغا باغلىق، لېكىن بۇ ئامىللارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۇھىمى ۋە ھەممە ۋاقىت باشتىن كەچۈرۈشكە تېگىشلىك بولغىنى ئۇنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدۇر. مىللەت تۈركۈمى ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىلا دىنىي ئېتىقاد، مۇراسىم، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىيەت رېتىمىنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ. مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ۋە ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلىپ يۇقىرى كامالەتكە قەدەم قويالىشى ئۇنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مال - دۇنيا ھېرىسمەنلىكى، ئەيش - ئىشرەت ۋە پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە بېرىلگەن مىللەتنىڭ تەقدىرى تولىمۇ پاجىئەلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيىتىدىكى ناچار ئىللەتلەر بىر ئۇچۇر بولۇپ، ئۇ تارىخىي كەچۈرمىشلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنىۋى لاتقىلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيىتىدە، يەككە ھايات كەچۈرۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئەمما مىللىي ئۇيۇشچانلىق ئىقتىدارى ئاجىز، سودا ۋە تەۋەككۈلچىلىك ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئەمما سىياسىي پائالىيەتچانلىق ئىقتىدارى ئاجىز، ھېسسىي بىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئەمما ئەقلىي بىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇشتەك نۇقسانلارنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئاجىزلىقلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق، تەمەخورلۇق (روھىي تىلەمچىلىك)، خۇشامەتچىلىك، (قۇللۇق)، ئىككى يۈزلىمىلىك (مۇناپىقلىق)، چېقىمچىلىق، ساتقۇنلۇق، رەھىمسىزلىك، زالىملىق، تەكەببۇرلۇق، مەنسەپخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك، نامەردلىك، ھەسەتخورلۇق، ئالدامچىلىق، پىتنىخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، ھاماقەتلىك، تەنتەكلىك، ھورۇنلۇق، ھاۋايى ھەۋەسخورلۇق... قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆز مىللىتىنىڭ نۇقسانلىرىنى بايقاش، ئېچىپ تاشلاش ۋە تۈزىتىش مەسىلىسىنى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ بىرى. بىراق، ئۆز مىللىتىنى ھېسسىي مۇھەببىتى بىلەن سۆيىدىغان بەزى ئاقكۆڭۈل كىشىلەر دەسلەپكى چاغلاردا بۇنى توغرا چۈشىنىپ كېتەلمەي، بۇ «ئۆز مىللىتىمىزنى سۆككەنلىك»، «مىللىتىمىزنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىك»، «مەرىپەتچىلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى چىللىغانلىق»... دېيىشتى. بىلىش كېرەككى، ھازىر ئۇچۇر دەۋرى، رىقابەت دەۋرى، بۇ ھال بىزدىن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن دەرھال ئويغىنىپ، دۇنياغا كۆز تىككىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر كۈن كېچىكىپ ئويغىنىش دەۋردىن نەچچە يىل، ھەتتا نەچچە ئون يىل كېيىن قالغانلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ. شۇڭا، بىز بېكىنمىچىلىك، نادانلىق، ھاماقەتلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، روھىي جەھەتتىن پاكلىنىشىمىز، ھەر تەرەپكە يول ئېچىش ۋە ئەتراپلىق قوبۇل قىلىش روھىمىزنى يېتىلدۈرۈپ، تاشقى دۇنيادىن كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ تۇرۇشىمىز، ھېسسىي تەپەككۇر ئالىمىدىن ئەقلىي، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئالىمىگە ئۆتۈشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنى روناق تاپقۇزۇپ، دۇنيادىكى مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بولغان ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايمىز.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى ئاساسىدا يېزىپ چىققان كىتاب-ماقالىلىرىدە بىر قاتار يېڭى نەزەرىيىۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئۇنىڭ بىر يۈرۈش يېڭى تەپەككۇر قۇرۇلمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنى ئىخچاملاپ تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، «قاتلام نەزەرىيىسى» مېتودولوگىيىسى قارىشى.

ئۇنىڭ بۇ قارىشى بارلىق تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە روھىيەت ھادىسىلىرى تۈزۈلمە ۋە جەريان، ماكان ۋە زامان جەھەتتە ئونتولوگىيە-لىك (ئەسلىزاتلىق) قاتلامغا ئىگە، شۇڭا ئۇنى بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئۇسۇلىمۇ گنوسېئولوگىيە-لىك (بىلىش نەزەرىيىسى) جەھەتتىن قاتلام مېتودولوگىيىسى پرىنسىپى بويىچە بولۇشى لازىم دېگەن پىكىرگە مەركەزلىشىدۇ.

ئىككىنچى، تارىخنى ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىش مېتودولوگىيىسى قارىشى.

بۇ قاراش تارىخنى ماددىي بۇيۇم، يېزىق ۋە ۋەسىقىلەر قاتارلىق تارىخ ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىش — تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود بولۇشى لازىم دېگەن پىكىرگە مەركەزلىشىدۇ.

ئۈچىنچى، تارىخنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى قارىشى.

بۇ قاراشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى مۇنداق: ھەرقانداق تارىخ پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ھادىسە ۋە ۋەقە سۈپىتىدە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ؛ يەنە بىر قىسمى ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى سۈپىتىدە

مەڭگۈ ساقلىنىدۇ ۋە يېڭى قاتلامنىڭ ئۇلىنى راسلايدۇ، ماھىيەت ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە يىراق جايلارغىمۇ كېڭىيىدۇ؛ بۇ — تارىخنىڭ جېنى، بىلىش جۇغلانمىسى، مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي فوندى.

تۆتىنچى، قىسمەنلىكتە ئومۇمىيلىقنىڭ ئىپادىلىنىشى قارىشى.

بۇ قاراش مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەربىر دېتاللىرىدا، مىللىي فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ھەربىر شاخچىلىرى، تارماقلىرى ۋە ھۈجەيرىلىرىدە، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس قىسمەنلىكى ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، يەنە بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە مىللىي پىسخىكىنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ دېگەن پىكىرگە مەركەزلىشىدۇ.

بەشىنچى، مىللىي مەدەنىيەت ئىرسىيىتى قارىشى.

بۇ قاراش مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى، تارىخىي شەكىللىرى (فورماتسىيەلىرى)، پەيدا بولۇش مەنبەسى، تىپى، ئالاھىدىلىكى ساقلانغان ۋە داۋاملاشقان بولىدۇ دېگەن قاراشتىن ئىبارەت.

ئالتىنچى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يوقالمايدىغانلىقى قارىشى.

بۇ قاراش تارىختا ئەسلى نامى ۋە تارىخىي قاتلام شەكلى «يوقالغان» مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى «ئۆلگەن مىللەت»، «يوقالغان مەدەنىيەت» دېيىش توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ كېيىنكى قاتلامدىكى ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت تۈركۈمى ساقلانغان ۋە داۋام قىلغان بولىدۇ دېگەن قاراشتۇر.

يەتتىنچى، ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى قارىشى.

بۇ قاراش ھەرقايسى مىللەت تارىخىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئۈزۈۋېلىپ، خەلقئارا پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئۆز ئالاھىدىلىكى باھانىسى بىلەن چەك قويۇشقا ئۇرۇنىدىغان كۆز قاراشقا قارشى ھالدا، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئالاھىدىلىك ۋە تەكشىسىزلىك بىر پۈتۈنلۈككە زىت ئەمەس دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

سەككىزىنچى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قاتلاملىق تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى قارىشى.

بۇ قاراش بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى شۇ مىللەتنىڭ ئىجادىيىتىدىن چوڭ بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە لازىملىق قىسمىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىش يولى بىلەن يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئۇسلۇب يارىتىپ بارىدۇ، بۇنداق راۋاجلىنىش جەريانى قاتلام بويىچە داۋام قىلىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

توققۇزىنچى، «ئىككى مەدەنىيەت» ۋە «بەش مەدەنىيەت» تىپى قارىشى.

بۇ قاراش خىلمۇ خىل مەدەنىيەتلەرنى «يەرلىك مەدەنىيەت» ۋە «خەلقئارالىق مەدەنىيەت» (دۇنياغا يۈزلەنگەن) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىيدىغان ھەم «گرېك - رىم مەدەنىيىتى»، «كۇسەن - كۇشان مەدەنىيىتى»، «سۇي - تاڭ مەدەنىيىتى»، «ئەرەب مەدەنىيىتى»، «مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن كېيىنكى يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى» دىن ئىبارەت بەش خىل مەدەنىيەتنى دۇنياغا يۈزلەنگەن كلاسسىك مەدەنىيەت تىپى دەپ ئايرىيدىغان قاراشتۇر.

ئونىنچى، شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۈچ باسقۇچى قارىشى.

بۇ، ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ IX — XI ئەسىردىكى مەدەنىيەت دولقۇنى ھادىسىسىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىنى ئۈچىنچى باسقۇچنىڭ باش ۋەكىلى دەيدىغان قاراشتۇر.

ئون بىرىنچى، يېڭى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى بېشارىتى قارىشى.

بۇ، شەرق خەلقىنىڭ ئويغىنىشى، يېڭى يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ كۈچىيىشى، غەرب بىلەن شەرقنىڭ تەڭپۇڭلىشىشى، شەرقتە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە مالىيە ئۈستۈنلۈكىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن يېڭى مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشتۇر.

ئون ئىككىنچى، «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ» دېگەن قاراش.

بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ بايلىق، ئەمگەك ۋە بازارلىرى قويۇق مەركەزلەشكەن چوڭ قۇرۇقلۇق يەنىلا يىپەك يولىنى بويلاپ كېڭەيگەن ئاساستا يېڭى گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ، دېڭىز - ئوكيان قاتنىشى ئۈستۈنلۈكى ئورنىغا يېڭى زامانىۋى چوڭ قۇرۇقلۇق قاتنىشى ئۈستۈنلۈكى دەۋرى باشلىنىدۇ دېگەن قاراشتۇر.

ئون ئۈچىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى دەۋرى ۋە كېيىنكى

ئۈچ تارىخىي دەۋرى دەپ ئايرىش توغرىسىدىكى قاراش.

بۇ قاراش ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرىنى يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى سومېر، سىمىيان، سىكتاي دەۋرى بىلەن يىپەك يولىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردىن مىلادى XVI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۈللىنىش، خارابىلىشىش ۋە قايتا ئېچىلىش دەۋرىگە ئايرىشقا قارىتىلىدۇ.

ئون تۆتىنچى، قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى قارىشى.

بۇ، گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك ھادىسىلىرىنى ئونتولوگىيىلىك گۈزەللىك، ئېستېتىكىلىق گۈزەللىك، ئېستېتىكىلىق تەربىيە، ئىنسان گۈزەللىكى، مەنىۋى گۈزەللىك، ئىقتىدار گۈزەللىكى قاتارلىق قاتلام ۋە تارماقلارغا ئايرىش قارىشىدۇر.

ئون بەشىنچى، پەلسەپە ئىسلاھاتى قارىشى.

بۇ قاراش پەلسەپە ئوقۇمىغا يېڭى ئېنىقلىما بېرىش (پەلسەپىنى دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئورنى توغرىسىدىكى ئىلىم دەپ تەرىپلەش) مەسىلىسى، بىلىشنىڭ تارىخىي فورماتسىيىسىنى بەش ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىدىن باشقا، يەنە ئانىمىزم (روھىيەتچىلىك)، تېئىزم (ئىلاھىيەتچىلىك)، پانتېئىزم (كۆپ خۇدالىق)، ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمدىن ئىبارەت بەش تىپقا ئايرىش مەسىلىسى، ئاڭنىڭ مەنتىقى تىپى ۋە تارىخىي تىپى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر بىلەن پەلسەپىنىڭ ئوبيېكتى، تۈپ مەسىلىسى، ئالىي مەسىلىسى، مەۋجۇتلۇق قىممىتى، تۈركۈم كاتېگورىيىلىرى مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى قاراشتۇر.

ئون ئالتىنچى، مۇقام مەدەنىيىتى قارىشى.

بۇ قاراش ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ نوقۇل مۇزىكا مەدەنىيىتى بولماي، بەلكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئېتنىك مەدەنىيىتى ئاساسىدىكى فولكلور مەدەنىيىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشتۇر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ كۆز قاراشلىرى ئۇنىڭ ئالاقىدار كىتاب ۋە ماقالىلىرىدە روشەن بايان قىلىنغان. لېكىن ئۇنىڭ چىنلىق دەرىجىسى داۋاملىق تۈردە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھايات مۇساپىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتەك مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھارماي-تالماي ئىزدىنىپ، كىشى قەلبىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئاجايىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلدى، بۇ ھېچكىم كۆز يۇمالمايدىغان ئەمەلىي پاكىت. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئاشۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئاساسەن، ئۇنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىقىنىڭ پېشىۋاسى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز.

يۇقىرىدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرى ۋە مۇھىم مەزمۇنلىرى دەپ قارىغانلىرىمىزنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تەتقىقاتى ئاشۇ بىرقانچە مەسىلە بىلەنلا چەكلىنىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننى تېخى تولۇق ئۆگىنىپ بولالمىغانلىقىمىز، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىش ۋە تەتقىق قىلىشتىن تېخى خېلى يىراق تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ ھەممە مەزمۇنلىرىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلىدۇق دەپ ئېيتالمايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ نەشرىيات مۇقەددىمىسى

ئىبراھىم مۇتىئى، ئامىنە ئابدۇرەھمان*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەزكۇر مۇقەددىمىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرى، «دىۋان» نىڭ قول يازمىسى ۋە ئۇنىڭغا كېيىنكى شەخسلەر تەرىپىدىن يېزىلغان خەت ئىزلىرى، قول يازمىغا كېيىنكىلەر تەرىپىدىن كىرگۈزۈلگەن ھەر خىل تۈزىتىشلەر، ئەسەر دۇنياغا مەلۇم بولغاندىن كېيىنكى تەتقىقاتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بۇ تەتقىقاتلاردا ساقلانغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئىشلەشتە ئەمەل قىلىنغان پرىنسىپلار ۋە مېتودىكا مەسىلىلىرى بايان قىلىنغان.

**摘要**：本文讨论《突厥语大词典》的作者玛赫穆德·喀什噶里及其出生地，《突厥语大词典》的手稿及后人对手稿的各种修改、研究特点、存在的问题等。同时分析了英译本所遵循的原则和方法。

**Abstract**: This articles discusses Mahmud Kashagari, the author of Dictionary of Turkish Languages, which includes birthplace, manuscript and coming generations'inkmarks in it. Besides it also contains others revisions, characteristic of research and some problems in the process of research after the work was known to the public, it furtherly shows the principle and method acted on in its English translation.

**مۇقەددىمە:** «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى 1982 - يىلى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان. ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە روبېرت دانكوف بىلەن جەمس كېللىيلەر مۇقەددىمە يازغان. مەزكۇر مۇقەددىمە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتىدا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. شۇڭا، «مۇقەددىمە» نى ئامىنە ئابدۇرەھمان مېنىڭ يېتەكچىلىكىمدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى.

«مۇقەددىمە» دە «دىۋان» تەتقىقاتى ساھەسىدە كېيىنكى يىللاردا ئېرىشىلگەن بىرمۇنچە يېڭىلىقلار تونۇشتۇرۇلغان ۋە بىرمۇنچە يېڭى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ كۆز قاراشلار ئىچىدىكى مەھمۇد

* ئىبراھىم مۇتىئى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى (نەشرگە تەييارلىغۇچى)
ئامىنە ئابدۇرەھمان: شىنجاڭ سىفەن داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى. (تەرجىمە قىلغۇچى)

قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغان يېرى، تەخەللۇسى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرگە قوشۇلمىساقمۇ، ئەمما تەنقىدىي تېكىست، «دىۋان» نىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى ۋە فونېتىكىلىق قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى بىرمۇنچە تەتقىقات نەتىجىلىرى بىزنىڭ «دىۋان» تەتقىقاتىمىزغا ياردىمى بولار ۋە مەلۇم يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلەر دەپ ئويلايمەن. «مۇقەددىمە» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، ئىنگلىزچە نەشرىدە ئىشلەتكەن ترانسلىتېراتسىيە ئورنىغا «دىۋان» دىكى ئەسلى ئەرەبچە يېزىلىشىنى ئىشلەتتۇق. سۆزلەرگە بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىنى بولسا، بەزى تېخنىكىلىق سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ «دىۋان» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەرجىمىسىدە ئىشلەتكەن ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرىگە ئالماشتۇردۇق. ماقالىنىڭ ھەجمىنى نەزەردە تۇتۇپ، «مۇقەددىمە» نىڭ بەزى جايلىرى قىسقارتىلدى.

ئىبراھىم مۇتىئى

## 1. يازما نۇسخا ھەققىدە ئىزاھات، ئىلگىرىكى نەشر نۇسخىلىرى ۋە لۇغەتلەر

بۇ ئەسەرنىڭ بىردىنبىر قول يازما نۇسخىسى ئىستانبۇلدىكى مىللەت كىتەل كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىدۇر. (ئەلى ئەمىر، ئەرەبچە № 4189) ئۇ قارا تېرە مۇقاۋىلىق بولۇپ، بۇمۇقاۋا XX ئەسىرگە تەئەللۇقتۇر. قەغىزى شەرق ئۇسلۇبىدىكى قېلىن ئاق سېرىق قەغەز بولۇپ، بەزى يەرلىرى نەملىك ۋە ئوكسىدلىنىش نەتىجىسىدە سۇس جىگەررەڭ بولۇپ قالغان. بەزى ۋاراقلىرىنىڭ كېسىلگەن ۋە يىرتىلغان جايلىرى تار قەغەز پارچىلىرى چاپلىنىپ تۈزىتىلگەن. بەزى بەتلىرىنىڭ تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن جايلىرى باشقا بەتلەرگە تەڭ قىلىپ قاتلاپ قويۇلغان. بەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆلىمى 165×239 مىللىمېتر. ھەربىر بەتنىڭ خەت يېزىلغان قىسمىنىڭ كۆلىمى 115+175 مىللىمېتر. ھەربىر بەتكە 17 قۇر خەت يېزىلغان. پۈتۈن تېكىست روشەن ۋە ئېنىق. خەتتى نەسخ بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ھەممە ھەرپلەرگە سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەرىكىلەر قويۇلغان. تولۇق ئاساس بىلەن شۇنى ئېيتالايمىزكى، بۇ ھەرىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ۋە بىر قىسىم تۈزىتىشلەر كېيىنكى ئادەملەر تەرىپىدىن قويۇلغان. ۋاراقلارنىڭ چېتىگە ۋە قۇر ئارىلىرىغا يېزىلغان تۈزەتمىلەر كېيىنكى ئادەملەرنىڭ قەلىمىگە خاس. كىتابنىڭ ئالدىدىكى تىتول بەتتە خېلى ئۇزۇن بىر ئىزاھات بولۇپ، ئۇ گەرچە ئەسلى تېكىست بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئەمما ئەسلى تېكىستكە ئوخشاش قەلەم بىلەن يېزىلغان. كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىمە سۆزىدە ئاپتور بۇئەسەر466/م 1074 ـ يىلى يېزىلدى (469/م 1077 ـ يىلىنىڭ خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك) دەپ يېزىپ قويغان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان يازما نۇسخا ھىجرىيە 664/م 1266 ـ يىلى ئاپتورنىڭ ئۆز قول يازمىسىدىن كۆچۈرۈلگەن. پۈتۈن قول يازما نۇسخا 319 ۋاراق 638 بەت. بەت نومۇرى XX ئەسىرگە تەئەللۇق. قول يازما نۇسخىسى تۇپلەنگەندە 463 ـ، 464 ـ بەتلەر بىلەن 477 ـ، 478 ـ بەتلەردىن ئىبارەت ئىككى ۋاراق باشقا ئورۇنغا تۇپلىنىپ قالغان.

بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى (ئەرەبچە) نەشرى كىلىسلى رىفئەت تەرىپىدىن ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىنغان (1917 — 1919 ـ يىللىرى). بۇ نۇسخىدا ھېچقانداق تەقرىز ياكى ئىزاھات بېرىلمىگەن.

كارل بروككېلماننىڭ سۆزلۈكى (MPW 1928). كارل بروككېلمان ئەسلى قول يازمىنى كۆرەلمىگەچكە، بۇ سۆزلۈكنى پۈتۈنلەي «دىۋان» نىڭ (ئەرەبچە) بىرىنچى نەشرىگە ئاساسلىنىپ تۈزۈپ چىققان. قول يازمىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق خاتالىقلاردىن باشقا يەنە بىرىنچى نەشرىدە كەتكەن ھەممە ھەرپ خاتالىقلىرىمۇ شۇ پېتى ساقلانغان. بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن «دىۋان» نىڭ ئۈچ توملۇق تۈركچە تەرجىمىسى

(تەرجىمە 41 ـ 1939)، بىر توملۇق فاكسىمىل نۇسخىسى (1942) ۋە ئىندېكس (1943) نەشر قىلىنغاندىن كېيىن «دىۋان» تەتقىقاتىدا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى. ئاتالاي نەشرى «دىۋان» نىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن خېلى تولۇق نەشرىدۇر. ئاتالاي بەزى چاغلاردا ۋە بىر ـ بىرىگە زىت ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە، ئەسلى قول يازما نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا ئاددىيلا «دىۋان» نىڭ بىرىنچى (ئەرەبچە) نەشرىگە ئاساسلانغان. يازما نۇسخىنىڭ فاكسىمىل (سۈرەتكە ئېلىپ بېسىلغان) نۇسخىسىنىڭ بىرمۇنچە جايلىرى ئوچۇق ئەمەس، ئاساسەن ئوقۇغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاراقنىڭ چېتىگە يېزىلغان ماتېرىياللار قىرقىپ تاشلانغان.

ئاتالاينىڭ ئەمگىكى «دىۋان» نىڭ ئەسلى يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈزىتىلىپ نەشر قىلىنغان ئەرەبچە ئىندېكس (1957) بىلەن تولۇقلاندى. لېكىن ئۇنىڭغا تۈركىي سۆزلەرنىڭ يېزىلىش فورمىسى «دىۋان» نىڭ ئەسلى يازما نۇسخىسىگە ئوخشاش ئېلىنماي، (تۈركچە) تەرجىمە نۇسخىسىدىكىگە ئوخشاش ئېلىنغان، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىندېكستىمۇ سۆزلەر «دىۋان» تەرجىمىسىدىكىگە ئاساسەن ئېلىنغان، شۇڭا بۇلاردىن پايدىلانغاندا، ئەسلى قول يازما نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇشتىن ئۆتۈش زۆرۈر بولىدۇ.

مۇتەخەسسىس تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «دىۋان» نىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمىسىگە كەلسەك، ناھايىتى روشەنكى، بۇ نۇسخا ئاساسەن بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەنگەن.

سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان قەدىمكى تۈركىي سۆزلەر لۇغىتى (DTS 1969) «دىۋان» دىكى ھەممە سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا كەلتۈرۈلگەن ستاتىيلارنىڭ كۆپچىلىكى «دىۋان» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدىن ئېلىنغان. ئەلۋەتتە ئايرىم جايلاردا مۇنداق نەقىللەرنىڭ ئەسلى يازما نۇسخىدىن ئېلىنغانلىرىمۇ بار. بۇ لۇغەت ئاساسەن بىر توپلامدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللار پۈتۈنلەي دېگۈدەك «دىۋان» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئېلىنغان. لېكىن گ. كلاۋسوننىڭ لۇغىتى (ED 1972) نى ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ. بۇ لۇغەت بېسىم ئاتالاينىڭ ئەسەرلىرىدىن كېيىن «دىۋان» تەتقىقاتىدىكى بىرىنچى مۇھىم تەرەققىياتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. كلاۋسون بۇ لۇغىتىدە، «دىۋان» نىڭ فاكسىمىل نۇسخىدىكى ئەسلى تېكىستىنى نەقىل كەلتۈرگەن (گەرچە بۇنىڭدا دىۋاننىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدىكى توم ۋە بەتلەر كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ)، بۇنىڭغا ئۇ ئومۇمەن ھەربىر مۇھىم سۆزلەمگە بېرىلگەن ئىزاھاتنى ئەرەبچە پېتى تولۇق ئالغان. بەزىدە باشقا مىساللارنى ياكى بىر سۆزنىڭ «دىۋان» دا كۆرۈلىدىغان ھەممە شەكىللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ھەممىدىن مۇھىمى ئۇ ئۆز ئەسىرىدە سۆزلەرنىڭ تارىخىي پرىنسىپ ئاساسىدىكى توغرا تەلەپپۇزىنى تىكلەشكە تىرىشقان. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىروككېلمان سۆزلۈكى، «دىۋان» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسى ۋە قەدىمكى تۈركىي سۆزلەر لۇغىتىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشنى كۆزدە تۇتقان. ئەمما ئۇ بۇ جەھەتتە ئانچە ئىزچىل بولالمىغان. كۆپ چاغلاردا ئەرەبچە سۆزلەرنى خاتا نەقىل كەلتۈرگەن ۋە خاتا تەرجىمە قىلغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كلاۋسون لۇغىتىنىڭ ئەھمىيىتى شۇنىڭدىكى، ئۇ «دىۋان» دىكى ھەممە لېكسىكولوگىيىلىك ماتېرىياللاردا دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتقان.

## 2. بۇ نەشرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرجىمە پرىنسىپى

تۆۋەندىكى پرىنسىپلار «دىۋان» نىڭ توغرا ۋە مۇكەممەل بىر تېكىستى ھەم تەرجىمىسىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، تەتقىق قىلغۇچىلارنى توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە ئىشلەپ

چىقىلدى.

## (1) ئورىگىنالغا ئىمكان قەدەر يېقىن قىلىش

تەنقىدىي شەرھ بېرىش، ئەسلى قول يازما نۇسخىسىنىڭ ئەڭ ئوچۇق فاكسىمىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا «دىۋان» نىڭ توغرا تېكىستىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش، شۇنداق قىلغاندا، سۆزلەرنىڭ ئەسلى ئەرەبچە يېزىلىشىنى بېرىش زۆرۈر بولماي قالىدۇ. مۇنداق تەنقىدىي شەرھ تەرجىمىگە ھاشىيەدە بېرىلگەن ئىزاھاتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. «دىۋان» دىن كەلتۈرۈلگەن بارلىق نەقىللەر يازما نۇسخىنىڭ بەت نومۇرى بىلەن كۆرسىتىلدى. ئىنگلىزچە تېكىستتە بارلىق تۈركچە ماتېرىياللارنىڭ چوڭ ھەرپ بىلەن بېسىلغان ترانسلىتراتسىيىسى ۋە كىچىك ھەرپ بىلەن بېسىلغان ترانسكرىپسىيىسى بېرىلدى. بۇنداق قىلىش ئەسلى ئورىگىنال بىلەن تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرۇشقا ئوڭايلىق بېرىدۇ. تۈركچە سۆزلەرنىڭ تەبىرىنى بەرگەندە بىز ئەرەبچە تۈپ سۆز ۋە ئىبارىلەر① نىمۇ بەردۇق. مۇنداق قىلىش بىزنى تۈپ ئىندېكستا سۆزلەرنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈش ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## (2) تۈركچە ماتېرىياللارنى ئېنىق تۇرغۇزۇشنىڭ ئۇسۇلى

«دىۋان» نىڭ بۇ نەشرىدە ئەسلى تېكىست ئۈستىدە ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئاساسىغا قۇرۇلغان مېتودولوگىيە پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىندى («سىيانىڭ رەڭگى ۋە كېيىنكىلەرنىڭقەلەمئىزى» ، «خاتايېزىلغان، خاتا ئوقۇلغان سۆزلەر ۋە تۈزىتىش» دېگەن ماۋزۇلارغا قارالسۇن). مۇشۇ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىنغاچقا، بىز نۇرغۇن كۆچۈرمە خاتالىرىنى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ قەلىمىگە ئائىت خاتالىقلارنى تېپىپ چىقالىدۇق ۋە تۈزىتەلىدۇق.

## (3) ۋاراقنىڭ چېتىدىكى ئىندېكستىن پايدىلىنىش

بۇ ئۆز ئىچىگە سۆزلەم قىلىپ ئېلىنغان سۆز (يەنى ئىسىم ۋە پېئىللارنىڭ تومۇرلىرى، بۇلار «دىۋان» دا ئىشلىتىلگەن سۆز تىزىش سىستېمىسى تەرتىپىدە بېرىلدى)، دىئالېكت ماتېرىياللىرى (بۇنداق ماتېرىياللار «D» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى)، گراماتىكىلىق مەلۇماتلار (بۇلار «G» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى)، شېئىرلار (بۇلار «V» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى)، ماقال - تەمسىللەر (بۇلار «P» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى)، ناملار (بۇلار شەخس ناملىرى ۋە جۇغراپىيىلىك ناملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار «N» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى) قاتارلىقلارنى ئالىدۇ. مۇنداق ئىندېكس تۈزۈشتىن مەقسەت كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى ھەر خىل مەخسۇس تېمىلار ۋە مەخسۇس ماتېرىياللارغا جەلپ قىلىشتىن ئىبارەت. مۇنداق ماتېرىياللارنىڭ زور كۆپچىلىكى مەزكۇر ساھەلەرگە خاس ئىندېكسلاردا بېرىلگەن. (مەسىلەن دىئالېكتلار ئىندېكسى، ناملار ئىندېكسى دېگەندەك).

## (4) ئىندېكس

ئاساسىي ئىندېكستا «دىۋان» دا ئۇچرايدىغان ھەممە تۈركچە سۆزلەرنىڭ بارلىق شەكىللىرى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تومۇردىن كەلگەن ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە سىمانتىكىلىق مۇناسىۋەتلىرى كۆرسىتىلدى. ناملار ئىندېكسىدا بارلىق سۆزلەر مەنە تۈرلىرى بويىچە گۇرۇپپىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن سۆزلەرنى ئوقۇملار بويىچە ئىزدەپ تېپىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇلدى. بۇ يەنە خاس ئىسىملار، يەر ناملىرى ۋە ئەرەبچە نەقىللەر ئىندېكسلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىئالېكتلار ئىندېكسىگە «دىۋان» دا ئۇچرايدىغان ھەممە دىئالېكتلارغا ۋە سۆزلەرنىڭ دىئالېكتولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك ۋارىيانتلىرىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلاندى. ماقال - تەمسىللەر ۋە شېئىرلارنىڭ گراماتىكىلىق ئىندېكسى ۋە گراماتىكىغا ئائىت ئىلاۋىدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دىۋاندا بايان قىلغان ھەممە گراماتىكىلىق ماتېرىياللىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى. يازما نۇسخىدا

يىغىنچاقلانغان بارلىق تۈركچە ماتېرىياللارغا ترانسلىتراتسىيە (چوڭ ھەرپلەر بىلەن) ۋە ترانسكرىپسىيە (كىچىك ھەرپ بىلەن) بېرىلدى. ترانسلىتراتسىيە ئەرەبچە ھەرپلەرنى لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ھەرپمۇ ھەرپ كۆچۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ترانسكرىپسىيە بولسا، مەھمۇد قەشقەرى تەسۋىرلەپ بەرگەن، بىز تولۇق ئىشەنگەن فونېتىكا سىستېمىسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا خۇددى بىز ئىملا قائىدىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك بەزى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇم چەكلىمىلەرمۇ بار. (بۇ ھەقتە فونولوگىيە ۋە ⟨ē⟩d,d/ ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرگە قارالسۇن) بۇ ترانسكرىپسىيىدە بولۇپمۇ سوزۇق تاۋۇشلار جەھەتتە خېلى زور دەرىجىدە تارىخىي پرىنسىپ ② ئاساس قىلىنىدى (يەنى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى تارىخىي پرىنسىپلار بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى — ت)، «ئۇزۇن» سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز قول يازمىدا ھەرپ بىلەن كۆرسىتىلگەن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەينەن كۆرسىتىپ ئۆتتۇق (يەنى سوزۇق تاۋۇش ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسا بىز ئۇنىڭ ئۈستىگە سوزۇقلۇق ئالامىتى سۈپىتىدە بىر سىزىقچە قوشۇپ ئالدۇق. بۇ ھەقتە فونولوگىيە قىسمىغا قاراڭ). لېكىن بۇ كۆپ ھاللاردا ئۇزۇن سوزۇقلۇقنى كۆرسەتمەي تەكىتلەشنى كۆرسەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. تېكىستتا قىسقارتىلغان ياكى قوشۇلغان سۆزلەرنى ترانسكرىپسىيىدە تىرناق ئىچىدە بەردۇق. ئەسلى تېكىستتا سۆزنىڭ ئاخىرىغا قويۇلغان تورغۇچ ئالامىتى (o) نى بىز ھەممە يەردە ساقلاپ قالدۇق. بۇ خىل تورغۇچ يالغۇز سۆز ۋە جۈملە ئاخىرىدىلا كەلمەي باشقا جايلاردىمۇ كېلىدۇ. ئەرەبچىدە مىسال بىلەن ئىزاھلاشنى كۆرسىتىدىغان «يقال» سۆزىنى بىز قوش بايان ئالامىتى ( : : ) بىلەن ئىپادىلىدۇق. ئەرەبچىدە شېئىرلارنى كۆرسەتمەكچى بولغاندا، ئىشلىتىلگەن «قال» دېگەن سۆز ئورنىغا بىز «شېئىر» نى بىلدۈرىدىغان «V» بەلگىسى قوللاندۇق.

بىزنىڭ بارلىق ئىنگلىزچە تەرجىمىمىز تۈركچىنىڭ تەرجىمىسى ئەمەس، بەلكى ئەرەبچىنىڭ تەرجىمىسى. مەھمۇد قەشقەرى تۈركچىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلغان جايلارنى بىز ئىنگلىزچىدە قوش تىرناق ئىچىدە بەردۇق. ئەگەر تەرجىمە تۈركچىنىڭ بىۋاستە تەرجىمىسى بولماي، ئاپتور تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىلاۋە بولسا، بىز بۇلارنى تىرناق ئىچىدە بەردۇق. مەھمۇد قەشقەرى تەرجىمىسىدە قىسقارتىپ ئالغان ياكى تولۇق بەرمىگەن جايلارنى بىز تولۇقلاپ تەرجىمە قىلغان بولساق، ئۇنىمۇ تىرناق ئىچىدە بەردۇق③. بىز تەرەپتىن بېرىلگەن ئىلاۋىلەرنىڭ ھەممىسى تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدى. مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىزاھاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆز پېتىچە ساقلاپ قېلىنىدى. تىرناق ئىچىدە قوش تىرناققا ئېلىپ قويۇلغان گۇمان ئالامىتى بىز تەرەپتىن قويۇلغان. بۇ ئالامەت تۈركچە سۆزنىڭ تەلەپپۇزى، مەنىسى ياكى ئەرەبچە سۆزنىڭ مەفھۇمى ھەققىدىكى گۇمانىمىزنى بىلدۈرىدۇ.

«دىۋان» نىڭ باشقا قىسىملىرىدىكى ئىچكى ئىزاھاتلار تىرناق ئىچىدە بېرىلدى، بەتنىڭ چېتىدە بېرىلگەن ئاساسىي ئىندېكستا دەسلەپ ئۇچرىغاندىلا كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

ھاشىيە ئىزاھاتلىرىنىڭ نومۇرى قول يازمىنىڭ ھەربىر بېتى ئۈچۈن يېڭىدىن باشلىنىدۇ. ھاشىيە ئىزاھاتلىرى ئەرەبچە تېكىستتىكى بېرىلگەن تەقرىبىي خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈشلەرنى، بەزىدە تەقرىبىي خاراكتېرىدىكى ئەسلەتمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قول يازما نۇسخىنىڭ ھەربىر يېڭى بېتىنىڭ مەزمۇنى باشلانغاندا، مۇناسىۋەتلىك توم ۋە ئۇنىڭ فاكسىمىل نۇسخا ۋە تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى بەت نومۇرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

«تۈرك» («turk») سۆزى («türk») شەكلىدە يېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا (ئوغۇز-تۈركمەنلەرگە قارىمۇ قارشى قويۇلغان) مەلۇم دىئالېكتلار گۇرۇپپىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئىپادىلەندۈرۈلدى. قۇرئان (قىسقارتىپ «Q» بىلەن ئېلىنىدى) دىن ئېلىنغان تەرجىمىلەر ئا. ج. پىردنىڭ قۇرئان تەرجىمىسى (نيۇ-يورك 1955) دىن ئېلىنىدى.

## 3. ئومۇمىي مەلۇمات: ئاپتور، تىنتول، مۇندەرىجە

1917 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئىستانبۇلدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ بىردىنبىر يازما نۇسخىسى دۇنياغا مەلۇم بولۇپ، نەشر قىلىنىش نەتىجىسىدە ئىلىم دۇنياسى ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك دۇنياسى ھەققىدە ناھايىتى مول تىل ۋە ئېتنوگرافىيە ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن قىلىندى④.

«دىۋان»نىڭ ئاپتورى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەت بولۇپ، قەشقەرى ⑤ دېگەن تەخەللۇس بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇ XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئىسسىق كۆل بويىدىكى بارسغان شەھىرىدە (ھازىر بۇ يەر قىرغىزىستان تېررىتورىيىسىدە) دۇنياغا كەلگەن. مەھمۇد قەشقەرى شۇ يەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋارا ئۇننەھر⑥ گە ھۆكۈمران بولغان قاراخانىلار سۇلالىسى جەمەتىگە مەنسۇپ.

قەشقەرى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئۇزۇن كېزىپ يۈرگەن، خۇددى ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتىپ ئۆتكەندەك «ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ئاياغ كېزىپ» چىققان. ئۇلارنىڭ «شېئىرلىرى ۋە قاپىيىلىرىنى» ئۆگەنگەن (يازما نۇسخا 3 ـ بەت). قەشقەرى كلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتى بويىچە يۇكسەك تەلىم ئالغان ئېسىلزادە مۇسۇلمان بولۇش بىلەن ئۆز يۇرتىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ۋە سارايلاردىكى ئىسلام ئەنئەنىلىرىنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇ بۇ ئەسەردە كېيىنكىلەرنىڭ (ئەرەبلەرنىڭ) تىلى بىلەن ئاۋۋالقىلارنى (تۈركىي خەلقلەرنى) چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا بارغاندا تۈركلەر ئىسلام دۇنياسىدا ئۇستۇنلۈك قازانغان بىر تەبىقىگە ئايلانغانىدى. خۇددى قەشقەرى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك بۇ دەۋر: «تەڭرى دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغان ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكەن» دەۋر ئىدى (يازما نۇسخا 2 ـ بەت) «دىۋان» خەلىپە ئەلمۇقتەدى (1075 — 1094) گە تەقدىم قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ (ئاپتورنىڭ) بىۋاستە مەقسىتى باغداتتىكى ئابباسىلار ئوردىسىغا سەلجۇق فېئوداللىرىنىڭ تىل ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش بولسا كېرەك.

كىتابقا نام قىلىپ ئېلىنغان «دىۋان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئەڭ ياخشىسى «ئېنسىكلوپېدىيىلىك سۆزلۈك» دەپ چۈشەنسە ئوبدان بولار. ئالدى بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا تۈركىي تىللارنىڭ دىئالېكتولوگىيە ۋە لۇغەتشۇناسلىق قائىدىلىرى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈلگەن. بۇنىڭدا يەنە بىر پارچە دۇنيا خەرىتىسى ئىلاۋە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى دىئالېكت گۇرۇپپىلىرىنىڭ ⑦ جۇغراپىيىلىك ئورنى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن، «دىۋان» تېكىستىنىڭ زور كۆپچىلىكى لۇغەتدۇر. ئۇ ناھايىتى مۇرەككەپ نەمۇنە سىستېمىسىدىن تەركىب تاپقان. «دىۋان» ناھايىتى زور بىر ئەرەب تىلى لۇغىتىنى ئۈلگە قىلىپ تۈزۈلگەن. ئاپتور ئۆزى تەسۋىرلىگەن تىلنى «تۈركىي» دەپ ئاتايدۇ. (بۇ كىتابتا بىز بۇنى «تۈركچە» دەپ تەرجىمە قىلدۇق) ئۇنىڭدا ئاساسەن قاراخانىلار قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى چىگىل قەبىلىسىنىڭ تىلى ئاساس قىلىپ ئېلىنغان. بەزى سۆزلەرگە «خاقانىيە»⑧ تىلى دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. بۇ، «قارخانىلار ئوردىسى»غا خاس سۆزلەر دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك باشقا دىئالېكت گۇرۇپپىلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئىبارىلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن. بولۇپمۇ قەشقەرى ئىككى مۇھىم دىئالېكتلار گۇرۇپپىسىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. بۇلار «تۈركلەر» (بۇ ئۆز ئىچىگە چىگىل، توخسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئالىدۇ) ۋە «تۈركمەنلەر ياكى ئوغۇزلار» (بۇنى «غۇزىيە» دەپ ئاتايدۇ. قىپچاق ۋە باشقا قەبىلىلەرمۇ كۆپىنچە مۇشۇ تۈركۈمگە كىرگۈزۈلىدۇ)، بۇ سۆز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن بولغان قىنىقلارغا كىرىدىغان سەلجۇقىيلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىقكى، قەشقەرى قەبىلىلەرنىڭ تەركىبى ھەققىدە

بەرگەن كۆپچىلىك ماتېرىياللار ئوغۇز قەبىلىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قەشقەرى يەنە نۇرغۇن جۈملىلەر، ماقال - تەمسىللەر ۋە شېئىر- بېيىتلارنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈپ، بۇلارنى سۆزلەملەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلغان. بۇنىڭدا ئەرەب لۇغەتشۇناسلىرىنى⑨ ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور لېكسىكىلىق ماتېرىياللارنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈشتە ئالاھىدە بىر يول تۇتقان. يەنى بىر خىل قوشۇمچىلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنى بىر يەردە بەرگەن. بۇ ھال قەشقەرىگە كىتابنىڭ مەلۇم جايلىرىنى گراماتىك بولۇپمۇ مورفولوگىيىلىك ئىزاھاتلار بىلەن بېزەشكە ئىمكانىيەت بەرگەن. بۇنىڭدا بولۇپمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى I جىلدنىڭ 4 - قىسمى (يازما نۇسخا 279 — 304 - بەتلەر) دە ئۆز ئۇندىن ئۆزۈن بايان قىلىنغان پېئىللار سىستېمىسى ھېسابلىنىدۇ⑩. مۇقەددىمە قىسمىدىكى دىئالېكت ماتېرىياللىرى، لۇغەتنىڭ ئۆزى ۋە گراماتىكا ھەققىدىكى قوشۇمچە ماتېرىياللار ۋە جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار بىزگە XI ئەسىردىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئەھۋالى ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

«دىۋان» دىكى تىلغا ئائىت بولمىغان ماتېرىياللارمۇ بولۇپمۇ ئېتنوگرافىيە ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ماتېرىياللارمۇ بەك مۇھىم⑪. مەسىلەن، ئوغۇز قەبىلىلىرى ۋە ئۇرۇقلىرى ھەققىدىكى بايانلار (يازما نۇسخا 1—40 - بەتلەر) ۋە 12 مۇچەل كالىندارى توغرىسىدىكى مەخسۇس بايانلار (يازما نۇسخا 173 — 175 - بەتلەرگە قاراڭ) ئېغىز ئېتىمولوگىيىسىگە ئائىت مۇھىم ئاتالغۇلارنى شەرھلەيدىغان ماتېرىياللار ئەنە شۇنداق. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرىگە ئائىت داستانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك (بۇ ھەقتە يازما نۇسخىنىڭ 5— 622 - بەتلىرىدىكى «تۈركمەن» دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قاراڭ). بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە جەمئىيەت تەشكىلى ۋە ئائىلە قۇرۇلمىسىغا ئائىت ماتېرىياللار، دورىگەرلىك رېتسىپلىرى، خەلق تىبابىتىگە ئائىت مەلۇماتلار، ئاۋام ئىقتىسادى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە تەئەللۇق مەلۇماتلار بار⑫.

ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك دۇنياسى ھەققىدىكى بۇ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەۋرىدىكى «بىۋاستە كۆزەتكۈچى» بىر مۇتەخەسسىس تەرىپىدىن توپلانغان بولۇپ، بۇ مۇتەخەسسىس ئۇلارنى تۈركلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىگە ئىشىنىپ، شۇنىڭدەك تۈرك بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تۈرك قېرىنداشلىرىنىڭ تىلى ۋە ئەنئەنىلىرىنى چۈشىنىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ توپلاپ چىققان. خۇددى ئىسلام دۇنياسىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدىكى ئەرەب فىلولوگلىرىغا ئوخشاش مەھمۇد قەشقەرىمۇ تۈركلەرنىڭ تىلى، شەجەرىسى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە بايان قىلىشتا تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

## 4. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى

قەشقەرى «دىۋان» دا تۆۋەندىكى تۆت ئورۇنغا ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە بىشارەت بېرىپ ئۆتىدۇ.

(1) خەلىفەئەلمۇقتەدىغا تەقدىم قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن (يازما نۇسخا 3 - بەت) بىشارەت بېرىدۇ. ئىسلام مەنبەلىرىدىن بىزگە مەلۇمكى، ئەلمۇقتەدى ھىجرى 467 - يىلى 13 شەئبان (مىلادى 1075 - يىلى ئاپرېل) دا تەختكە ئولتۇرۇپ، 487 - يىلى مۇھەررەم (1094 - يىلى فېۋرال) دە ۋاپات لغان.

(2) كالىندار (تەقۋىم) ھەققىدىكى مۇھاكىمىدە بىشارەت بېرىدۇ. «بارس» دېگەن سۆزلەمگە

بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارىغاندا (يازما نۇسخا 174 ـ بەتنىڭ ئاخىرىدا): «بۇ كىتابنى يازغان يىلىمىز 466ـ يىلىنىڭ مۇھەررەم ئېيى (بۇ مىلادى 1073 ـ يىلىنىڭ سېنتەبىر ـ ئۆكتەبىر ئايلىرى) غا توغرا كېلىدۇ. بولۇپ يىلان يىلى كىرگەن ئىدى. بۇ يىل ئۆتۈپ 466 ـ يىلىغا (ۋاراقنىڭ چېتىگە باشقا بىر ئادەم 67 دەپ تۈزىتىپ قويغان) قەدەم قويغاندا، ئات يىلى كىرگەن ئىدى».

(3) 513 ـ بەتتىكى «نەك» دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «بۇ كىتابنى يازغان ۋاقتىمىز 469ـ يىلى ناك يىلىدۇر» (بۇ يىل نەك ياكى يىلان يىلى بولىدۇ).

(4) خاتىمە قىسمىدا (يازما نۇسخا 638 ـ بەتنىڭ تۆگەنچى قىسمىدا) «كىتابنى 464 ـ يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشكەن (بۇ 1072 ـ يىلى يانۋارنىڭ 25 ـ كۈنى چارشەنبىگە توغرا كېلىدۇ.) ئىدىم، تۆت قېتىم قايتا يېزىپ تۈزىتىپ ۋە تەھرىرلەپ، 466 ـ يىلى جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 10 ـ كۈنى دۈشەنبە تۈگەتتىم (بۇ 1074 ـ يىلى 10 ـ فېۋرالغا توغرا كېلىدۇ)». بۇنىڭ 2 ـ ماددىسىدىكى زىددىيەتنى ئەھمەد زەكى ۋەلىدى (توغان) ھەل قىلدى⑭. ئۇنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتۈشىچە، يىلان يىلى ئەمەلدە 469 ـ يىلى باشلىنىدۇ. ئات يىلى 470 ـ يىلىدۇر. مۇنداق بولغاندا، «466» دېگەن رەقەم 469 نىڭ خاتا يېزىلغانلىقىدۇر. 469 ـ يىلىنىڭ مۇھەررەم ئېيى 1076 ـ يىلىنىڭ 8 ـ 9 ـ ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ۋاراقنىڭ چېتىدىكى ئاتالمىش تۈزىتىش يەنى 69 نى 70 دېگەن تۈزىتىش، بىرىنچى خاتالىق ئاساسىدا قىلىنغان مېخانىك «تۈزىتىش» بولۇپ، بۇ خاتا.

لۇيىس بازىن ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ھەققىدە بەك ماھىرانە بىر شەرھىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى⑮ بازىننىڭ ئېيتىشىچە، «466 مۇھەررەم» «دىۋان» نىڭ دەسلەپ يېزىلغان ۋاقتىنىڭ بىر ئىزى ئىكەن، 466 ـ يىلى مۇھەررەم خۇددى يۇقىرىدا 4 ـ ماددىدا كەلتۈرۈپ ئۆتكەن «خاتىمە» دىمۇ بار. بازىن «466» بىلەن «469» يىللار «دىۋان» نى قەشقەرى تۆت قېتىم قايتا يېزىشنىڭ ئاۋۋالقى 3 ـ قېتىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دەيدۇ. شۇڭا بۇ يەردە دېيىلگەن 466 ـ يىل «دىۋان» ئەمەلدە تاماملانغان 476 نىڭ كۆچۈرمە خاتاسى بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە بازىننىڭ نۇقتىئىنەزەرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 466 ـ يىلىنىڭ «دىۋان» يېزىپ تاماملانغانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇددىتى بولالماسلىقىنىڭ ئىككى سەۋەبى بار. بىرىنچىدىن، بۇ ۋاقىت چوقۇم 469 ـ يىلىدىن كېيىن بولىدۇ. بۇ يىل «دىۋان» نىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئاپتور «بۇ كىتابنى مۇشۇ يىلى يازغانلىقى» نى تىلغا ئالىدۇ (يۇقىرىقى2ـ، 3 ـنۇقتىلار). ئىككىنچىدىن، ۋاقىت (تاماملانغان ۋاقىت) 467ـ يىلىدىن كېيىن بولۇشى كېرەك. چۈنكى 467 ـ يىلى مۇقەددى تەختكە چىققان (يۇقىرىقى 1 ـ نۇقتىغا قاراڭ) 466 ـ يىلى يىلان يىلى بولغانلىقتىنلا خاتىمىدىكى 469 ـ يىلىنىڭ كۆچۈرمە خاتاسى بولالمايدۇ. قەشقەرى كىتابنى469ـ يىلىدىن ئىلگىرى يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن. ئۇ بۇ ئەسەرنى رەجەپ ئېيىغا كەلگەندىلا يېزىشقا باشلىغان. جۇمادىيەل ئاخىرىدا تاماملىغان. بۇ ۋاقىتمۇ يىلان يىلىدا بولۇشى كېرەك. بازىننىڭ خاتىمىدىكى 466ـ يىلنى 476 ـ يىل دەپ تۈزەتكىنىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى ئاي ۋە كۈنلەر بايان قىلىنغان جۈملە مۇنداق: «يوم الاثنين العاشر من جمادى الاخر من سنەست وستين) (15: 638) بازىن بۇنىڭ مەنىسى 466 ـ يىلىنىڭ 12 ـ جۇمادىيەلئاخىرى» دېگەندىن ئىبارەتلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما بۇنى «يوم الاثنين العاشرمن» دەپ ئوقۇش لازىم دەپ قارايدۇ. بۇ گەپ بويىچە بۇنىڭدىكى «يوم الاثنين» نى پەقەت دۈشەنبە دەپ ئوقۇشلا مۇمكىن، «ئالعاشر» 10 ـ كۈن دېگەن بولىدۇ. فورونولوگىيىلىك كالىندار جەدۋىلىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك، 10 ـ جۇمادىيەل ئاخىر 466ـ ۋە 469 ـ يىللارنىڭ دۈشەنبە كۈنى ئىكەن (474، 477، 482 ـ يىللاردىمۇ شۇنداق)، ئەمما 476ـ يىلى بۇ كۈن چارشەنبە ئىكەن.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خاتىمىدىكى 466 ـ يىل 469 ـ يىلىنىڭ كۆچۈرمە

خاتاسىدۇر. (4 ـ ئۇقتىدا كۆرسىتىلگەندەك) ۋاقىت تەھلىلى بويىچە قارىغاندىمۇ 466 ـ يىلى 469 ـ يىلىنىڭ كۆچۈرمە خاتاسى (2 ـ ئۇقتىسىغا قاراڭ). 17 ـ 14 : 174 ـ بەتلەردىكى مۇجمەل ئىبارىلەرنى تۆۋەندىكىچە چۈشىنىش كېرەك. «بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمىز 466 ـ يىلىنىڭ مۇھەررەم ئېيى ئىدى. مۇشۇ يىل تۈگەپ 470 ـ يىلى باشلانغاندا يىلان يىلى باشلىنىدۇ. «ئەسلى تېكىستنى مۇشۇنداق تۈزىتىپ ئوقۇساق، ئەسلى تېكىستتىكى زىددىيەت تولۇق ھەل بولىدۇ». ⑯

بۇ مۇلاھىزىمىز توغرا بولغاندا، «دىۋان»نىڭ خاتىمىسىدە كۆرسىتىلگەن يېزىلىپ بولۇش ۋاقتىنى 469 ـ يىلى جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 10 ـ كۈنى (1077 ـ يىلى 1 ـ يانۋار) دۈشەنبە دەپ تۈزەتكەن ياخشى.

| ھەپتىنىڭ كۈنلىرى | مىلادى | ھىجرىيە | ئىزاھات |
|---|---|---|---|
| چارشەنبە | 1072 ـ يىلى 25 ـ فېۋرال | 464 ـ يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ 1 ـ كۈنى | كىتاب يېزىلىشقا باشلىغان |
| | 1073 ـ يىلى 14 ـ مارت | 465 ـ يىلى 2 ـ رەجەپ | كالا يىلى |
| | 1073 ـ يىلى سېنتەبر ـ ئۆكتەبر | 466 ـ يىلى مۇھەررەم | 469 ـ يىلىنىڭ خاتا يېزىلىشى |
| دۈشەنبە | 1074 ـ يىلى 2 ـ فېۋرال | 466 ـ يىلى جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 10 ـ كۈنى | بۇمۇ 469 ـ يىلىنىڭ خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك |
| | 1075 ـ يىلى 4 ـ ئاپرېل | 467 ـ يىلى شەئبانىنىڭ 13 ـ كۈنى | ئەلمۇقتەدىنىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى |
| | 1076 ـ يىلى 14 ـ مارت | 468 ـ يىلى شەئبانىنىڭ 5 ـ كۈنى | بۇ لەھەڭ يىلى |
| | 1077 ـ يىلى 14 ـ مارت | 469 ـ يىلى شەئبانىنىڭ 15 ـ كۈنى | بۇ يىلان يىلى |
| | 1078 ـ يىلى 14 ـ مارت | 470 ـ يىلى شەئبانىنىڭ 26ـ كۈنى | بۇ ئات يىلى |
| | 1076 ـ يىلى ئاۋغۇست ـ سېنتەبر | 469 ـ يىلى مۇھەررەمگە توغرا كېلىدۇ | |
| دۈشەنبە | 1077 ـ يىلى 9 ـ يانۋار | 469 ـ يىلى جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 10 ـ كۈنى | بۇ كۈننى ئاخىرقى قېتىم تەھرىرلىك قىلىنغان يىل دېسەك بولار |
| چارشەنبە | 1083 ـ يىلى 25 ـ ئۆتەبر | 476 ـ يىلى جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 10 ـ كۈنى | |
| جۈمە | 1083 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبر | 476 ـ يىلى جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 12 ـ كۈنى | بۇ بازىنىڭ كىتاب پۈتكەن يىل ھەققىدىكى پىكرى |

## 5 ـ تىتول بەت

تىتول بېتىدىكى نەرسىلەرنىڭ (يازما نۇسخا 1 ـ بەت) ھېچبىرى قەشقەرىنىڭ ئەمەس. شۇڭا بىز ئۇنى ئاساسىي تېكىست تەرجىمىسى قاتارىغا كىرگۈزمىدۇق. ئەمما بۇ بەتتىكى ماتېرىياللار ئەسلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېكىستنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشقا نۇرغۇن پايدا يەتكۈزەلەيدۇ. تا مۇشۇ كۈنگىچە بۇ ماتېرىيال ناتوغرا چۈشىنىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا بۇ بەت ھەققىدە تەلتۆكۈس مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاۋۋالقى ئىككى قۇردا ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى ۋە ئاپتورى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ تامامەن كۆچۈرگۈچىنىڭ قەلىمىدىن چىققان.

ئەسەر ماۋزۇسى بىرىنچى قۇردا بولۇپ، بۇنىڭ تولۇق تېكىستى: «كىتاب دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دېگەندىن ئىبارەت.

2 ـ قۇردا «مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەت ئەلكاشغەرىنىڭ ئەسىرى، ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي» دېگەندىن ئىبارەت سۆزلەر يېزىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قۇر بوش قالدۇرۇلۇپ، 15 قۇرلۇق بىر ئۇزۇن تېكىست يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ بەتتىكى ئومۇمىي قۇر سانى 17 بولۇپ باشقا بەتلەردىكى قۇر سانىغا ئوخشاش. قەلەم ئىزىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزلەر يازما نۇسخىنىڭ باشقا قىسىملىرىنى كۆچۈرگەن ئادەم قەلىمىدىن چىققان. (پەرقى پەقەت ئىشلەتكەن قەلىمى سەل ئىنچىكىرەك).

شۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، كۆچۈرگۈچى ياكى ھامىيسى بۇ بەتتىكى سۆزلەرنى پۈتۈن ئەسەرنى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يازغان ۋە ئۇنىڭ ھەجمىنى قالغان بەتلەرنىڭ ھەجمىگە مۇۋاپىق كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. بۇ بەتتىكى تېكىستنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە تۆۋەندە توختىلىمىز.

بۇ بەتتە ئىككى جايدا كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ۋاراق چېتىگە يېزىپ قويۇلغان سۆزلەر بار. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ۋاراقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بوش جايدا 2 ـ قۇر بىلەن 3 ـ قۇر ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى مەزكۇر ئۇزۇن تېكىستنى ئىزاھلاشتىن ئىبارەت⑰. ئىككىنچىسى، بەتنىڭ ئۈستىدىكى بوش جايدا بولۇپ، «بۇ كىتاب مۇھەممەت ئىبن ئەھمەت كاتىپ دەرىياغا خاسدۇر. تەڭرىم ئۇلار (ئاتا بالا ئىككەيلەن) نى ئەپۇ قىلغاي» دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت. ئاندىن بىر بوش جاي قالدۇرۇلۇپ «س» (سىن) ھەرپى يېزىلغان (بۇ «سەنە» — يىل دېگەن سۆزگە ئىشارەت بولسا كېرەك). ناھايىتى روشەنكى، بۇ كىتاب ساھىبىنىڭ كىتابقا ئىگىدارچىلىق ئىمزاسى.

بۇ سۆزلەرنىڭ خېتى مەزكۇر بەتتىكى ئۇزۇن تېكىستنىڭ ۋە ئەسلى تېكىستنىڭ خېتىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. (دىققەت: ئاخىرقى ھەرپى الله شەكلىدە يېزىلغان) كىتاب ساھىبىنىڭ مۇشۇ سۆزلىرى يېنىغا «بىلقاھىرە» (قاھىرەدە) دېگەن سۆز يېزىلغان. بۇ سۆزنىڭ ئاستىدا «سىنە» (يىل) دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا «803 ـ يىل» (بۇ مىلادى 1400—1401 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ) دېگەن سۆز يېزىلغان. بۇ يەرگە بۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسە يېزىلمىغان، ئەگەر يېزىلغان بولسا، ئۇنى تونۇۋالغىلى بولاتتى. كىلىسلى رىفئەت (بىلگە): بۇ دەرىيانى مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد ئىبن سۇلايمان ئەلئەنسارى ئەددەمەشقى ئەددارانى (ھ. 745 — 810 م. 1344 — 1407)⑱ نىڭ نەق ئۆزىدۇر دەيدۇ. بۇ پىكىر تامامەن توغرا.

رىفئەت يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتتىكى، بۇ دەرىيا — دارانىنى تىتول بەتتىكى تېكىستنىڭ ئاپتورى دېيىشكە ھېچقانداق ئاساس يوق.

ئىتتۇر روسىمۇ مۇشۇ تىتول بەتتىكى بۇ تېكىست ھەققىدە بىر ماقالە يازغان⑲. بۇ ماقالىدە، رىفئەتنىڭ تېكىست مەزمۇنى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تولۇقلىدى. ئۇ رىفئەتنىڭ بۇ سۆزلەرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد دەرىيا دېگەن كۆز قارىشىنى تامامەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە گەرچە مەن بۇ يەردىكى يىل، ئاي، كۈن ئاستىغا يېزىلغان ئىمزانى كۆرەلمىگەن بولسامۇ (بەللى! ) دەپ ئىلاۋە قىلىدۇ. بۇ سەۋەب ھەقىقەتەن توغرا. ئىمزا، يىل، ئاي، كۈننىڭ ئاستىغا ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدىكى ئاق جايدا، ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ يەردىكى تېكىست بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز. بۇ

ئەھۋالنى روسسى 1924 - يىلى يازما نۇسخىنى كۆرگەندە چوقۇم ئۇچراتقان. لېكىن 30 يىل ئۆتۈپ بۇ ماقالىنى يازغاندا، بۇنى ئۇنتۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا رىفئەتنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇغاندا ئۇ خاتا چۈشىنىپ قالغان.

رىفئەت بىلەن روسسىلار ئەرەبچە تېكىستنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن. بەزى جايلارنى سەل ئۆزگەرتكەن، بولۇپمۇ روسسى بۇنىڭدا بەزى خاتالىقلارغا يول قويغان.

روسسى تەرجىمىسىنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ بۇ يەردە ئىپتىلغان «تۈرك» سۆزى بىلەن «قىپچاق» سۆزىنىڭ بىر ئۇقۇملىقىنى، بۇ ئۇقۇم «تۈركمەن» دېگەن ئۇقۇمغا قارىمۇ قارشى ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. «دىۋان»دا تەسۋىرلەنگەن تىلدىن قارىغاندا، بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورىنىڭ تىلى تۈركمەن تىلى ئەمەس، تۈرك - قىپچاق تىلىغا يېقىن تىل بولسا كېرەك. بۇ ئالاھىدىلىك مەملۇكلەر دەۋرىدىكى تىل ئالاھىدىلىكىگە يېقىن كېلىدۇ. ئۇ چاغدا تۈركىي قەبىلىلەردىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان كىشىلەر قىپچاق قەبىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان كىشىلەر ئىدى.

بىزگە مەلۇم بولغانەك، روسسىمۇ رىفئەتكە ئوخشاش بۇ تېكىست تەخمىنەن ھ 803 - (م 1400) يىلى قاھىرەدە يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىدۇ. بىز بولساق، بۇ تېكىست ھ 664 (م 1266 -) يىلى دەمەشقتە يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىمىز. بۇ تېكىست ئاساسىي تېكىستنى كۆچۈرگۈچى تەرىپىدىن يېزىلغان. (گەرچە مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر بولمىسىمۇ). بۇ كاتىپ ئۆز ئىسمىنى «دىۋان»نىڭ خاتىمە قىسمىغا يېزىپ قويغان (يازما نۇسخا 638 - بەت). ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى: مۇھەممەت ئىبن ئەبۇلفاتھ بولۇپ، ئەسلى يۇرتى ساۋا، كېيىن دەمەشقتە ياشىغان.

«دىۋان»نىڭ بىرىنچى ۋارىقى كۆپ قېتىم قول تەككەن بولغاچقا، بۇ تېكىستنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئۇپراپ تونۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. بىز بۇ يەردە ئەسلى تېكىستنى پۇختا كۆزىتىش ئاساسىدا بۇ تېكىستقا ترانسكرىپسىيە بېرىپ قايتىدىن تەرجىمە قىلىپ چىقتۇق. ئوتتۇرا تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان جايلار ئوقۇغاندا ئانچە ئىشەنچ قىلالمىغان جايلاردۇر. (ئۇيغۇرچىدا بۇ يەردىكى ترانسكرىپسىيە ۋە ئەرەبچە تېكىست قىسقارتىلىپ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئېلىندى) بىزنىڭ كۆپچىلىك كۆز قاراشلىرىمىز كىلىسلى رىفئەت بىلەن ئوخشاش.

بىز بۇ كىتاب (دىۋان) تۈركمەن تىلى ئاساسىدا يېزىلغان دېگەن پىكىرگە قوشۇلالمايمىز. تۈرك تىلىدىنمۇ تۈركمەن تىلىدىنمۇ بىخەۋەر ئادەملەرلا شۇنداق دېيىشى مۇمكىن.

ئەگەر بىز تۈركمەن تىلىدىن تولۇق خەۋەردار ئادەمگە بۇ كىتابتىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ بەرسەك، ئۇ ئادەم «بىز تۈركمەنلەر ئۇنداق دېمەيمىز» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى سۆزنى قىلغۇچىلارنىڭ تۈركمەنلەرنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكى ئايان بولۇپ چىقىدۇ. بىر سۆزنىڭ تۈركمەنلەردىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپلا بۇ سۆزنى قىپچاقلارنىڭ سۆزى ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى نۇرغۇن سۆزلەر تۈركمەن تىلى بىلەن قىپچاق تىلىدا ئوخشاش شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ مەزكۇر ئادەمنىڭ قىپچاقلارنىڭ تىلى، شېئىر - بېيىتلىرى ۋە ماقال - تەمسىللىرىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئادەملەر بۇرۇنقى يۇرتلىرىدىن ياش ۋاقتىلىرىدا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ياش بىر ئادەمنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ تىلىنى تولۇق بىلىپ كېتىشى ناتايىن. ئەمەلىيەتتە بەزى چوڭ ئادەملەرمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىز دائىم شۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرۈمىزكى، ئەرەب ئەللىرىدىن كېلىپ مەخسۇس تىل كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىرمۇنچە ئادەملەرمۇ بەزىدە ئۆزلىرى ئەزەلدىن چۈشەنمەيدىغان بەزى ئەرەبچە سۆزلەرگە دۇچ كەلگەندە مۇنداق سۆزلەرنى لۇغەتلەردىن ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

مەن تۈركىي تىلدا تۈزۈلگەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئوقۇغانمەن، بۇ تىلنى ئوبدان چۈشىنىمەن. ئەمما،

بۇ كىتابتەك ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان ھېچبىر كىتابنى كۆرگىنىم يوق. پەقەت تۈركىي تىلنى پۇختا بىلگەن ئادەملەرلا بۇ (ئەسەر) نىڭ قىممىتىنى چۈشىنەلەيدۇ. تەڭرى بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورىغا رەھىم - شەپقەت قىلغاي!

## 6. سىيانىڭ رەڭگى ۋە كېيىنكى قەلەم ئىزلىرى

كۆچۈرگۈچى كاتىپ ئاۋۋال ساۋالىق بولۇپ، كېيىن دەمەشقتە ماكانلاشقان مۇھەممەد ئىبن ئەبۇ بەكر ئىبن ئەلفاتىھ بولۇپ، بۇ ئادەم بۇ ئەسەرنى ھ 664/م 1266 ـ يىلى دەمەشقتە كۆچۈرۈپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدە قەيت قىلىپ ئۆتكەن «مەن بۇ ئەسەرنى بىۋاستە ئاپتورنىڭ قول يازمىسىدىن كۆچۈردۈم» دېگەن سۆزىدە ھېچقانداق گۇمان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. كۆچۈرۈشتىكى خېلى كۆپ ئىملا خاتالىقلىرى ئۇنىڭ بۇ ئەسەر ماتېرىياللىرىدىن بىخەۋەرلىكىدىن كېلىپ چىققان. (بۇ ھەقتە «كۆچۈرمە خاتالىقلىرى» دېگەن ماۋزۇغا قارالسۇن). ئۇ پۈتۈن ئەسەرنى ناھايىتى ئوچۇق خەتتى نەسخ بىلەن كۆچۈرگەن. ھەربىر بەتكە 17 قۇر خەت يازغان. قارا سىيا ئىشلەتكەن. بەزى ئالاھىدە ماددىلارنى قىزىل سىيا بىلەن يازغان. بۇنداق ئالاھىدە ماددىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: چوڭ ۋە كىچىك ماۋزۇلار، قۇر بېشى ھەرپلىرى بۇلار پۈتۈن ئەسەردە ئىزچىل مۇشۇنداق قىلىنغان. (14: 67 دە قارا سىيا بىلەن يېزىلغان بىر ماۋزۇ ئۇچرايدۇ.) تۈركىي تىلدا يېزىلغان ماتېرىياللارنى تەكشۈرگەن قىسىم (يازما نۇسخىنىڭ 16: 142 دىن باشلىنىدۇ) ئاۋۋالقى 12 بەتتىكى تۈركىي سۆزلەرمۇ قىزىل سىيا بىلەن يېزىلغان. يازما نۇسخىنىڭ 3 ـ بېتىدىكى خەلىفىگە قىلىنغان ھەمدۇسانالار؛ يازما نۇسخىنىڭ 8 ـ بېتىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھەرپ نۇسخىلىرى (يازما نۇسخىنىڭ 6 ـ بېتىگە ۋە 204 ـ بەتتىكى «ķalin» دېگەن سۆزلەمدە بېرىلگەن ئۇيغۇرچە ھەرپلەر قارا سىيادا، ئەرەبچە ھەرپلەر قىزىل سىيادا بېرىلگەن) 1—40 ـ بەتتىكى ئوغۇز ئۇرۇقلىرىنىڭ ناملىرى جۈملىلەرنىڭ تۈگەش نۇقتىلىرى (چېكىتلەر) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارمۇ ئايرىم قىزىل چېكىت بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلگەن (بۇ ئەھۋاللارنى بىز تەرجىمىدە ئىپادە قىلالمىدۇق) ھەربىر قىسىم تۈگىگەندە قويۇلغان زىننەتلەش ئالامەتلىرى (تۆت چېكىت، ھا ھەرپى ۋە باشقىلارمۇ تەرجىمىدە ئىپادە قىلىنمىدى) بۇنىڭدىن باشقا تۈركچە ئەسلى تېكىستكە كىرگۈزۈلگەن قوشۇمچىلار ۋە تۈزىتىشلەرمۇ بەزىدە قىزىل سىيا بىلەن يېزىلغان. كۆچۈرگۈچى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قايتا كۆچۈرۈپ چىققاندا (ھەممىنى ياكى بىر قىسمىنى) كۆزگە چېلىققان كۆچۈرمە خاتالىرىنى تۈزەتكەن، چۈشۈپ قالغان جايلىرىنى قوشقاندىمۇ شۇنداق قىلغان.

گەرچە ئەسلى تېكىستتە خۇددى بىز كۆرۈپ تۇرغاندەك ھەممە تۈركچە ۋە ئەرەبچە سۆزلەر ھەرىكىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئەسلى ئەسەردە بۇلار ئۇنداق بولمىسا كېرەك. ئەسلى ئورىگىنالدا ھەرىكىلەر بەك ئاز بولغان، بۇ ھال قەشقەرى قول يازمىسىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، يازما نۇسخىنىڭ 46 ـ 58 ـ بەتلىرىدىكى ئەرەبچە سۆزلەرگە قويۇلغان 100 ھەرىكە بوز سىيا بىلەن قويۇلغان. بۇلاردىن باشقائەسلىدە قارا سىيا بىلەن قويۇلغان ئىككى ھەرىكە بوز سىيا بىلەن تۈزىتىلگەن. بىز تۈركىي تىلدا يېزىلغان ماتېرىيالنى مىسال قىلىپ ئالايلى. يازما نۇسخىنىڭ 62 ـ 63 ـ بەتلەردىكى تۈركىي سۆزلەرگە قويۇلغان 81 ھەرىكە بوز سىيا بىلەن قويۇلغان. باشقا ئىككى ھەرىكە دالنىڭ ئۈستىگە ئەسلىدە قارا سىيا بىلەن يېزىلغان سۇكۇننىڭ بوز سىيا بىلەن تۈزىتىلگەن شەكلىدىن ئىبارەت. يەنە بىر مىسال 103 ـ بەتتىكى «igəx» دېگەن سۆزگە كەلتۈرۈلگەن مىسالدىكى ئىككى ھەرىكە ئەسلىدە قارا سىيا بىلەن قويۇلغان. بۇ ئىككى ھەرىكە مەزكۇر سۆزلەمنىڭ قانداق ئوقۇلۇشىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. باشقا ھەرىكىلەرنىڭ ھەممىسى بوز سىيا بىلەن كېيىن قويۇلغان.

سىيانىڭ رەڭگى «دىۋان» دىكى ھەر خىل قەلەم ئىزلىرىنى ئايرىشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئەمەس. ئەلۋەتتە قەلەم ئۇچىنىڭ شەكلى ۋە توملۇقى ھەرپلەرنىڭ قىياپىتى (ھەرپلەرنىڭ شەكلى ۋە ھەرىكىلىرى) مۇ مۇشۇنداق ئۆلچەم بولالايدۇ. مۇشۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن سېلىشتۇرغاندا، ئەسلى تېكستتا پەقەت كېيىنكى بىرلا قەلەم ئىزى ئۇچۇق كۆرۈنىدۇ. بىزنىڭ پەرىزىمىزچە، ئەسلى تېكستتىكە كىرگۈزۈلگەن تۈزىتىشلەرنىڭ 99% ى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن چىققان. (بىز بۇنى كېيىنكى بىرسىنىڭ قەلەم ئىزى دەيمىز). بۇ ئادەم XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دەمەشقتە ياكى قاھىرەدە ياشىغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئەرەبچە ۋە تۈركچە تېكىستلارغا ھەرىكە قويۇپ چىققان. شۇنىڭدەك ئەرەبچە ۋە تۈركچە خاتالىقلارنى تۈزىتىپ چىققان. پۈتۈن يازما نۇسخىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە بۇ ئادەم ئارىلاش سىيا ئىشلەتكەن. ھازىر بۇنداق سىيا بىلەن يېزىلغان خەتلەر بوز رەڭگە ئايلانغان. (بۇ ئوكسىدلىنىش ياكى سىياغا قوشقان نەرسىدە خىمىيۋى ئۆزگىرىش بولۇش سەۋەبىدىن شۇنداق بولغان بولسا كېرەك) بۇ بوز رەڭ يازما نۇسخىنىڭ باشتىكى قىسمىدا سۇسراق كۆرۈنىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ پائالىيىتى باشتىن ئاياغ ئىزچىل داۋام قىلغان. بۇ چاققىچە كېيىنكى ئادەمنىڭ تۈزىتىشلىرىگە بېرىلگەن باھالارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئوتتۇرا (ئاسىيادىكى) تۈركچىنىڭ سوزۇق تاۋۇش سىستېمىسىنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. بۇ (ئادەم) قولىدا «دىۋان» نىڭ باشقا بىر نۇسخىسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا (دىۋان) تېكىستىدىكى خاتالارنى ئۆز دىئالېكتى ئاساسىدا تۈزەتكەن. كىلىسلى رىفئەت بۇنى بايقىغاندا توغرا دەپ قوبۇل قىلغان. ئەگەر ئۇ ئەسلىدە قارا سىيا بىلەن قويۇلغان ھەرىكىلەرنى سىزىۋېتىپ ئۈستىگە ياكى يېنىغا بوز سىيا بىلەن ھەرىكە قوشۇپ قويغانلىقىنى كۆرگەن بولسا، ئۇ بوز رەڭدىكى ھەرىكىنى ھەقىقىي ھەرىكە دەپ تونۇشتا ئىككىلەنمىگەن بولاتتى. شەرق ئىلىم دۇنياسىدا ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان پرىنسىپلار بويىچە ئەسلى تېكستنى تۈزەتكەن ئادەم كۆچۈرمىدىكى خاتالىقنى قانداق تۈزىتىپ ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىدۇ (رىفئەتمۇ تېكستنى ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغان شەكىلدە ھېچ ئىككىلەنمەستىن تۈزىتىپ بارغان. بۇنىڭدا ئۇ تۈركىي سۆزلەردە ئەرەبچە سۆزلەرگە قارىغاندا يەنىمۇ زور قىيىنچىلىق ھېس قىلغان). بېسىم ئاتالاي گەرچە ھاشىيەدە ھەر خىل رەڭدىكى ھەرىكىلەردىكى مۇرەككەپلىكلەرگە كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا كىلىسلى رىفئەتنىڭ ئىزىدىن ماڭغان. كلاۋسون ئەپەندى كېيىن تۈزەتكەن بىر ياكى بىرنەچچە ئادەمنىڭ تۈزىتىشلىرى ئاكتۇئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرى پەقەت پەرەز ھالىتىدىلا قېلىپ قالغان. چۈنكى ئۇ 1941 ـ يىلىدىكى فاكسىمىل نۇسخىنىلا ئاساس قىلغان. بىز ئۆزىمىزنىڭ تۆۋەندىكى مۇلاھىزىلىرىمىزدە ئەسلى يازما نۇسخا ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىنچىكە كۆزىتىشلىرىمىزنى ئاساس قىلدۇق. بىز ئىنگلىزچە تېكستتا كىرگۈزگەن ھەم تۈركچە ماتېرىياللارنىڭ ترانسلىتراتسىيىسىدە كېيىنكى ئادەملەر كىرگۈزگەن تۈزىتىشلەردىن ئوچۇق پەرق ئېتىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي ئالدۇق. (بۇلارنى [OU. I A سۇكۇن ئۇچۇن] شەكلىدە ئىپادە قىلدۇق، ياكى مۇشۇ يەردە ئىزاھلاپ ئۆتتۇق). شۇ يول بىلەن بىز XIV ئەسىردە كىرگۈزۈلگەن تۈزىتىشلەرنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، XII ئەسىردىكى كۆچۈرمە نۇسخىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ XI ئەسىردىكى ئاپتور قول يازمىسىغا ئەڭ يېقىن قىياپىتىنى تىكلەش ئۈچۈن تىرىشتۇق.

بوز رەڭلىك سىيا ئەڭ دەسلەپىدە يازما نۇسخىنىڭ 3 ـ 2 : 21 ـ بەتلىرىدىكى قەبىلە ئۇرۇق ناملىرىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ ھال ئەرەبچە تۈركچە تېكىستلارنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلدى.

121 ـ، 124 ـ بەتلەردىكى خەتلەر تامامەن قارا سىيا بىلەن يېزىلغاندىن باشقا 26 ـ بەتتىن 200ـ بەتكىچە بولغان ھەممە بەتلەردە بۇ خىل ئەھۋال (بوز سىيالىق خەت) مەۋجۇت. مۇنداق بوز رەڭلىك سىيا بىلەن يېزىلغان سۆزلەر 14 : 441 ـ بەتتە قايتىدىن كۆرۈلىدۇ ۋە 445 ـ بەتكىچە داۋام قىلىدۇ،

شۇندىن كېيىن يەنە ئىزچىل قارا سىيالىق خەتلەر باشلانسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ رەڭگى باشقا ئورۇنلاردىكى كۆپچىلىك تېكىستلارنىڭ رەڭگىدىن پەرق قىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى ئاساسىي تېكىستلاردىكىدەك تۇم قارا ۋە ئوچۇق ئەمەس. بۇ خىل رەڭ كېيىن 481 ـ، 516 ـ بەتلەردە يەنە كۆرۈلىدۇ. ئاندىن كىتابنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 570 ـ، 600 ـ بەتلەردە يەنە كۆرۈلىدۇ. خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، بۇ بەتلەردىكى تۇم قارا رەڭنى ئەسلى تېكىستتىكى قارا سىيانىڭ رەڭگىدىن پەرق ئېتىش تەس. چۈنكى ئەسلى تېكىستتىكى قارا سىيا رەڭگى بەزى جايلاردا كونىراپ بوز قىياپەتكە كىرىپ قالغان.

كېيىنكى قەلەم ئىزلىرىدىن قارىغاندا، بۇ قەلەم ئىگىسى بىر سۆزنى ئىككى قۇرغا بۆلۈپ يېزىشنى ياقتۇرمايدىكەن. 11ـ 10 : 135 ـ بەتتىكى «اقرمنى» (ئۇ مېنى ئەنسىرەتتى) دېگەن سۆز ئەسلى ئورىگىنالدا ئىككى قۇرغا بۆلۈپ (يەنى «اقره» 10 ـ قۇردا منى «بب» 11ـ قۇردا) يېزىلغانىكەن. كېيىنكى قەلەم ئىگىسى بۇ ئىككى سۆزنى 10 ـ قۇرنىڭ ئۇدۇلىدىكى بوش يەرگە ئىككىگە بۆلمەي يېزىپ قويغان. خۇددى شۇنداق 12ـ 11 : 104 ـ بەتتە «unaxdïlar» دېگەن سۆز ئىككىگە بۆلۈپ يېزىلغانىكەن، كېيىنكى قەلەم ئىگىسى 11 ـ قۇرغا يەنە بىر «دىلار»نى ئىلاۋە قىلىپ مەزكۇر سۆزنىڭ يېرىمىنى تولۇقلاپ قويغان.

ئۇ يەنە ئەرەبچە تېكىستتىكى بىرقانچە خاتالىقنىمۇ تۈزەتكەن. مەسىلەن، 5 : 30 ـ بەتتىكى «شادلان» دېگەن سۆزدە «د» كەم يېزىلغانىكەن، بۇ ئادەم بۇنى قوشۇپ قويغان. 5 : 35 ـ بەتتىكى «يحتليچ» دېگەن سۆزدىكى ـﺤ خەتنىڭ ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇپ «ﺨ» قىلىپ تۈزەتكەن، 5 : 38 ـ بەتتىكى گراممatikىغا خىلاپ بولغان «نغسهى» سۆزىنى «نغسهها» قىلىپ تۈزەتكەن، 8 : 43 ـ بەتتىكى بىر شېئىر تەرجىمىسىدە توغرا يېزىلغان «جبدخا»نى «جبد ها» قىلىپ ئۆزگەرتكەن، نەتىجىدە بۇ خاتا بولۇپ قالغان. 6 : 47 ـ بەتتىكى «ئەلئىقام» دېگەن سۆزدىكى چۈشۈپ قالغان «قا»نى قوشۇپ قويغان. يەنە 17 : 72 ـ بەتتىكى «وشت» سۆزىدىكى «ۋاۋ»نى قوشۇپ قويغان. 16 : 76 ـ بەتتىكى «بغلمير» دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزىنى تۈزەتكەن. 12 : 126 ـ بەتتىكى «الزجيه» دېگەن سۆزدىكى زەممىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش. پۈتۈن تېكىستتە «الژا» (قىياپەتكە كىرىپ دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزنى يازالماي «الربيه» قىلىپ تۈزەتكەن. بۇ خىل تۈزىتىش دەسلەپ يازما نۇسخىنىڭ 14 ـ بېتىدە ئۇچرايدۇ (قاراڭ)، ئەمما بۇ سۆزنىڭ 14 : 584 ـ ۋە 15 : 135 ـ بەتلەردىكى مۇئەننەس فورمىسى بولغان «ارت» ئۆزگەرتىلمىگەن. بۇ ئادەم ئەرەب فىلولوگىيىسىدىن ئوبدان خەۋەردار بولغان، بۇنى ئۇنىڭ 1 : 62 ـ بەتنىڭ چېتىدىكى ئىزاھاتى ۋە باشقا ئىزاھاتلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. (تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز).

ئۇ تۈركىي تېكىستلەرنى بىرقانچە خىل قىلىپ تۈزەتكەن. ناھايىتى ئاز بىر قىسىم تۈزىتىشلىرىنى ھەقىقىي تۈزىتىش دېگىلى بولىدۇ. ئۇ كۆپىنچە چۈشۈپ قالغان چېكىتلەرنى تولۇقلاپ قويغان. مەسىلەن، «ر» نى «ز» قىلغان. ئەمما قەشقەرى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئەتەي چېكىت قويمىغان جايلارغىمۇ چېكىت قويۇپ قويغان (ك ـ گ، ف ـ ۋ لاردا، بولۇپمۇ «سوۋ» دېگەن سۆزدە). 107 ـ بەتتىكى ürül — دېگەن سۆزلەمدە، «yalŋuk» دېگەن سۆزدىكى ئاخىرقى «ق»نى قوشۇپ قويغان. (ئەسلى ئورىگىنالدا بۇ سۆز «يلنكق» ‹yalŋuq› شەكلىدە بولۇپ كۆچۈرگۈچى ئاخىرقى «ق»نى «ۋاۋ» دەپ خاتا ئوقۇغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق چۈشۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن).

بۇ ئادەم يەنە ئەرەبچە تېكىستلارغا ئۆزىنىڭ بىلىمدانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ھەرىكە قويۇپ چىققان. ئەسلىدە «e» ئوقۇلىدىغان «I» (ئى) لارنىڭ ھەممىسىنى A قىلىپ تۈزەتكەن (بۇ ھەقتە «فونولوگىيە» قىسمىغا قاراڭ). شۇنىڭدەك ئەسلىدە سوزۇق تاۋۇش ئالامەتلىرىنى (ھەرىكەلەرنى) سىزىۋېتىپ، يېڭى ھەرىكىلەر قويغان.

كېيىن كىرگۈزۈلگەن مۇنداق تۈزىتىشلەر بۇ ئادەمنىڭ ئۆز دىئالېكتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ 53ـ بەتتىكى əw سۆزىنى öw قىلىپ ئۆزگەرتكەن، نەتىجىدە بۇ سۆز قىپچاقچە بولۇپ قالغان (560 ـ بەتتىكى

bəzə دېگەن سۆزلەرگە قاراڭ) . بەزى جايلاردا چىقىش - كېلىش قوشۇمچىسى بولغان - din نى - dān قىلىپ ئۆزگەرتكەن. بۇ بولسا ئوغۇز ۋە قىپچاق تىلىغا خاس ئالاھىدىلىك.[20]

ئۇ، بەزى جايلاردا da قوشۇمچىسىنى dan دەپ ئوقۇغان. (مەسىلەن: 60 - بەتتىكى oŋin ، 67- بەتتىكى üstün ، 77 — بەتتىكى asnu ، 102 - بەتتىكى aɣix ، 501 - بەتتىكى tül ، 515 - بەتتىكى yək ، 523 - بەتتىكى شېئىردا sanduvač لاردا) . ئۇ - əs نى əx قىلىپ ئۆزگەرتكەن، (93 - بەتتىكى əs 102 - بەتتىكى əsix ، 113 - بەتتىكى əsit ، 118 - بەتتىكى əstür لەرگە قاراڭ) ، يەنە ix «ئىش» سۆزىنى «is» ئوقۇغان (151 - بەتتىكى ixlən ، 305 - بەتتىكى ماقال-تەمسىلدىكى kopur لارغا قاراڭ) .

بۇ ئادەم سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ پروگراسسىۋ ئاھاڭداشلىق پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. بۇ قائىدە بويىچە 2 - بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ لەۋلىشىش ياكى لەۋلەشمەسلىكى بىرىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ لەۋلەشكەن ياكى لەۋلەشمىگەنلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. (بۇنىڭدا توپ سۆزلەردىكى ərü «ئېرىمەك» ، kori «قورىماق» سۆزلىرىنى əri ۋە koru شەكلىدە ئوقۇشقا مايىللىق كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىرقانچە مىساللىرى بار.

بۇ ئادەم بەدەن مەنىسىدىكى «yən» سۆزىنى پارسچە tān دەپ ئوقۇشقا تىرىشىدۇ (مەسىلەن: 159- بەتتىكى ərkəklən دېگەن سۆزلەمدە) . ئۇ ئۆزۈك تاۋۇشلار توپىنى قىسىملارغا ئايرىشقا تىرىشىدۇ. شۇ يول بىلەن ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسىدا چۈشۈپ قالغان سوزۇق تاۋۇشنى قوشۇپ قويىدۇ. (مەسىلەن: ōtnür نى θtünür قىلىپ قويىدۇ، تۆۋەندىكى مىساللارغا قارالسۇن) ، بۇ خىل خاھىش مورفولوگىيە كاتېگورىيىسىدىكى بۇرمىلىنىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەزىدە سۆز ئاخىرىدىكى an نى a an — دەپ تۈزىتىدۇ (تۆۋەنگە قارالسۇن) ، سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان sa— نى isa— دەپ تۈزىتىدۇ. (مەسىلەن، 141 - بەتتىكى icsa نى icisa قىلىپ قويىدۇ) . بۇ ئەھۋاللار بۇ ئادەمنىڭ قەشقەرى ئاساس قىلىپ ئالغان نورمال (ئەدەبىي) تىل سىستېمىسىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كېيىن قوشۇلغان قەلەم ئىزىنىڭ روشەن بىر ئالامىتى شۇكى، قەشقەرى بىر پەش بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشقان يەرلەرگە بۇ ئادەم ئارتۇقچە بىر پەش قوشۇپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. مەسىلەن، 16: 46- بەتتىكى ütüg نىڭ ئەسلى يېزىلىشى «اتك» ئىدى. بۇ يەردە پەش ئەلىفنىڭ سول تەرىپىگە قويۇلغان. ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ پەش ھەم ئەلىفكە ھەم «ت» گە خىزمەت قىلىدۇ، كېيىن تۈزەتكۈچى بۇ پەشنى پەقەت «ت» گە تەئەللۇق دەپ تونىغان (يەنى «ت» نىڭ ئۈستىگە يېزىلىشى كېرەك دەپ ئويلىغان)، شۇڭا ئۇ بوز سىيا بىلەن ئەلىفنىڭ ئۈستىگە بىر پەش قوشۇپ قويغان، باشقا ئەھۋاللاردا مۇنداق پەش بىرىنچى ھەرپنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇلىدۇ. بىزنىڭ ترانسلىتراتسىيىمىزدە بۇ سۆز U'UTK شەكلىدە كۆرسىتىلدى. 13: 75 - بەتتىكى «اتزو» - سۆزىدىكى بىرىنچى پەش «ت» نىڭ ئۈستىدە، بۇ توغرا بولمىسا كېرەك، شۇڭا بۇ ئادەم ئۇنى سىزىۋېتىپ، بۇ پەشنى بىۋاستە ئەلىفنىڭ ئۈستىگە يېزىپ قويغان. (131- بەتتىكى utrun دىكىگە ئوخشاش) ، بۇنداق ئەھۋاللاردا ئەسلى كۆچۈرگۈچى مۇنداق پەشلەرنىڭ ئورنىنى خاتا چۈشىنىپ ئەلىفنىڭ سول تەرىپىگە قويۇپ قويغان، بۇ بەلكى قەشقەرىنىڭ ئەسلىدىكى CuCu لىق بوغۇملىرى CuCC لىق بىر بوغۇم شەكلىدە يازىدىغان يەنى، باشتىكى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئوتتۇرىسىغا بىرلا پەش (سوزۇق تاۋۇش) قويۇش ئادىتىدىن كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھال 97- بەتتىكى ōpür ، 108 - بەتتىكى ükül — ، ögül دېگەنگە ئوخشاش مىساللاردا بەك روشەن كۆرۈنىدۇ. كېيىن تۈزەتكەن كىشى بۇ يەردىكى پەشلەرنى پەقەت ئىككىنچى ھەرپكە تەئەللۇق دەپ چۈشىنىپ، بىرىنچى ھەرپكە يەنە بىرنى قوشۇپ قويغان.

مۇشۇ پەشلەرگە قاراپ پەرەز قىلغاندا، كېيىنكى قەلەم ئىزلىرى تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ دەۋر لەۋ ئاھاڭداشلىقى ئىلگىرىكى ئىزچىل بولماسلىق ھالىتىدىن بىر قەدەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنچىكىلىق ھالىتىگە قەدەم قويغان دەۋردۇر. 103 ـ بەتتىكى ōgiș سۆزى بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ. يازما نۇسخىدا بۇ سۆز ئەسلىدە «اكش» —əgix شەكلىدە يېزىلغان، كېيىن تۈزەتكەن ئادەم بۇ سۆزدىكى «زىر»نى سىزىۋېتىپ، ئەلىفنىڭ ئۈلۈك تەرىپىگە «پەش» قويۇپ قويغان. بۇ بەلكىم بۇ سۆزنى 103 ـ بەتتىكى ōgüș سۆزى بىلەن بىر دەپ پەرەز قىلغانلىقتىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ تۈزىتىشلىرىدە پروگرېسسىۋ تاۋلاي ئاھاڭداشلىقىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، 85 ـ بەتتىكى azuklu نى بۇ ئادەم azikli دەپ تۈزەتكەن، يەنە شۇنداق خۇلاسىغا كېلىش مۇمكىنكى، بۇ ئادەم پېئىلنىڭ كېلەچەك زامان شەكلىدە ئوتتۇرا سوزۇق تاۋۇشنى ساقلاشقا تىرىشقان. ۋەھالەنكى، قەشقەرى بۇ سوزۇق تاۋۇشنى چۈشۈرۈپ قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان. مەسىلەن، 108 ـ بەتتىكى ōtün سۆزى پېئىلنىڭ كېلەچەك زامان شەكلىدە. ئەسلىدە «اتنور» ōtnür شەكلىدە يېزىلغان. كېيىن بوز سىيا بىلەن بۇ سۆزگە بىر پەش قوشۇپ (θtünür) قىلىپ قويۇلغان. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش 9 : 108 ـ بەتتىكى acin— سۆزىدىمۇ كېيىن تۈزەتكۈچى بۇ سۆزنىڭ كېلەچەك زامان شەكلىدىكى «اجنور» دېگەن سۆز ئۈستىدىكى سۇكۇننى زىرگە ئۆزگەرتىپ «acnur» نى «acinur» قىلغان.

بوز سىيا بىلەن يېزىلغان پەشلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار قارا رەڭدىكى پەشلەرگە رەڭدە ئوخشاش بولمىغاندىن تاشقىرى يېزىلىش شەكلىدىمۇ ئوخشاش ئەمەس㉑. بۇ پاكىت بىزنى ئەسلى نۇسخىسىنىڭ سىيا رەڭگىمۇ بوز بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەسلى نۇسخا بىلەن كېيىن قوشۇلغان ساختا ئالامەتلەرنى پەرقلەندۈرۈشتە يەنە بىر ئۆلچەم بىلەن تەمىنلەيدۇ. تۈزەتكەن ئادەم يازما نۇسخىدا 21 ـ بەتتىن ئىلگىرى ۋە 121 ـ 124 ـ بەتلەردە ھەم 200 ـ بەتتىن كېيىن (بۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بەتلەردىن باشقا) ئەسلىدىكىگە ئوخشاش قارا سىيا ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ بىرىنچى ئالامىتى يازما نۇسخا 17 : 8 ـ بەتتىكى «اق» سۆزىدە كۆرۈلىدۇ. ئەسلى تېكىستتە قىزىل سىيادا يېزىلغان «ق» بار ئىدى. (شۇنى ئەسلەپ ئۆتەيلى، كۆچۈرگۈچى ئەسلىدە 16 : 12 ـ بەتكىچە تۈركىي سۆزلەرنى قىزىل سىيا بىلەن يېزىپ كېلىپ، كېيىن قارا سىياغا كۆچكەن). كېيىنكى قەلەم ئىگىسى «ئەلىف» ئۈستىگە بىر ھەمزە قوشۇپ قويغان. («دىۋان»نىڭ تۈزۈلۈشى» دېگەن ماۋزۇغا قارالسۇن) شۇنىڭدەك «ئەلىف» بىلەن «ق» نىڭ ئارىسىغا بىر «ۋاۋ» نى ئىلاۋە قىلغان. (يەنى بۇ سۆزنى «اوق» شەكلىگە كەلتۈرگەن) ئاندىن يەنە 5 : 10 ـ بەتتىن باشلاپ بىر قىسىم قارا پەشلەرنى كۆرۈمىز. (يەنە شۇ ئەسلىدىكى قىزىل سىيالىق جايلاردا) بۇ يەردىكى پەشلەر كېيىنكى بوز رەڭلىك جايلاردىكىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەرەبچە تېكىستتىكى بىرمۇنچە پەشلەردىمۇ بايقىلىدۇ㉒. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، 8 : 11 ـ بەتتە ئەسلىدە «ياغاچ» شەكلىدە يېزىلغان سۆز «يىغاچ» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. يەنى كېيىن تۈزەتكۈچى بۇنىڭدىكى «ا» نى سىزىۋېتىپ «ـيـ» قىلىپ تۈزەتكەن㉓. 14 : 13 ـ بەتتىكى «قريغ» سۆزى ئەسلىدە «قرغ» ئىدى، ئەمما كېيىن تۈزەتكۈچى «ر» ھەرپىنى سۇكۇنلۇك قىلىپ ئۆزگەرتكەن. (ۋەھالەنكى، قەشقەرى بۇ يەردىكى كونتېكستتا بۇنداق ئورۇنلاردا بۇ سۆز «قوريغ» نىڭ قىسقارتىلغان شەكلى بولىدۇ دەپ «غ» نى ئەسلى سۆزدىكى «ي» غا قوشۇپ يازغان)، ئۇ يەنە 2 ـ پەشنى «ق» نىڭ ئۈلۈك تەرىپىگە قويغان (قۇرۇغ قىلغان). 11 ـ 10 : 17 ـ بەتتىكى «برغان»، «كلگەن» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زەۋەر «a» (براغان baraɣan، كلكان kələgən) ناھايىتى روشەنكى، كېيىنكى تۈزەتكۈچى تەرىپىدىن قوشۇلغان.

باشقا ھەرىكىلەرنىڭ پوچېرىك پەرقى پەشتەك ئوچۇق ئەمەس. 11ـ10 : 28ـ بەتتىكى «برغان baraɣan، ارغان uraɣan دېگەن سۆزلەردىكى تۇراقسىز زەۋەرلەرمۇ بوز رەڭلىك سىيا بىلەن يېزىلغان㉔ 8 : 19 G .anig (انك) دېگەن سۆزدىكى «بك» ئۈستىگە قويۇلغان ئۈچ چېكىتمۇ كېيىن تۈزەتكەن ئادەم تەرىپىدىن قويۇلغان. يازما نۇسخىنىڭ 27 ـ بېتىدىكى 1 ـ سۆز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ.

يازما نۇسخىنىڭ 201 ـ بېتىدىن باشلاپ بوز رەڭلىك سىيادا يېزىلغان جاي تۈگەيدۇ. ئەمما كېيىن تۈزەتكۈچىنىڭ قەلەم ئالاھىدىلىكى (پەش بىلەن سۈكۈننىڭ ئالاھىدە يېزىلىش شەكلى، قەلەم ئىزى ۋە قەلەم ئۇچىنىڭ شەكلى، تېكىستنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار) يەنە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، 201:7 ـ بەتتىكى bo in ئەسلىدە «بغن» شەكلىدە يېزىلغان، تۈزەتكۈچى «زىر»نى سىزىۋېتىپ ئىككى زەممە بىلەن بىر سۈكۈننى كىرگۈزۈپ «بغن» (bo°un) شەكلىگە كەلتۈرگەن. 201:12 ـ شېئىردىكى apaŋ سۆزى ئەسلى ئورىگىنالدا «ابنك» شەكلىدە يېزىلغان. تۈزەتكۈچى ئەلىفنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ھەمزىنىڭ ئۈستىگە بىر «زەۋەر»نى قوشقان، يەنە «نك» نىڭ ئۈستىگە ئۈچ چېكىت قويۇپ «ابنك» قىلغان. بۇ يەردە سىيا گەرچە قارا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەسلى تېكىستتىكى قارا رەڭدىن قېنىقراق. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بوز سىيا 445 ـ 441:14 ـ، 481 ـ 516 ـ بەتلەردە ۋە 570 ـ بەتتىن كېيىن يەنە كۆرۈلىدۇ. قارا سىيا بىلەن يېزىلغان مۇشۇ بەتلەردىكى ھەممە تۈزىتىشلەرنى بىز بايقىدۇق دېگىلى بولمايدۇ، بىزنىڭ ترانسلىتراتسىيىمىزدە كۆرسىتىلگەن بۇنداق تۈزىتىشلەرنى يۈزدە يۈز توغرا دېيىشمۇ تەس㉕.

1976 ـ يىلى ئىيۇن، ئىيۇل ئايلىرىدا بىز «دىۋان» يازما نۇسخىسىدىن 20 بەت (220 ـ 201) ئۈستىدە ئۇچۇق، پەرقلىق جايلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئىنچىكە كۆزىتىش ئېلىپ باردۇق. بۇ كۆزىتىش پەقەت زەممە (پەش) ۋە سۈكۈن بىلەنلا چەكلەندى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ بەتلەردىكى باشقا ھەرىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئەسلىدە قويۇلغان ھەرىكىلەر ئەمەس. بىز بۇلاردىن پەقەت خەت شەكلى ۋە قەلەم ئۇچىدىكى پەرقلەرگە قاراپ، بۇلارنى ئەسلى تېكىستقا كېيىن كىرگۈزۈلگەن دەپ قەتئىي ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغان تۈزىتىشلەرنىلا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. يازما نۇسخىنىڭ 221 ـ بېتىدىن كېيىن، بىز سۈكۈنلەرنى ئىزچىل كۆرسىتىپ ئۆتمىدۇق، لېكىن ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ كېيىن قوشۇلغانلىقى ئېنىق، بىز ئايرىم مىسالLاردىكى كېيىن قوشۇلغانلىقى ئېنىق بولغان ئايرىم زەۋەرلەرنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. مۇنداق مەسىلىلەر كۆپىنچە سۆز يىلتىزى ۋە بىرىنچى بوغۇمغا تەئەللۇق. يازما نۇسخىنىڭ 226ـ بېتىدىن كېيىن، «ك» بىلەن «گ» ۋە «ف» بىلەن «ۋ» لاردا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئىزاھلاپ يۈرمىدۇق (سوۋ دېگەن سۆزدىكىدەك). بىز ئومۇمەن ئوقۇغاندا ھەرخىل مۇجمەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈزىتىشلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك دېگەن پرىنسىپقا ئەمەل قىلدۇق. بىز مۇنداق ئىزاھاتلارنى مەزكۇر سۆزنىڭ ئۆزىدە كۆرسىتىپ ماڭدۇق. (ئەسلى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇش تەلەپ قىلىنمايدىغان جايلاردا بىز سۈكۇنغا ئانچە ئېتىبار بەرمىدۇق، «ۋاۋ» نىڭ ئۈستىدىكى پەشكە، «پ» نىڭ ئاستىدىكى زىرگە، ئەلىفنىڭ ئۈستىدىكى زەۋەرگىمۇ ئانچە ئېتىبار بەرمىدۇق).

كېيىن يېزىلغان قەلەم ئىزلىرى تەرىپىدىن تۈركىي تېكىستقا كىرگۈزۈلگەن ئۆزگەرتىشلەرنى تۆۋەندىكى سەككىز نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1) تېكىستلەرنى يىغىنچاقلاش ۋە بىرلىككە كەلمىگەن جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان تۈزىتىشلەر، مەسىلەن: 122:17 ـ بەتتىكى «اندئور» ündäsür دېگەن سۆزدە بىرىنچى پەشنى «نۇن» نىڭ ئۈستىدە دەپ ئويلاپ، ئۇنى سىزىۋېتىپ، ئەلىفنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر پەشنى قويۇپ قويغان. 294:9 ـ بەتتىكى «Kəlgüči» دېگەن سۆزدە تۈزەتكۈچى پەشنى «ۋاۋ»نىڭ ئۈستىدە دەپ ئويلاپ، ئۇنى سىزىۋېتىپ، «ك»نىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن بىر پەش يېزىپ قويغان. 305 ـ بەتتىكى ķatur ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردا ئورىگىنالدا بىرلا پەش بىلەن قانائەتلىنىلگەن بولسا، تۈزەتكۈچى يەنە بىر پەشنى قوشۇپ قويغان. مۇنداق جايلاردا تۈزەتكۈچى ئەسلى تېكىستتە e يېزىلغان جايلاردا ئە (زەۋەر) قوشۇشقا مايىللىقىنى كۆرسەتكەن.

2) ئارتۇقچە بىر سوزۇق تاۋۇش قوشۇپ قويغان. مەسىلەن: 348:12 ـ بەتتە sawlur دېگەن سۆزدە

www.uyghurkitap.com

پەشنى «ۋاۋ» نىڭ ئۈستىگە يېزىپ قويغان، يەنى قەشقەرنىڭ ئەسلى پىكرىگە، يەنى پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلىدە سۆز تومۇرىنىڭ ئوتتۇرىسى سوزۇق تاۋۇشسىز بولىدۇ دېگەن پىكرىگە ئېتىبارسىز قارىغان. بۇنىڭ باشقا مىساللىرى ھەققىدە يۇقىرىغا قاراڭ.

3) سوزۇق تاۋۇشلارنى ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن 2 - بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنى لەۋلەشتۈرگەن. مەسىلەن: 311 - بەتتىكى kōpix نى küpüx قىلغان: 317 - بەتتىكى ķorix بىلەن 344- بەتتىكى ķorin سۆزلىرىنى ķorux قىلىپ ئۆزگەرتكەن، 321 - بەتتىكى tokix نى tokux قىلىپ ئۆزگەرتكەن، 342 - بەتتىكى sücin نى sücün قىلىپ ئۆزگەرتكەن، 416 - بەتتىكى bōdit نى bōdüt قىلىپ ئۆزگەرتكەن، 516 - بەتتىكى čüvit نى cüvüt قىلىپ تۈزەتكەن، 625 - بەتتىكى ķorķliķ ، tōrtgil نى ķorķluķ ، tortgül قىلىپ تۈزەتكەن، 461 - بەتتىكى ya mur سۆزىدىكى bulit نى bulut قىلىپ ئۆزگەرتكەن، 591 - بەتتىكى ķasi la دېگەن سۆزلەمدە ķulin سۆزىنى ķulun دەپ ئۆزگەرتكەن، (ķul سۆزىگە 3 - شەخس، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنى قوشقان) يەنە 11 : 596 - بەتتىكى گراماتىكا قىسمىدا ķusiķ سۆزىنى ķusuķ قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

4) ئاھاڭداشلىق قائىدىسىگە سالىمەن دەپ 2 - بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنى لەۋلەشمىگە شەكىلگە كىرگۈزگەن. مەسىلەن، 251 - بەتتىكى ķaxuķluķ نى ķaxiķliķ ، 321 - بەتتىكى bəkux نى bəkix ، 431 - بەتتىكى ci rut نى ci rit ، 522 - بەتتىكى ķay uķ نى ķay iķ ، 592 - بەتتىكى čaruķla ، ķaxuķla لارنى cariķla ، ķaxikla دەپ ئۆزگەرتكەن.

5) لەۋلەشكەن ئۈزۈك تاۋۇشلار تەسىرىدە 2 - بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى لەۋلەشتۈرگەن. مەسىلەن: 328 - بەتتىكى təpil —، tapil — نى təpùl ، tapul ؛ 517 - بەتتىكى tavil نى tavul دەپ ئۆزگەرتكەن. (təwlüg ، ķapux قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرسە كېرەك).

6) سۆز تومۇرىدىكى سوزۇق تاۋۇشنى ئۆزگەرتكەن. «دىۋان» دىكى بەزى توپ سۆزلەردە بۇزۇلغان ۋارىيانتلارنىڭ يۈز بېرىشى مانا مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان. (بۇ ھەقتە «كۆچۈرۈش جەريانىدا كەتكەن خاتالىقلار» دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ) مەسىلەن: 126 - بەتتىكى ətləx نى θtləx ياكى ütləx دەپ ئۆزگەرتكەن، 614 - بەتتىكى süŋ بىلەن 617 - بەتتىكى südür لەرنى، siŋ ، siŋdür قىلىپ ئۆزگەرتكەن، 618 - بەتتىكىmüŋax نى miŋəx قىلىپ ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭ əw نى ōw دەپ ئۆزگەرتىشىمۇ مۇشۇ 6 - تۈرگە كىرىدۇ. (يۇقىرىغا قاراڭ) ətmək نى θtmək دەپ ئوقۇش بىر خىل قەدىمكى تەلەپپۇز. (بۇ ھەقتە ئىندېكسقا ۋە كلاۋسون لۇغىتىنىڭ 60 - بېتىگە قاراڭ). «دىۋان» دا بۇلار ئەسلى تېكىستقا (ئورىگىنالغا) مەنسۇپ.

7) قوشۇمچىلاردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۆزگەرتكەن. مەسىلەن، 9 : 379 - بەتتىكى kəsləx نى kəslix دەپ ئۆزگەرتكەن. (بۇ سۆز ئىسىم تومۇرى بولغان kəs ، kəslə دىن كەلمەستىن، پېئىل تومۇرى بولغان kəs ، kəslə دىن كەلگەن). 271 - بەتتىكى səw سۆزلىمىدە yügrükin دېگەن سۆزنى yügürganni دەپ ئۆزگەرتكەن (؟). 275 - بەتتىكى təl دېگەن مىسالدا ئۇنىڭ كېلەچەك زامان شەكلى بولغان tələr (قوزىلار بىلەن بىللە بولماق) نى təlí ، təlir دەپ ئۆزگەرتكەن، ئەمما قەشقەرى تەسۋىرلىگەن ئەدەبىي تىلدا بۇنىڭ مۇنداق بولمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇ سۆزدە təl— دېگەن سۆزنىڭ پەنسى «ئۇرۇل» دېمەك بولىدۇ، چۈنكى بۇ سۆز شۇ بىر سۆزلەم ئىچىگە كىرگۈزۈپ بېرىلگەن. (təli سۆزى يازما نۇسخىنىڭ 563 - بېتىدە يەنى «ئىنچىگە سۆزلەر كىتابى» دېگەن قىسمىدا بار، بۇ ھەقتە «‹دىۋان› نىڭ تۈزۈلۈشى» دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ) ㉖. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىنى dan دەپ ئوقۇش، sa نىisa ، an — نى a an— دەپ ئوقۇشمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

8) ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئۆزگەرتىش ياكى قوشۇپ قويۇش. بۇ بەزى سۆزلەرنى خاتا ئوقۇغانلىقتىن

كېلىپ چىققان. مەسىلەن، 190 - بەتتىكى barķ سۆزىنى yoriķ دەپ ئۆزگەرتكەن، 424 - بەتتە yanut سۆزىنى yitip دەپ ئۆزگەرتكەن، 473 - بەتتىكى yarinla نى yaŋrinla دەپ ئۆزگەرتكەن، 594 - بەتتىكى yamur سۆزىنى قەستەن tomur دەپ ئۆزگەرتكەن، 611 - بەتتىكى ķirŋaķ دېگەن سۆز ķiŋraķ سۆزىنىڭ ھەرپ ئالماشقان شەكلى ئىكەنلىكى ئېنىق، 525 - بەتتىكى to دېگەن سۆزلەمدە batraķ سۆزىنى bayraķ دەپ ئۆزگەرتكەن، يەنە 502 - بەتتىكى ķol سۆزىدە ori سۆزىنى opri قىلىپ ئۆزگەرتكەن، ix نى is، əs نى əx، yan نى tən دەپ ئۆزگەرتىشلەر مۇشۇتۇرگەكىرىدۇ. (بۇ ھەقتەيۇقىرىداسۆزلەندى).

## 7. قۇر ئارىلىقى ۋە ھاشىيەدىكى ئىزاھاتلار

ھازىر يازما نۇسخىدا بىز ئۇچراتقان قەلەم ئىزلىرى 15 خىلغا يېتىدۇ. بىز بۇلارنى كېيىنكى قىسمىدا («يازما تېكىستلەرنىڭ تارىخى» دا) پەرەز قىلىنغان يىل تەرتىپى بويىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1) ئاساسىي قەلەم ئىگىسى خاتىمىنى يازغۇچى بولغان تىتول بەتتىكى ئۆز ئۆزىن تېكىستمۇ شۇ كىشىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ (يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن تىتول بەتكە قارالسۇن). 1266 - يىلى بۇ ئادەم كۆچۈرۈشنى تاماملىغاندىن كېيىن، پۈتۈن تېكىستنى قايتا كۆرۈپ چىقىپ، ئەسلى قول يازمىغا سېلىشتۇرۇپ خاتالىقلارنى تۈزەتكەن، شۇنىڭدەك بەت چېتىگە ئىزاھات يازغان ۋە چۈشۈپ قالغان سۆزلەرنى قوشۇپ قويغان. بەت چېتىدىكى بۇنداق ئىزاھاتلارنىڭ ھەممىسىگە «صح» (يەنى sahha — تۈزىتىش) دېگەن بەلگە قويۇلغان. تەرجىمىدە بۇنداق تۈزىتىشلەرنى تۈزەتتۇق. لېكىن بۇ ھەقتە ھاشىيەدە ئىزاھات بەرمىدۇق.

2) كېيىنكى قەلەم ئىزى («سىيانىڭ رەڭگى ۋە كېيىنكى قەلەم ئىزلىرى» غا قارالسۇن)، XIV ئەسىردە ئۆتكەن بۇ كىشى قەلەم تەككۈزگەن جايلاردا ئەرەبچە تېكىست بىلەن تۈركىي تېكىستنىڭ ھەممىسىگە كىرگۈزۈلگەن تۈزىتىشلەر بار. بۇ تۈزىتىشلەرنىڭ ئەڭ ئۆز ئۆنى يازما نۇسخا 62 - بەتنىڭ ئوڭ تەرەپ، يۇقىرىسىغا بوز سىيا بىلەن يېزىلغان ئىزاھاتتۇر. بۇ 3 - بەتتىكى ئەرەبچە «الارى» دېگەن سۆز ھەققىدە («utluķ» سۆزىگە بېرىلگەن تەبىردە) بولۇپ، ئادەتتىكى ئېغىز تىلىدا بۇنىڭ مەنىسى «ئۇقۇر»، «فقها» نىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش، تۆۋەندە قۇر ئارىلىقى ۋە بەت چېتىدە بېرىلگەن ئىزاھاتلارنىمۇ مۇشۇ كىشىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. 17 : 16 - بەت، 8 : 266 - بەت، 8 : 267 - بەت، 13 : 270 - بەت، 14 : 275 - بەت، (دارىئەن تېكىستتىكى دارىيەنىنىڭ ئالماشقان شەكلى بولسا كېرەك) 5 : 292 - بەت، 1 : 311 - بەت، (jahdi تېكىستتىكى jundi نىڭ ئالماشقان شەكلى) 5 : 314 - بەت، (بىلكلكن biliglikin دېگەن سۆز bilgin دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىلگەن)، 5 : 361 - بەت، 15 : 8 : 4 : 367 - (كېيىنكى ئىككى مىسال ئەرەبچە سۆزگە قىلىنغان تۈزىتىش)، 2 : 531 - بەت، 7 : 556 -، 15 : 559 -، 11 : 611 -، (قنكراق ķiŋraķ دېگەن سۆز ķirŋaķ قا ئۆزگەرتىلگەن)، 7 : 624 -، 11 : 625 - بەتلەردىكىگە ئوخشاش.

3) كىتاب ئىگىسى يازما نۇسخىنىڭ بىرىنچى بېتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بوش جايغا ئۆز ئىمزاسىنى قويغان («تىتول بەت» ھەققىدىكى ئىزاھاتقا قاراڭ)، بۇ، XV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا تەئەللۇق.

4) كېيىنكى بىر قەلەم ئىگىسى «باسمىل» دېگەن قەبىلە نامىنى ياسمىل» دەپ تۈزەتكۈچىدۇر. (16 : 20 -، 2 : 242 - بەتلەردە «ي» نىڭ بىر چېكىتىنى قوشۇپ قويغانلىق، بۇنى خېلى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ)، خەرىتىدىمۇ شۇنداق، بۇ «ي» مەسىلىسى 2 : 25 -، 10 : 421 -، 4 : 600 - بەتلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. (ئەسلىدىكى «ب» ھەرپى 5. 3 : 231 - بەتتە ئۆزگەرتىلمىگەن). بۇ قەلەم 1422 - يىلىدىن

ئاۋۋالقى ۋاقىتقا تەئەللۇق (بۇ ھەقتە بەدرىددىن ئەينى دېگەن قىسىمغا قاراڭ).
5) كېيىنكى قەلەم ئىزى 4 ـ نۇقتىدا كۆرسىتىلگەن كىشى بىلەن بىر ئادەمنىڭ بولۇشى مۇمكىن. ئۇ تۇم قارا سىيا ۋە يانتۇ قەلەم ئۇچى ئىشلەتكەن. ئۇ 4 : 25 ـ بەتتىكى o rak̡ دېگەن قەبىلە ئىسمىنى ʊ̈rak̡ دەپ تۈزەتكەن. شۇڭا بۇ 1422 ـ يىلىدىن ئاۋۋالقى ۋاقىتقا تەئەللۇق بولىدۇ. (بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى «بەدرىددىن ئەينى» دېگەن قىسىمغا قاراڭ). ئۇنىڭ قەلەم ئىزلىرىنى 9 .4 : 111، 4. 3 : 114 ـ بەتلەردىكى مىساللاردىمۇ كۆرۈش مۇمكىن. بۇندىن تاشقىرى بۇ ئىز 16 : 306 ـ بەت ۋە باشقا جايلاردىمۇ ئۇچرايدۇ.
6) ناھايىتى پۇختا (كېلىشكەن) خەت بىلەن يېزىلغان تۈزىتىشلەرمۇ بار، بۇمۇ 4- نۇقتىدا كۆرسىتىلگەن كىشىگە خاس بولۇشى مۇمكىن، بۇ قەلەم ئىگىسى 8، 7 : 93 ـ بەتتىكى تۈركىي تېكىستىنىمۇ تۈزەتكەن.
7) يازما نۇسخىنىڭ 58 ـ بەت، ئوڭ تەرەپ پەسكە يېزىلغان پارسچە ئىزاھاتىنىڭ يازغۇچىسى، ئۇ 15 ـ بەتتىكى «iram» سۆزىنى ئەرەبچە سۆز دەپ ئىزاھلىغان، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «بەلگۇ» دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆز پارسچە «مۆجىزە» دېگەن بولىشىمۇ، مىسىردا نىل دەرياسى بويىدىكى «ئەھرام» غا ئوخشاش (مەزكۇر بەتتىكى ئەرەبچە تېكىستىنىڭ كۆچۈرمىسى شۇنداق).
8) چاغاتاي ياكى قىپچاقلاردىن بولغان بىر يازغۇچىنىڭ قەلەم ئىزى، ئۇ 15 : 54 ـ بەتتىكى «نم الشى» دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ ədgü ، ayi دېگەن تەرجىمىسىنى nəsnə ، yahxi دەپ ئىزاھلىغان.
9) يازما نۇسخا 3 ـ بەتنىڭ سول تەرىپىدە بەت ئاستىدىكى بوش جايغا يېزىلغان ئەرەبچە ئىزاھاتنىڭ يازغۇچىسى، بۇ سۆز مەھمۇد قەشقەرى 11 ـ بەتتىكى ھەمدۇ سانادا تىلغا ئالغان خەلىفە ئەلمۇقتەدىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا مەزكۇر خەلىفىنىڭ تەختكە چىققان كۈنى ۋە ھۆكۈمرانلىق دەۋرىنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقى ئىزاھلانغان. (467 ـ يىلى 13 ـ شەئباندىن 487 ـ يىلى مۇھەررەمگىچە يەنى مىلادى 1075ـ يىلى 4 ـ ئاپرېلدىن 1094 ـ يىلى فېۋرالغىچە).
10) يازما نۇسخا 3 ـ بەت، ئوڭ تەرەپتىكى يۇقىرىقى بوشلۇققا يېزىلغان خەتلەرنىڭ يازغۇچىسى. يازما نۇسخا 56 ـ بەتتىكى ئوسمانلىچە ئىزاھاتمۇ شۇ كىشىگە مەنسۇپ. تىتول بەتتىكى ئۆزۈن ئىزاھاتنى يازغان ئادەممۇ مۇشۇ ئادەم بولۇشى مۇمكىن («تىتول بەتكە» قاراڭ).
يازما نۇسخىدىكى ئەرەبچە ئىزاھاتتا، خەلىفە ئەلمۇقتەدىنىڭ ھاياتى بىر قەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە ۋارىسى، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى مۇھىم ۋەقەلەر، ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ۋە پەزىلەتلىرى بايان قىلىنغان.
ئىزاھات 56 ـ بەتتىكى ari «ھەرە» دېگەن سۆزگە مۇناسىۋەتلىك. قەشقەرى يازما نۇسخا 10 ـ بەتتە بۇ سۆز ئەرەبچىدىكى «ئەلئەرى» (ھەرە) دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش دېگەن. بۇ ئىزاھاتنى ئوقۇش بەك تەس.
11) كېيىنرەك يېزىلغان بىر قەلەم ئىزى. مۇنداق قەلەم بىلەنمۇ ئەسلى تېكىستقا تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ تۈزىتىشلەرنىڭ بەزىلىرىدە بۇ ئادەم «دىۋان» نىڭ يەنە بىر قول يازمىسىنى كۆرگەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بەزىلىرىدە بولسا، يازما نۇسخا ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. 15 : 404 ـ بەتتە burqəklən دېگەن سۆز يازما نۇسخىدا قوش تىرناق ئىچىدە مۇۋاپىق بىر تۈركىي سۆز بىلەن ئىزاھات بېرىلگەن. 17 : 207 ـ بەتتە bəzək دېگەن سۆزگە يازما نۇسخىدا چۈشۈپ قالغان تەبىرىنى قوشۇپ قويغان. 16 : 119 ـ بەتتىكى θndür دېگەن سۆزگە قەشقەرى تەرىپىدىن بېرىلگەن «ئۇيغۇرچە» دېگەن ئىزاھ ئاخىرىسىغا بۇ ئادەم «ئوغۇزلار بۇنى بىلمەيدۇ» دېگەن مەلۇماتنى قوشۇپ قويغان. 12 : 420 ـ بەتتە bulat دېگەن سۆزلەمدە قەشقەرى بۇ سۆزنىڭ فونېتىك خۇسۇسىيىتى ھەققىدە بەرگەن

مەلۇماتقا، قەشقەرىنىڭ شۇ كونتېكسىنىڭ باشقا يەرلىرىدە بەرگەن بىر ئىبارىسىنى قوشۇپ قويىدۇ. 15:17-، 3:18-بەتلەردىكى بىر گىراماتىكىلىق ئىزاھاتقا ئەرەبچە سۆزنىڭ تەرتىپىگە تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ، بۇنىڭدا ئۇ يەنىمۇ ئوچۇق چۈشىنىشكە ياردىمى بولسۇن دەپ شۇنداق قىلغان. ئۈچ مىسالدا (7:57-بەتتىكى izi، 17:61-بەتتىكى ri، 6.5:157-بەتتىكى θŋiklən لەردە) بۇ ئادەمنىڭ ئەرەبچە سۆزگە كىرگۈزگەن تۈزىتىشلىرى مۇۋاپىق ئەمەس (توغرا ئەمەس). ئەڭ ئاخىرىدا 10:48-بەتتىكى θzək دېگەن سۆزدە بۇ ئادەم ھەدىسنىڭ تېكىستىنى تۈزەتكەن (بۇ ھەقتە فاكسىمىل نۇسخىدىكى ھاشىيە ئىزاھاتلىرىغا قارالسۇن).

12) ئوسمانلى كىتابخانىنىڭ قەلەم ئىزى. بۇ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئادەم بولسا كېرەك، بەت چېتىدىكى نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار مۇشۇ ئادەمگە تەئەللۇق. بۇ ماتېرىياللار تۈركىي سۆزلەر، ئەرەبچە سۆزلەر ۋە پارسچە سۆزلەرگە بېرىلگەن ئىزاھاتلاردىن ئىبارەت. بۇ ئىزاھاتلار بىزنىڭ ئەسلى تېكىستنى چۈشىنىمىزگە ھېچقانداق يېڭى نەرسە بەرمەيدۇ. مۇنداق ئىزاھاتلارنىڭ تولۇق تىزىمىسىنى بېرىشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ. تۆۋەندىكى مىساللار مۇنداقلا تىزىملانغان بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە (ئوسمانلىچە يېزىلغان تۈركچە سۆزلەر ھازىرقى تۈركچىگە ئۆرۈپ بېرىلدى، ئەرەبچە ھەرپ بىلەن يېزىلىشىدىكى كەمچىلىكلەر تۈزىتىلدى).

9:8 (bilgə digən sozgə) bilgin

14:11 (suw iqsədi gə) su iqə yazdi (!)

30:7 jazar ləhm məķtu mətruklis-siba.

36:7 (el ķusķa) ķartal ķuxi

38:15 (u ur a) vaķit wə dəwlət wə imkan wə bərəkət wə həyir

47:4 (ərük kə səftalu)

66:17 ərkən ikən, xθylə ikən bθylə ikən denir.

67:14 ərdim idim

ئەڭ ئاخىرقى (638 - ) بەتتىكى بەت چېتىگە يېزىلغان خەتلەر بۇندىن ئاۋۋالقى بەتلەردىكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ خەتلەر ئەسلى تېكىستتە ئوقۇش بىر قەدەر تەس بولغان جۈملىلەرنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت.

13) XX ئەسىرگە ئائىت بىر ياكى بىرقانچە قەلەم ئىزى. بۇ خىل خەتلەر (1917 - يىلى) كىتابنى تۈپلىگەندە بەتلەرگە چاپلانغان باغاقچىلەرگە يېزىلغان. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

7:10 -، 4:15 -، 12:82 - بەتلەردىكى (gθk θrtüldi)، 1:83- بەتتىكى (ئەرەبچە «ملە»)، 3:308 - بەت ئوڭ تەرەپتىكى بوشلۇقتا ئەرەبچە «وعد الله» دېگەن سۆز «وَعْدَ» قىلىپ تۈزىتىلگەن)، 2:361 - بەت (چاپلانغان باغاقچىدە)، 379 - بەتنىڭ ئۈستىدىكى بوش جايدا (بۇمۇ چاپلانغان باغاقچىدە)، 11:476 - بەتتە «اجترفن» دېگەن سۆز «اخترقن» دېگەنگە ئالماشتۇرۇلغان. (بۇ ھەقتە 505 - بەتتىكى [jālifa] yut دېگەن سۆزگە سېلىشتۇرۇلسۇن، (بۇ ھەقتە يەنە 4:15گە قارالسۇن). 6:626- بەتلەردىكى تۈزىتىشلەرگە قارالسۇن.

14) بەت ۋە بابلارغا يېزىلغان نومۇرلار. بەزىدە بىر بەتنىڭ ئاستىنقى بۆلۈكىگە كېيىنكى بەتنىڭ بىرىنچى سۆزى يېزىپ قويۇلغان، شۇنىڭدەك كېيىنكى بابنىڭ ئارقا بېتىگە ئاۋۋالقى بابنىڭ ئاخىرقى سۆزى يېزىپ قويۇلغان. مەسىلەن، يازما نۇسخىنىڭ 111 - 110 - بەتلىرىدە 110 - بەتنىڭ سول تەرەپ ئاستىنقى بۇرجىكىگە «ۋە يوقالو» دېگەن سۆز يېزىلغان. بۇ سۆز 111 - بەتتىكى تېكىستنىڭ بىرىنچى سۆزى.

1- بەتنىڭ پەستىكى سول بۆلۈكىگە 56 دېگەن رەقەم، يۇقىرىقى سول بۆلۈكىگە 126 دېگەن رەقەم

www.uyghurkitap.com

يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاچ قارا سىيادا يېزىلغان. ئالدىنقى بەتتىكى «ۋە يۇقالۇ» دېگەن سۆزمۇ شۇنداق سىيا بىلەن يېزىلغان. بۇ رەقەملەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى باب ۋە بەتلەرنىڭ رەقەملىرى. بۇلار كىتاب تۈپلىنىشتىن ئىلگىرى بولغان بولسا كېرەك. ئاخىرىدا شۇ بەتتە بىر قەدەر پەسرەكتىكى بوش ئورۇنغا ئەرەبچە 56 دېگەن رەقەم يېزىلغان. يۇقىرىدىكى بوش جايغا 111 دېگەن رەقەم قېرىنداش بىلەن يېزىلغان. بۇلار ئاخىرقى باب ۋە بەت سانلىرى بولۇپ، كىتاب تۈپلىنىپ بولغاندىن كېيىن يېزىلغان.

15) XX ئەسىردىكى بىر تۈرك كىتابخان قېرىنداش قەلەم بىلەن ئىلاۋە قىلغان تۈزىتىش ۋە ئىزاھلار. بۇنىڭ بىرىنچى مىسالى «13: 31 (im) پارۇل دېگەن سۆزدە، بىر قەدەر تۆۋەندىكى بوش جايغا 17 - قۇردىكى ماقالىنىڭ پارول بىلسە كىشى قەتل ئىتىلمەس» دېگەن تەرجىمە بېرىلگەن (ئېھتىمال بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسىنىڭ بىرىنچى توم 38 - بەتتىكى θlmez ، adem ، bilen ، belgeyi دېگەن تەرجىمىسىگە بېرىلگەن ئىزاھ بولسا كېرەك)، باشقا مىساللار ھەققىدە تۆۋەندىكى بەتلەرگە قارالسۇن: 33 - بەتنىڭ ئۈستىدىكى بوش جايغا يېزىلغان (تۇتۇق قەلەم بىلەن) سۆز، 40 - بەتنىڭ پەستىكى سول بۇلۇڭىغا (تۇتۇق قەلەم بىلەن) يېزىلغان سۆز. 1- 40 - بەتتىكى ئوغۇز دېگەن سۆزدە تامغىلار ئۈستىگە يېزىلغان نومۇر، 11: 42 - بەتتىكى (nə گە قاراڭ) 14: 47 - بەتتىكى (nə گە قاراڭ) بەزى ھەرىكىلەر، بەزى بەتلەرنىڭ سان بىلەن يېزىلغان نومۇرلىرى، مەسىلەن، 92- بەتنىڭ ئۈستىدىكى بوش جايدا əz ، əzdi ، əzər ، əzmək 107 -، 113 -، 117 - بەتلەر)، 8: 99 - بەت (قېنىق سىيا بىلەن يېزىلغان سۆز)، 127 - بەتنىڭ ئۈستىدىكى بوش جايدا، (ئىككىنچى قۇردىكى «قىستىغ» ۋە «لاشتى» دېگەن سۆزلەر)، 5: 15 - بەت (خەت تۇتۇق)، 14: 174 - بەت (تەلىق تارىخى دېگەن سۆز)، 4: 179 - بەت (tübüt دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھات تۇتۇق)، 16: 212 - بەت sabah (n2)، 264 - بەتنىڭ ئوڭ تەرەپ پەستە (بىرىنچى نەشرى ھەققىدىكى سۆز)، ئىككىنچى 7: 337 - بەتتىكى (تىرناق ئىچىدە بېرىلگەن گراماتىكىلىق ئىزاھات تۇتۇق)، 10: 337 - بەتتىكى (گراماتىكىلىق ئىزاھات)، ئىنىنەھۇ يەتتە فىقوھۇ فەسىل ئەللام ۋەلنون دېگەن سۆزلەر، 3: 349 - بەتتىكى (basdi) دېگەن سۆز، 17: 545 - بەتتىكى (چۈشەندۈرۈشكە بېرىلگەن ئىزاھات)، مەفھارەئى تەبەۋىييە دېگەن سۆز، 8: 625 - بەتتىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ھەرىكىلىرى (2 - نۇقتىغا قاراڭ) ئاخىرىدا، 8: 70 - بەتتىكى «aŋduz» دېگەن سۆزگە rasan دەپ غەلىتە بىر ئىزاھات بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز (بۇ ئەسلىدە بىر خىل قەندىل)، روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ ئەسلى ئورىگىنالدىكى turmus (بىر خىل ئۈسۈملۈك) سۆزىگە كىرگۈزۈلگەن ئۆزگەرتىش، بۇ ئۆزگەرتىش1917- يىلى كىرگۈزۈلگەن. چۈنكى بىرىنچى نەشرىدە، «vasan» دېگەن ئىزاھات بار.

## 8. بەدرىددىن ئەينى

ئىستانبۇلدىكى توپقاپى سارىيى كۇتۇپخانىسىدىكى بەدرىددىن ئەلئەينىنىڭ 30 توملۇق دۇنيا تارىخىنىڭ بىرنەچچە توملۇق قول يازمىسى بار. «اقدالجمان فی تاريخ اهل الزامان» دېگەن بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى تومىدا كىتاب يېزىلغان ۋاقىت ھ 825/ . م 1422 - يىل دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدا «دىۋان» دىن كەلتۈرۈلگەن بىرقانچە نەقىللەر بار. (27)

بەدرىددىن ئەينى ھ 801/م 1398 - 1399 - يىللىرى قاھىرەدە مەملۇكىلەر ئوردىسىدا مەمۇرىي خىزمەتتە بولغان. ھ 855/ م 1451 - يىلى دۇنيادىن ئۆتكەن. بۇ ئاپتور كەلتۈرگەن نەقىللەردىن قارىغاندا، ئۇ «دىۋان» نىڭ ھازىرقى بىردىنبىر قول يازمىسىغا بەكمۇ ئوخشايدىغان بىر يازما نۇسخىسىدىن پايدىلانغان. بۇ ھال 1422 - يىلى قاھىرەدە مۇنداق بىر قول يازما چوقۇم بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىقدەلجۇماننىڭ بىرىنچى تومى ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە جۇغراپىيىگە ئائىت ئۇزۇن بىر مۇقەددىمە بىلەن باشلىنىدۇ. مۇقەددىمە ئادىمزاتنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. (149 - ۋاراقنىڭ ئىككىنچى بېتى)، بۇ يەردە «دىۋان» دىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل 152 - ۋاراقنىڭ a بېتىدە تۆۋەندىن 2 - قۇردىن باشلىنىپ، 153 - ۋاراقنىڭ a بېتىنى تولۇق ئىگىلەيدۇ. بۇ يەردە نوھنىڭ ئوغلى يافەس ئەۋلادىنىڭ شەجەرىسى بېرىلگەن. ئاندىن تەڭرىنىڭ باشقا مەخلۇقاتلىرى يەنى جىن - ئەرۋاھلار، هايۋانلار، مىنېرال ماددىلار، ئۆسۈملۈكلەر، پەرىشتىلەر بايان قىلىنغان. ئاندىن كېيىن ئەينى 198 - ۋاراقنىڭ A بېتىدە ئادەم ئەلەيهىسسالامدىن باشلانغان پەيغەمبەرلەر هېكايىسىگە كىرىشىپ، ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامغا كەلگەندە توختايدۇ.

تۆۋەندە بىز بۇنىڭدىن مەسىلە بار تېكىستلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بەتنىڭ سول تەرىپىدىكى ئاق يېرىدە مەزكۇر تېكىستلەرنىڭ يازما نۇسخىدىكى بەت ۋە قۇر سانلىرى بېرىلگەن. بۇنىڭدا «دىۋان» نىڭ ئۆزىدىن بىۋاستە ئېلىنمىغان ماتېرىياللار تىرناق ئىچىگە ئېلىندى. ئۈزۈلگەن جايلار ئۈچ چېكىت بىلەن كۆرسىتىلدى.

بەدرىددىن ئەينى تۈرك قەبىلىلىرى ۋە تۈركمەن ئۇرۇقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە «دىۋان» دا بېرىلگەن ئۈچ پارچە ماتېرىيالنى بىرلەشتۈرۈپ بىر ئورۇندا بايان قىلىپ بەرگەن. «بىسمىل» (باسمىل) نى «يىسمىل» (ياسمىل) ۋە «اوغراق» نى «اغراق» يازغىنىغا قارىغاندا، بەدرىددىن ئەينى بىزنىڭ قولىمىزدىكى بىردىنبىر يازما نۇسخىدىن پايدىلانغان («قۇر ئارىلىقى ۋە ھاشىيەدىكى ئىزاھاتلار» دېگەن ماۋزۇنىڭ 4 - ۋە 5 - ماددىلىرىغا قاراڭ). «ۋاۋ» چۈشۈرۈپ يېزىلغان قەبىلە ئىسىملىرىگە بەدرىددىن ئەينى ئۆزىگە خاس بىر «ۋاۋ» نى قوشۇپ قويغان. 3:21 - بەتتىكى «توغاج» نى «تغغاج»، 9 - 8: 40 - بەتتىكى «افا» نى «يفا» شەكلىدە بەرگەن. ئۇ ئىملاسى ھەرخىل يېزىلغان ئىسىملارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق ھەرپ قوشۇپ قويغان ۋە تىرناق ئىچىدە وقال (مۇنداق دەپمۇ ئېيتىلىدۇ) دېگەن ئىزاھاتنى بېرىپ ماڭغان. بۇ نۇقتىدا ئۇ «قاين» «قايىغ» نىڭ يەنە بىر خىل يېزىلىشى، ھەرگىزمۇ «قاين» نىڭ خاتا يېزىلغان شەكلى ئەمەس دەپ ئىزاھلايدۇ. مەھمۇد قەشقەرى كۆرسىتىپ ئۆتكەن «توكر» (tügər - 17: 40 - بەت) نى ئاپتور ئۆزىگە تونۇش بولغان dügər گە ئۆزگەرتكەن.

بەدرىددىن ئەينىنىڭ ئەسلى تېكىستتىن چەتنەپ كەتكەن جايلىرىنى ئاسانلا بايقىۋالغىلى بولىدۇ. يەنى قەشقەرى (4:40 - بەتتە) ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر دېگەن بولسا، بەدرىددىن ئەينى تۈركمەنلەر ئوغۇزلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ ئۆزگەرتكەن. قەشقەرى (5:40 - بەتتە) هايۋانلىرىنىڭ تامغىسىنى دېگەن بولسا، ئەينى «هايۋانلارغا» دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىسىغا ئۇلارنىڭ قاچا - قومۇشلىرى ۋە جابدۇقلىرى دېگەن سۆزلىرىنى قوشۇپ قويغان. شۇبهىسىزكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئايىنتاپلىق قەبىلىسى مەنسۇپ بولغان تۈركمەنلەردە تامغىلارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ بىر قەدەر كەڭ ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە شۇنداق قىلغان. قەشقەرى ئوغۇزلارنىڭ بىر ئۇرۇقى بولغان «قنق» لارنى ئوغۇزلارنىڭ يېتەكچىسى، زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلاردىندۇر دېگەن بولسا، بەدرىددىن ئەينى بۇ يەردىكى «يېتەكچىسى» دېگەن سۆزنى «ئەڭ ئۇلۇغلىرى» (ئەزەم) دەپ ئۆزگەرتكەن ۋە بۇ يەردە ئۇ سەلجۇقلار سۇلالىسىنىڭ شەجەرىسىنى ۋە سەلجۇقىلارنىڭ ئوسمانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسقىچە تارىخىنى ئىلاۋە قىلغان. چاروقلۇغ (3:41) دېگەن سۆزگە قەشقەرى «قلىلەئەدد هاخغيەغلامتها» (ئۇلارنىڭ سانى ئاز، تامغىسى نامەلۇم) دەپ ئىزاھات بەرگەن، بەدرىددىن ئەينى بۇ يەردە سانى دېگەن سۆزنى چۈشۈرۈپ قالدۇرغان ۋە تامغىنىڭ ئورنىنى ئاق قالدۇرغان (يەنى: ئاز، تامغىسى مۇنداق ........ دەپ يېزىپ قويغان) ئەينى «تۈركمەن» دېگەن نام ھەققىدىكى بايانلارنى تولىمۇ قىسقارتىۋەتكەن ۋە ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزلەر بىلەنلا تۈگەتكەن. بۇندىن باشقا ئۇ يەنە بەزى پارچە يەنى زۇلقەرنەين ھەققىدىكى پارچە سۆزلەرنىڭ باشقىچە يېزىلىش شەكىللىرىنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرستىپ ئۆتكەن. مەسىلەن، تۈركمانەن 9 : 624، ئاندىن ئۇ بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ تىلشۇناسلىق ئىزاھاتىنى، يەنى ئىستېمالدا بۇ يەردىكى ئىككى نۇننىڭ بىرسى تاشلىۋېتىلىدىغانلىقىنى كۆرستىپ ئۆتكەن. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، قەشقەرىنىڭ زۇلقەرنەين ھەققىدىكى بايانىدا (6 : 622) تۈركمەنلەرنىڭ مەشھۇر بوۋىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىر بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بەلگىلىرى ۋە تامغىلىرى ھەققىدىكى بايانلىرىدىكى 2 ـ قىستۇرما جۈملىنى بەدرىددىن ئەينى يازماي قويىدۇ ۋە بىرىنچى قىستۇرما جۈملىدىكى ھەرپ خاتاسىنى تۈزەتمەي ئۆز پېتى قالدۇرىدۇ. بىز بۇ يەردىكى «شغور» نى «شغر» غا ئۆزگەرتتۇق[28].

ئىككى تېكستتىكى تامغا شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش جەريانىدا بىز يەنە بەزى پەرقلەرنى بايقىدۇق، بۇ پەرقلەر بەدرىددىن ئەينىنىڭ كۆچۈرۈش جەريانىدىكى سەۋەنلىكىدىن بولغانمۇ ياكى ئۆز دەۋرىدىكى تۈركمەن تامغىلىرىنىڭ شەكىللىرى تەسىرىدە شۇنداق قىلغانمۇ بۇ ھەقتە ئېنىق ھۆكۈم قىلىش تەس. بۇ تامغا بەلگىلىرى خۇددى «دىۋان» قول يازمىسىدەك قىزىل سىيا بىلەن يېزىلغان.

«ئىقدەلجۇمان» نىڭ ئىككىنچى تومى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى ھېكايە بىلەن باشلىنىدۇ. ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئۆتكەن باشقا پەيغەمبەرلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇ زۇلقەرنەين ھەققىدىكى قىسىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (137 ـ ۋاراقنىڭ «B» تەرىپى)، ئاندىن كېيىن بىرقانچە ئابزاسلاردا ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى ۋە ئىسلامىيەتكە تەئەللۇق بولمىغان پادىشاھلار بايان قىلىنىدۇ، مەسىلەن، B ـ 164 ـ ۋاراقتا مەملۇك ئەلفۇرس، A ـ178ـ ۋاراقتا مەملۇك ئەلكەندانىيە؛ A ـ 178 ـ ۋاراقتا فەرائىنەمىسىر، A ـ 193 ـ ۋاراقتا مۇلۇك ئەليۇنان، A ـ 194 ـ ۋاراقتا مۇلۇك ئەلروم، A ـ 199 ـ ۋاراقتا مۇلۇك ئەلئەفرانج دېگەنگە ئوخشاش. بۇ يەردە بىر بەت ئۈزۈنلۇقىدا ئاق قالغان يەر بار. (B ـ 200 ـ دىن A 201 ـ غىچە). شۇنىڭغا ئۇلاپلا A 201ـ بەتتە مۇلۇك ئەسسورىيان، مۇلۇك ئەلھىند؛ A 209 ـ بەتتە مۇلۇك ئەلئەرەب، ئاخىرقى قىسىمدا (A 2160 ـ بەتتە) ئەرەبلەردىن قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ تارىخى بايان قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بەدرىددىن ئەينى «دىۋان» دىن بىر ئاز نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ يەردىكى ئاق قالغان جاينى تولدۇرماقچى بولغان، ئېھتىمال ئۇ 5 : 622 ـ بەتتە تۈركمەن دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھاتتىكى خاقان «شۇ» ھەققىدىكى بايانلارنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. بەدرىددىن ئەينى ئۆز ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومىدا بۇ ھەقتىكى بايانلارنى يىغىنچاقلاپ ئالغان؛ بۇ قىسىمنىڭ (يەنى ئاق قالغان جايغا يېزىلغان قىسىمنىڭ) ماۋزۇسى مۇلۇك ئەتتۈرك (تۈرك خاقانلىرى) دېگەندىن ئىبارەت بولسا كېرەك. (ئېھتىمال بەدرىددىن ئەينى «دىۋان» دىن ۋە باشقا مەنبەلەردىن تۈركلەرنىڭ باشقا خاقانلىرى، مەسىلەن: ئەفراسىياپ ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى توپلىماقچى بولسا كېرەك). بۇ ھەقتە مۇنداق بىر دەلىل كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئەھمەد زەكى ۋەلىدى (توغان) 1932 ـ يىلى ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە، ئۆزىنىڭ بەدرىددىن ئەينى قول يازمىلىرى ئارىسىدا مۇشۇنداق بىر نەقىلنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن[29].

بەدرىددىن ئەينى ئۆزىنىڭ «ئەلئىقدەلجۇمان» (sic) ناملىق تارىخ كىتابىنىڭ I تومىدا ياۋروپالىقلار (مۇلۇك ئەررۇم ۋە قىسسە ئەلفەرەنگى) ھەققىدىكى بايانلاردىن كېيىن سۈرىيىلىكلەر بىلەن ھىندىلار (قىسسە مۇلۇك سورىيان ۋە مۇلۇك ئەلھىند) ھەققىدىكى بايانلار ئارىلىقىدا، تۈركلەر ھەققىدىمۇ مەخسۇس بايانلارنى بېرىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ماۋزۇسى «تۈرك قەۋملىرىنىڭ قىسسىسى» «قىسسە ئۇممام «ئەتتۈرك» دېگەندىن ئىبارەت. «ئىقدەلجۇمان» نىڭ بەزى يازما نۇسخىلىرىدا تۈركلەر ھەققىدىكى بۇ ماۋزۇ يوق. مەسىلەن، توپقاپى سارىيىدىكى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىدا ئەھۋال شۇنداق. ئۈچىنچى ئەھمەد كۇتۇپخانىسىدىكى $\frac{122}{2911}$ نومۇرلۇق قول يازمىنىڭ مەزكۇر بېتىدىمۇ بۇ سۆزلەر يوق. (ئەينى

نومۇرىنىڭ ئىككى مۇقەررەر نۇسخىسىدا بۇ قىسىم تېپىلمىدى). بۇ كىتابنىڭ مۇشۇ بابىدا بەرىدىن ئەينى گەپنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن باشلايدۇ. «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا مۇنداق سۆزلەر بار: (ۋەرائەيتونى دىۋان مەھمودالكا شغرى) مەن دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركنىڭ (sic) ھەرقايسى جايلىرىدا تارقالغان ماتېرىياللارنى ئالتە بەتكە يىغىنچاقلىدىم. بۇلار ئوغۇز قەبىلىلىرى ھەققىدىكى (بۇلار بىزنىڭ نەشرىمىزنىڭ I توم 55 - 57 - بەتلىرىدە، II توم 314 - 317 - بەتلىرىدە)؛ تۈرك شىۋىلىرى ھەققىدىكى (I توم 29 - 36 - بەتلەر)، ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدىكى (I توم 9 - بەت) ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. بىزنىڭ قولىمىزدىكى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نۇسخىسىدا «تىغاج» شەكلىدە يېزىلغان سۆزنى بەرىدىن ئەينى «توغاچ» شەكلىدە يازغان. شۇنىڭدەك ئۇ بىزنىڭ قولىمىزدىكى قول يازمىدا ئۇچرىمىغان «جىيغىن» دېگەن بىر قەبىلە نامىنى كەلتۈرۈپ ئۆتىدۇ. بىز نەشر قىلغان نۇسخىدا قورغان دېگەن سۆز «شويب» (يەنى «شوياب» [sic]) شەكلىدە يېزىلغان. (بۇ II توم، 305 - بەت) بەرىدىن ئەينى بۇنى «شۇ» شەكلىدە يازغان (ۋەكانە بودرە بۇ كولل يەۋم لىل ئومەرافى جوندىھى بى ھىسنى سو تەلاتا ما ۋە سىتتىن نەۋبا). مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بەرىدىن ئەينى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ بىزنىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىدىن باشقا بىر نۇسخىسىدىن پايدىلانغان.

بۇ يەردىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ بىر سەۋەبى ئۇچىنچى ئەھمەد كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلارنىڭ ئەسلى كاتالوگىنى تۈزگۈچى ئادەم بەرىدىن ئەينى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممە توملىرىغا پەقەت بىرلا خىل 2911 دېگەن نومۇرنى قويغان. بۇنىڭدا ئۇ بۇلارنىڭ ئاپتورى قول يازمىسىمۇ (= قاراتاي 5932—5920) ياكى كېيىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىمۇ (= قاراتاي 5940 — 5933)، ئەينىنىڭ بالدۇرقى قول يازمىسىمۇ (قاراتاي5922— 5941)، ياكى ئۇنىڭ ئاساسىي تېكىستلىرىمۇ ياكى ئۇنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىلىرىمۇ (31) بۇنى ئايرىمىغان.

1976 - يىلى يازدا توپقاپى سارىيى كۇتۇپخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتىمىزغا ئاساسەن، بىز شۇنى ئوچۇق ئېيتالايمىزكى، توغان ئەينى قول يازمىلىرىنىڭ ھېچبىرىسىدە ئالتە بەت ئۇزۇنلۇقتىكى سىرلىق نۇسخىنى كۆرمىگەن. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يازما نۇسخىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

قاراتاي (A2911 |D1/=№5941) بەرىدىن ئەينىنىڭ بىرىنچى توم قول يازمىسى ناھايىتى روشەنكى، ئىقدەلجۇماننىڭ دەسلەپكى كۆچۈرمىسى. بۇ دۇنيانىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ 11 - يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەر قىسمى. بۇ يازما نۇسخىنىڭ ۋاقتى ھ 799 /م 1396. فەرەنگىيە بىلەن سۈرىيە ھەققىدىكى بابلار ئارىلىقىدىكى 151 ۋاراقنىڭ ئالتە بېتى ئاق قالدۇرۇلغان.

قاراتاي 5934 №(A2911/C2 =) تەمىنلىگەن ماتېرىياللار بەرىدىن ئەينىنىڭ ئاساسىي تېكىستلىرىنىڭ I تومىنىڭ كۆچۈرمىسى. ۋاقتى ھ 896/ م 1490. بۇنىڭدىمۇ يۇقىرىقى قول يازمىغا ئوخشاش بىر ئاق قالدۇرۇلغان جايى بار.

قاراتاي 5945 № نومۇرلۇق قول يازما (A2912/1) دۇنيا يارىتىلىشتىن تارتىپ 21 - يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەر. ۋاقتى ھىجرى X ئەسىر، مىلادى XVI ئەسىر. بۇنىڭمۇ مۇناسىۋەتلىك بېتىنىڭ، يەنى B - 289 - ۋاراقنىڭ ئاق قالدۇرۇلغان يېرىگە كۆچۈرگۈچى «بۇ يەرنى ئاق قالدۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبى، ئەسلى قول يازمىدىمۇ بۇ يەر ئاق قالدۇرۇلغان ...» دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ قويغان. (تۈركىي قەبىلىلەر ۋە ئوغۇزلار ھەققىدىكى ماتېرىيال 101 - ۋاراقنىڭ A ۋە B بەتلىرىدە).

قاراتاي 5944 № نومۇرلۇق قول يازما (R1557=) I تومىنىڭ كۆچۈرمىسى. ۋاقتى ھ 1127/ م 1715/ يىللار ئاق قالدۇرۇلغان جاي بار. قاراتاي 5943 № نومۇرلۇق قول يازما (B273=) I تومىنىڭ كۆچۈرمىسى. ھ1143/ م1722، ئاق قالدۇرۇلغان جاي بار. مەزكۇر سىرلىق قىسىم ھازىرقى لايمانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بەرىدىن ئەينى قول يازمىلىرىنىڭ ھېچبىرىسىدە ئۇچرىمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇلارنىڭ بىر قەدەر تىپىك بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەر.

ئەسئەت ئەپەندى 2322 №، I تومنىڭ كۆچۈرمىسى. ۋاقتى ھىجرى 1096/ مىلادى 1685. فەرەڭلەر بىلەن سۈرىيانلار ھەققىدىكى بابلار ئارىلىقىدا 255 ۋاراقنىڭ A تەرىپىدە ئاق جايمۇ يوق. زەكى ۋەلىدى توغان ئېيتىپ ئۆتكەن ھېلىقى ئالتە بەت ئۇزۇنلۇقتىكى سىرلىق تېكىستنىڭ «دىۋان» دىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1ـ 40 ئوغۇز (ئەرەبچە نەشرى، I جىلد 56 ـ 57)، 5 ـ 622 تۈركمەن (ئەرەبچە نەشرى، II جىلد 304 — 307) [ ! ]24÷28D (ئەرەبچە نەشرى، I جىلد، 29 ـ 36) 7—8G (ئەرەبچە نەشرى I جىلد 9 ـ بەت) بىزگە مەلۇم بولغان بەدرىددىن ئەينى قول يازمىسىدىكى تېكىستلەر مۇشۇ قىسىملاردىكى ئاۋۋالقى ئىككى جاينىڭ يازما نۇسخىسىنىڭ 1ـ20 دىن نەقىل قىلىنغان، بۇ نەقىللەر I تومنىڭ تەخمىنەن ئىككى بېتىنى ئىگىلەيدۇ. I تومدا بىر بەتتىن كۆپرەك ئاق ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. توغان ئۈچ نۇقتىنى بەدرىددىن ئەينى «دىۋان» نىڭ بىزگە مەلۇم بولمىغان بىر نۇسخىسىدىن ئالغان بولسا كېرەك. بۇنىڭدا پەقەت بىرىنچى نۇقتا (تاۋغاچ ئەمەلدە تىغاج، بۇ توغاج شەكلىدە يېزىلغان) يازما نۇسخىدا بار. بۇنى بىز يۇقىرىدا باشقىچە بىر ئۇسۇلدا ئىزاھلاپ ئۆتتۇق.

توغاننىڭ كۆچۈرمىسىدىكى بۇ مۇئەممما ھەققىدە بىز ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. ھەر ھالدا بىز شۇنداق پەرەز قىلالايمىزكى، توغان قول يازمىنىڭ بىرىنچى تومى بىلەن ئىككىنچى تومىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان بولسا كېرەك. توغان توپقاپى كۇتۇپخانىسىدا كۆردۈم دېگەن بۇ I توم نۇسخىسى بىزگە مەلۇم بولمىغان باشقا بىر كۇتۇپخانىدا ساقلانغان بىر نۇسخا بولسا كېرەك. بىزگە مەلۇم بولمىغان مۇشۇ نۇسخا تېپىلغاندىلا، مەزكۇر سىرلىق قىسىمنىڭ ئاپتورى ئۇنى بەدرىددىن ئەينىنىڭ بىز قولغا چۈشۈرەلمىگەن تېكىستلىرى ئاساسىدا ياكى «دىۋان» نىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ياكى مەلۇم بولمىغان بىر نۇسخىسى ئاساسىدا ئۆزى يازغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بەدرىددىن ئەينى «دىۋان» نىڭ بىزگە مەلۇم بولغان يازما نۇسخىسىغا ئاساسلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. لېكىن ئۇ يىغىنچاقلانغان ماتېرىيالغا ئاساسەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسلى تېكىستىنى تىكلەش مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، بۇ نەقىلنىڭ ئەسلى تېكىستى تىكلەنسە، قانداقلا بولمىسۇن پايدىلىق بولغان بولاتتى.

## 9. ئەسلى تېكىستنىڭ تارىخى

ئاۋۋالقى بەش قىسىمنى يىغىنچاقلاپ خۇلاسە چىقارغاندا، بىز تۆۋەندىكىچە يىل جەدۋىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز. بۇنىڭ بەزىلىرى پەرەز ياكى مەنتىقىي يەكۈنلەردىنلا ئىبارەت.

مەھمۇد قەشقەرى 1072 ـ يىلى 25 ـ يانۋار كۈنى بۇ ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشكەن. ئاندىن كېيىن 1077 ـ يىلى 9 ـ يانۋاردا بىرىنچى قېتىملىق تەھرىرلەشنى تاماملاپ، بۇ ئەسەرنى باغداتنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان خەلىپە ئەلمۇقتەدىگە ئارمىغان قىلغان.

1258 ـ يىلىدىن كېيىن قەشقەرىنىڭ قول يازمىسى ئابباسىيلار خەلافەتى (خەلىپىلىكى) بىلەن بىللە مەملۇكىلەر خاندانلىقىغا كەلگەن. بۇ چاغدا بۇ يەردە بولۇپمۇ قاھىرە ۋە دەمەشق سارايلىرىدا ئەرەبچە سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم تۈرك تىلىنى ۋە تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئەمەلىي رەۋىشتە ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. ئەسەرنىڭ يېڭى خوجايىنلىرى بۇ ئەسەردىن بىر نۇسخا كۆچۈرگۈزگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلى ساۋالىق بولۇپ كېيىن دەمەشقتە ئولتۇراقلاشقان بىر ئىرانلىق ئادەمنى ياللىۋالغان. بۇ ئادەم موڭغۇل ئىستىلاسى سەۋەبىدىن ئۆز يۇرتىدىن دەمەشققە كۆچۈپ كەلگەن بولسا كېرەك. بۇ كاتىپ كۆچۈرۈش ۋەزىپىسىنى 1266 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (يەكشەنبە)

تاماملىغان. بۇ كۆچۈرۈش خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ دەمەشقتىكى يېڭى ئۆيىدە ياكى قاھىرەدە تاماملىغان بولسا كېرەك. كىتاب ئىگىسى ئەرەب ۋە تۈرك تىلشۇناسلىقىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، ئۇ مەزكۇر كۆچۈرگۈچىگە كىتابنىڭ تىتول بېتىگە بىر ئىزاھات يازدۇرۇپ، مەھمۇد قەشقەرى ئۆز كىتابىدا بايان قىلغان تىل «تۈركمەن تىلى» بولىدۇ دېگۈچى بىر ئادەمگە قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. بۇ نۇقتا ھەققىدىكى ئەسلى قول يازما بىزگە مەلۇم ئەمەس.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىردە ياكى بىر يېرىم ئەسىر داۋامىدا، ئاز دېگەندە ئىككى ياكى ئۈچ ئادەم بۇ ئەسەرنىڭ تېكىستىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن. («قۇر ئارىلىقىدىكى ياكى ھاشىيەدىكى ئىزاھاتلار» دېگەن قىسمىنىڭ 2 ـ 4ـ 5 ـ نۇقتىلىرىغا قارالسۇن) بۇ ئادەملەرنىڭ بىرىنچىسى («سىيانىڭ رەڭگى ۋە كېيىنكى قەلەم ئىزلىرى» دېگەن قىسمىغا قارالسۇن). تۈركچە ۋە ئەرەبچە پۈتۈن تېكىستقا ھەرىكە قويۇپ چىققان. مۇشۇ جەرياندا ئۇ تۈركىي سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى شۇ دەۋردە (مەملۇكلەر دەۋرىدە) كەڭ ئىستېمالدا بولغان قىپچاق دىئالېكتىغا يېقىنلاشتۇرغان. مۇشۇ ئۆزگەرتىشلەر ۋە ئۇنىڭ قەلەم ئىزلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئادەم XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا دەمەشقتە ياكى قاھىرەدە ياشىغان بولسا كېرەك. قالغان ئىككى ئادەمنىڭ پائالىيەتلىرى چوقۇم 1422 ـ يىلىدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن. بۇ دەۋردە، بۇنىڭدىن باشقا بىرنەچچە ئادەمنىڭ قەلەملىرىمۇ خېلى ئاكتىپ ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن.

1400 ـ يىلى بۇ كىتاب ئەسلى دەمەشقلىق بولۇپ، بۇ دەۋردە قاھىرەدە ياشىغان بىر ئاتاقلىق ئالىمنىڭ قولىغا چۈشكەن. بۇ ئادەم كىتابنىڭ تىتول بېتىدە ئۆز ئىسمىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. («تىتول بەت» دېگەن قىسمىغا قارالسۇن). بۇ ئەسەر 1422 ـ يىلى قاھىرەدە بولغانلىقى مۇقەررەر. چۈنكى شۇ يەردە يەنە بىر ئاتاقلىق ئالىم ئۆزىنىڭ چوڭ بىر ئەسىرىنى يازغاندا بۇ ئەسەردىن پايدىلانغان. («بەدرىددىن ئەلئەينى» دېگەن قىسمىغا قارالسۇن).

1517 ـ يىلى ئوسمانلار مەملۇك خاندانلىقىنى ئىگىلەپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئەسەر ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن. شۇندىن كېيىنكى نەچچە يۈز يىل ئىچىدە ئوسمانلى ئالىملىرىدىن بىرقانچىسى بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلغان. شۇلاردىن بىرسى («قۇر ئارىلىقى ۋە ھاشىيەدىكى ئىزاھات» تىكى ئىزاھاتلارنىڭ 10 ـ نۇقتىسىغا قارالسۇن) ئەسلى تېكىستىنىڭ چېتىگە ئىككى ئورۇندا ئىزاھات يېزىپ قالدۇرغان. يەنە بىر ئادەم («قۇر ئارىلىقى ۋە ھاشىيەدىكى ئىزاھاتلار» نىڭ 11 ـ نۇقتىسىغا قارالسۇن) ئەسلى تېكىستىغا بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزگەن. ئۇنىڭ بەزى تۈزىتىشلىرى بۇ ئادەمنىڭ «دىۋان» نىڭ يەنە بىر كۆچۈرمە نۇسخىسىنى كۆرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۈچىنچى ئادەم XIX ئەسىردە ياشىغان بولسا كېرەك. بۇ ئادەمنىڭ تۈزىتىشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ، ئەسەرنىڭ ئەسلى تېكىستلىرىنى ئوبدان چۈشەنمىگەن.

1650 ـ يىلى ئوسمانلى دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى كاتىپ چەلەبى «دىۋان» نىڭ بىر كۆچۈرمە نۇسخىسىنى كۆرگەن. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ «كەشف زۇنۇن» ناملىق كۆپ توملۇق ئەرەبچە بىبلىئوگرافىيە كىتابىدا بۇ ئەسەرنى خاتىرىلەپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ خاتىرىسى مۇنداق: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مۇئەللىفى مەھمۇد ئىبىن ئەلھۇسەين ئىبىن مۇھەممەد (يازما نۇسخا 2ـ6 ـ بەتكە سېلىشتۇرۇڭ) بۇ ئەسەر «ھەممە ماختاش ـ ئالقىشلار يۈكسەك پەزىلەت ۋە كۆركەم سەنئەت ئىگىسى بولغان تەڭرىمگە خاس ......» دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ. (يازما نۇسخا 2 : 2 گە قارالسۇن). بۇ ئەسەر ئەرەبچە شەرھلەنگەن. تۈرك شېۋىلىرىنىڭ 18 ھەرپى ئاساسىغا قۇرۇلغان، بۇ تىلدا يەتتە ھەرپ يەنى ط ظ ص ض ذ ح ھ ھەرپلىرى يوقلۇقى (يازما نۇسخا 7 : 6ـ، 6 : 5 : 7 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). مۇئەللىپ بۇ ئەسەرنى خەلىفە ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا ئىبىن مۇھەممەد ئەلمۇقتەدى بىئەمرۇللاغا ئارمىغان قىلغان (يازما نۇسخا 12 : 10 : 3 ـ بەت).

كاتىپ چەلەبى كۆرگەن «دىۋان» نۇسخىسى بىزگە مەلۇم بولغان نۇسخا ئەمەس دېگەن كۆز قاراش

www.uyghurkitap.com

بىر قەدەر ئومۇملاشقان. چۈنكى ئۇ قەيت قىلغان كىتاب ئىسمى «تۈركىي شىئۇلەر دىۋانى» بولماستىن «تۈركىي تىل دىۋانى» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ خىل ئوخشىماسلىق كىتاب ئىسمىنى خاتا ئوقۇغانلىقتىن بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ كىتابنى ۋانى ئوغۇللىرىدىن بولغان نازىر پاشا ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولغان بىر ئايالغا بەرگەن ۋە تۇرمۇشتا قىينالغاندا بۇ كىتابنى سېتىپ خىراجەت قىل، باھاسى 30 ئالتۇن لىرادىن كەم بولمىسۇن دېگەن. 1917 - يىلىدىن ئىلگىرى بۇ ئايال بۇ كىتابنى ئىستانبۇلنىڭ كىتاب بازىرىغا ئاپىرىپ ساتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب ئاتاقلىق كىتاب ھەۋەسكارى ئەلى ئەمىر تەرىپىدىن سېتىپ ئېلىنغان. ھازىر بۇ ئەسەر ئەلى ئەمىرىنىڭ باشقا كىتابلىرى بىلەن بىللە ئىستانبۇلنىڭ فاتىخ رايونىدىكى مىللەت گىنەل (باش) كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئەلى ئاخىرىدا ئەلى ئەمىر بۇ كىتابنى تەھرىرلەش ئىشىنى كىلىسلى رىفئەت (بىلگە) گە ھاۋالە قىلغان. رىفئەتنىڭ، ئېيتىشىچە ئۇ بۇ كىتابنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا كىتاب بەك قالايمىقان بولۇپ، مۇقاۋىسى بۇزۇلغان. بەتلىرىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىكەن. كىلىسلى رىفئەت ئىككى ئاي تىرىشىش نەتىجىسىدە بەتلىرىنى تولۇق رەتكە سېلىپ چىققان. شۇندىن كېيىن ئۇ بۇ كىتابنى رەتلەش ئىشىنى تاماملىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ۋە ۋاراقلىرىغا بەت نومۇرى قويۇپ چىققان ㉟. كىلىسلى رىفئەت بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلىدى ۋە 1917 - يىلىدىن 1919 - يىلىغىچە بۇ كىتابنى ئۈچ جىلدقىلىپباستۇرۇپچىقتى. (=ئەرەبچە نەشرى).

ئەسلى يازما نۇسخىنى چاپلاپ ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇقاۋىغا ئېلىپ تۇپلەش ئىشى ئەنە شۇ چاغلاردا ئىشلەنگەن. چېتىگە چاپلانغان قەغەز ئۈستىگە يېزىلغان ھاشىيە ئىزاھاتلىرى بۇ ئىشنىڭ ھازىرقى زاماندا ئىشلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. («قۇر ئارىلىقىۋەھاشىيەدىكىئىزاھاتلار» نىڭ 13-نۇقتىسىغاقارالسۇن). ئەسلىدىكى ۋاراق ۋە باب سانلىرى بوز سىيا بىلەن يېزىلغان، كېيىنكى بەتنىڭ بىرىنچى سۆزى ئاۋۋالقى بەتكە چوقۇم كىلىسلى رىفئەت تەرىپىدىن يېزىلغان (14 - نۇقتىغا قارالسۇن). قېرىنداش قەلەم بىلەن يېزىلغان زور كۆپچىلىك ئىزاھاتلار كېيىن يېزىلغان بولسا كېرەك. ئەسلى تېكىستقا قېرىنداش قەلەم بىلەن يېزىلغان بىر غەلىتە تۈزىتىش 1917 - يىلىغا تەئەللۇق بولسا كېرەك. («قۇر ئارىلىقى ۋە ھاشىيەدىكى ئىزاھاتلار» نىڭ 15 - نۇقتىسىغا قارالسۇن).

## 10. ئىملا خاتالىرى، غەلىتە يېزىلغان سۆزلەر ۋە تېكىستقا كىرگۈزۈلگەن تۈزىتىشلەر

«دىۋان» نىڭ بىزنىڭ قولىمىزدىكى بىردىنبىر يازما نۇسخىسى قەشقەرى بۇ ئەسەرنى يېزىپ ئىككى يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن كۆچۈرۈلگەن. تۈركىي ۋە ئەرەبىي ماتېرىياللاردا بىرمۇنچە ئىملا خاتالىرى (خاتا يېزىلغان سۆزلەر) بار. بۇ نۇقتا، «دىۋان» ھەققىدىكى تەتقىقات يېڭى باشلانغان چاغدىلا ئېتىراپ قىلىنغانىدى. كىلىسلى رىفئەت «دىۋان» نىڭ ئەرەبچە نەشرىنى چىقارغاندا، ئەرەبچە قىسمىنى ئەدەبىي قېلىپقا سېلىشتا نۇرغۇن ھەسسە قوشتى، تۈركىي سۆزلەرگە ئۇ ھېچقانداق تۈزىتىش كىرگۈزمىدى.

بروككېلمان سېلىشتۇرما تۈركولوگىيە ۋە ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق دۇنياۋى مەلۇماتى ئاساسىدا («دىۋان» ئاساسىدا) ئۆزى نەشر قىلغان سۆزلۈكتىكى (MTW) دە نۇرغۇن سۆزلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزدى. مەسىلەن، «باسمىل» دېگەن قەبىلە نامى يازما نۇسخىدا كۆپىنچە «يسمل» شەكلىدە يېزىلغان. كىلىسلى رىفئەت بۇ «يـ» لارنى ئۆزگەرتمىگەن. بروككېلمان (DTS—241 قارالسۇن) قەدىمكى تۈركىي مەڭگۈ

تاشلاردا يېزىلىشىغا ئاساسەن بۇ ئىسىمدىكى «ي» نى «ب» قىلىپ تۈزەتكەن. (يەنى «ياسمىل» نى «باسمىل» قىلىپ تۈزەتكەن)

بەزى سۆزلەرنى يېڭىچە ئوقۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا بېسىم ئاتالاي بروككېلماندىن ئېشىپ چۈشتى. ئەمما ئاجايىپ يېرى شۇكى، ئۇ مۇنداق تۈزىتىشلەرنى كۆپىنچە ھاشىيەدە كۆرسىتىپ ماڭدى، ئەسلى تېكىستنى يەنىلا ئەرەبچە نەشرىدىكى پېتىچە ئالدى، ئاخىرىغا بارغانسېرى ئۇ بۇ نۇقتىدا بىر قەدەر دادىللاشتى. چۈنكى، ئۈچىنچى تومنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئۇ بىرىنچى تومدىكىگە قارىغاندا ئەسلى تېكىستقا كۆپرەك تۈزىتىش كىرگۈزدى. لېكىن بروككېلمان بولسۇن، ئاتالاي بولسۇن، ئەسلى تېكىست ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىدە ئىزچىل بىر يول تۇتمىغان (DTS - قەدىمكى تۈركىي سۆزلەر لۇغىتى — بۇ جەھەتتە ھېچبىر نۇقتىدا ئاتالايدىن ئۆتۈپ كېتەلمىگەن. تايمىس بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسى ھەققىدىكى قىسقىچە تەقرىزىدە بىرقانچە سۆزگە تۈزىتىش كىرگۈزگەن).

ئاتالاي شىنكوۋىچنىڭ 1926 — 1927 - يىللىرى نەشر قىلىنغان رابغوزى سىنتاكسىسى ھەققىدىكى ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. شىنكوۋىچ بروككېلماننىڭ «دىۋان» دىكى بەزى شېئىر - قوشاقلارنىڭ ئوقۇلۇشى ھەققىدىكى پىكىرلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئۇ بۇنداق تۈزىتىش كىرگۈزۈش تۈركىي ماتېرىياللارنى قەشقەرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشتا تۇتقان پرىنسىپقا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك دېگەن كۆز قاراشقا ئاساسلانغان. بۇ بروككېلمان زادىلا ئويلاپ باقمىغان بىر كۆز قاراش ئىدى. مەسىلەن، 229 - بەتتىكى bθktir دېگەن سۆزگە مىسال قىلىنغان شېئىرنىڭ 2 - قۇرىدا «بارىق ياقىپ قىيا كۆردۇم» دېگەن ئىبارە بار. بۇ ئىبارە ئەرەبچىگە «فرايت من بعيد سوادا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭ مەنىسى «مەن يىراقتىن بىر قارا نۇقتا كۆردۇم» دېگەن بولىدۇ. بروككېلمان بۇ ئىبارىنى «بارىق ياقىپ قايا كۆردۇم» دەپ ئوقۇغان ۋە نېمىسچە nachden ich der Erdspalte (? genahert hatte erblickte ich einen Felsen دەپ تەرجىمە قىلغان. شىنكوۋىچ بۇ ئىبارىنى كۆچۈرگۈچى خاتالاشتۇرغان دەپ قارىغان ۋە «يىراق باقىپ قارا كۆردۇم» دەپ تۈزەتكەن. نەتىجىدە پۈتۈن ئىبارە (مەھمۇد قەشقەرى) تەرجىمىسىگە ئۇيغۇنلاشقان. (رابغوزى سىنتاكسىسى، I توم، 36 - بەت).

ئەپسۇسكى، يىراقنى كۆرەرلىك ئەقىل - پاراستى بىلەن سۇغىرىلغان بۇ ئۇسۇل «دىۋان» تەتقىقاتىغا ئىزچىل ئېلىپ كىرىلمىگەن. بروككېلمان ئەسلىدە غەلىتە يېزىلغان شەكىللەر بىلەن ئۆزىنىڭ تۈزەتكەن شەكىللىرىنى بىر بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ مەسىلىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن. «يوق» سۆزىنى يۇقىرىدا كەلتۈرگەن شېئىرنىڭ بىرىنچى سۆزى قىلىپ ئالغاندىن باشقا (79 MTW) يەنە «بارىق» سۆزىنى نېمىسچە eine undeutlich in der Ferne auftanchend e Erscheinung دەپ تەرجىمە قىلغان (31 MTW). بروككېلمان بىر سۆزنىڭ ئىككى خىل ئوقۇلىدىغانلىقى، بۇلارنى بىر بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش زۆرۈرلۈكى ۋە بۇلاردىن بىرسى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمىغان. (سوئال ئالامىتى قويغانلىقى ئۇنىڭ بۇ مەسىلىگە گۇمان بىلەن قارايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە).

ئاتالاي بۇ بىر قۇرنى (تەرجىمە I توم 456 - بەت) «بارىق ياقىپ قىيا كۆردۇم» دەپ ئوقۇغان ۋە «ياقىن ۋاراراق بىر قارالتى گۆردۈم» دەپ تەرجىمە قىلغان (ئەرەبچە ئىزاھاتىنى بولسا، «ئۇزاقتان بىر قارالتى گۆردۈم» دەپ تەرجىمە قىلغان). ئۇنىڭ ئىندېكسىدا بروككېلماننىڭكىگە ئوخشاش بىر غەلىتە سۆز «بارىق» بولۇپ، بۇ سۆز «ئۇزاقتان بىلىرەن بىر قارالتى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئاندىن بۇ سۆز روسچە، تۈركچە سۆزلەر لۇغەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە بېرىلگەن (مەسىلەن، DTS. 84 - بەت).

ئەڭ ئاخىرىدا «دىۋان» تەتقىقاتىنى توغرا يولغا كىرگۈزگەن كىشى گرارد كلاۋسون ئەپەندى بولدى. ئۇ كەمچىلىك ۋە غەلىتە سۆزلەرنى تەلتۆكۈس تۈزىتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. شۇنىڭدەك ئىلگىرى مەلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغان ھەم تۇركىي ماتېرىياللاردىكى ھەممە مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئەسلى تېكىستنى قايتا يورۇتۇپ چىقتى. 1955 ـ يىلىغىچە ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىلدىكى غەلىتە سۆزلەر» ناملىق ماقالىسىدە، كلاۋسون مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ھېچقانداق كەمچىلىك يوق» دېيەرلىك دەپ قارىغان يازما نۇسخىسىدىن پايدىلانغان (م 137، 1955، JRAS)، ئەمما 1972 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق كاتتا لۇغىتى (ED) نى نەشىر قىلىدىغان چاغدا پۈتۈن ماتېرىيالنى پۇختا پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقتى، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا تەلەپپۇزىنى ئىشلەپ چىقتى. كلاۋسون مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان» دىكى سۆزلەملەرنى ئۇيۇشتۇرۇشتا قوللانغان نەمۇنىلىك سىستېمىسىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەردى ۋە «دىۋان» نىڭ تېكىستىنى تۇرغۇزۇشتا بىرىنچى بولۇپ مەھمۇد قەشقەرى سىستېمىسىدىن ئىزچىل پايدىلىنىش ئۈچۈن تىرىشتى. بەزى چاغلاردا ئۇ تولىمۇ دادىللىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پرىنسىپى توغرا ئىدى. خۇددى بېسىم ئاتالايغا ئوخشاش كلاۋسون ئىشىنىڭ ئاخىرىغا بارغانسېرى ئەركىنرەك يول تۇتتى.

شۇنداق قىلىپ، تۈركىي ماتېرىياللارنى تۇرغۇزۇش ئۈستىدە ئىككى مېتودولوگىيە پرىنسىپى يولغا قويۇلدى: (1) ئەرەبچىسىنى تۈركچىسىگە قارىغاندا ئىشەنچلىكرەك دەپ بىلىش (شىنكوۋىچ مۇشۇ پرىنسىپتىن پايدىلاندى، گەرچە ئىزچىل بولمىسىمۇ كلاۋسونمۇ شۇنداق قىلدى). (2) سۆزلەملەرنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ نەمۇنىلىك سىستېمىسى قانۇنىيەتلىك ۋە باشتىن ئاياغىچە ئىزچىل دەپ بىلىش (كلاۋسون بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلدى)، يەنە ئۈچىنچى پرىنسىپمۇ بار. بۇنىڭغا بۇ چاغقىچە يېتەرلىك ئېتىبار قىلىنماي كېلىنىۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، تۈركىي سۆزلەرگە دەلمۇدەل كېلىدىغان ئەرەبچە سۆزلەرنى تاللاشتا باشتىن ـ ئاياغىچە بىرخىل پەۋقۇلئاددە ئىزچىللىقنى ساقلاش (سۆز تومۇرلىرى ئىندېكسىدا بۇ نۇقتا ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ).

مۇشۇ پرىنسىپلارغا تەلتۆكۈس ئەمەل قىلىش ئارقىلىق بىز «دىۋان» نىڭ توغرا تېكىستىنى تۇرغۇزۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى خېلى تولۇق (گەرچە تامامەن دېگۈدەك بولمىسىمۇ) ھەل قىلدۇق. شۇنىڭدەك بۇ چاغقىچە ھېچكىم تەرىپىدىن بىر مەسىلە دەپ قارالمىغان بىرمۇنچە نۇقتىلاردا بىز ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

مۇنداق غەلىتە ـۋزلەر ۋە تەلەپپۇزلارنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنى بىز تۆۋەندىكى مىساللاردا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بولۇپمۇ بىرىنچى تۈردىكى بىرقانچە مىساللار ئەسلى كۆچۈرگۈچىدىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى كېيىنكى ئادەملەر تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان («سىيانىڭ رەڭگى ۋە كېيىنكى قەلەم ئىزلىرى» گە قارالسۇن). ئىلگىرى ئالىملار بېكىتكەن تەلەپپۇزلارمۇ بۇ يەردە توغرا تېپىلدى. پايدىلىنىش ئۈچۈن بۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەلەپپۇزلىرى ھاشىيەدە ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى (تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن تۈرلەرگە مۇناسىۋەتلىك توپ ئىندېكستە كۆرسىتىلگەن xa. xb دېگەندەك ئالامەتلەرگە دىققەت قىلىنسۇن).

### a. پەقەت سوزۇق تاۋۇشلار

? 46. الق oluķ (37 ـ بەتتىكى olut قا ئاساسلاندۇق، ol un قاتارلىقلارغا قاراڭ).

51. اغين aqin (ئەرەبچە aqann، كلاۋسون لۇغىتىنىڭ 87 ـ بەتتىكىسى خاتا).

60. انكس əŋəs (aŋ !)

60. اوركج ərkəq (تۈركىي تىللار دىئالېكتلىرى لۇغىتى، 1 ـ توم، 780 ـ بەت ərkəx³)

637، 79. ايلنج ulinq (تۆۋەندىكى سۆزلەمنىڭ تەسىرى بارمۇ قانداق، ئەرەبچە نەشرى 148).

98. اذردى əzür — (ئالدىنقى سۆزلەمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، نەشرى 67) 186 ـ بەتتىكى: kümüx دېگەن سۆزلەمگە مىسال قىلىپ ئېلىنغان شېئىردا əzürdüm (بۇ يەردە ئەرەبچە تەرجىمە ئاساس قىلىنغان).

112: اتت θtət (θtə>) .

126. اتلش (ئىسىم قىسمىدا) ətləx (ət>) .

150 اۋملن üzümlən (üzüm بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن) ئەرەبچە نەشرى 8ـ 27) .

153. ارغلا uruɣla (ئاۋۋالقى سۆزلەمنىڭ تەسىرىدىن بولغان. كلاۋسون لۇغىتى 220) .

230. ترمز (173 ـ بەتتە قرج ķarq نىڭ مىسالىدا ترمز turmuz ‹ پارسى، تارمۇس) .

232. بشلغ boxlaɣ (MTW) .

240. تكلك təglük (كلاۋسون لۇغىتى 480) .

....................................

## b. ب، ت، ن، پ ھەرپلىرىدىكى مالىمانچىلىق

7: 10 ارندى arĭdi (ئەرەبچە نحلق) .

16: 20 ۋە باشقا ئورۇنلاردا يسمل basmil (MTW) .

54 ـ بەتتىكى āy سۆزىگە مىسال قىلىنغان شېئىردا: انن anun(anu>) .

56 ـ بەتتىكى ori سۆزىگە كەلتۈرۈلگەن ماقالدا: تبرشر terisur: 66 ـ بەتتىكى imram دېگەن سۆزنىڭ مىسالىدا، تبرشتي təprəxti (كلاۋسون لۇغىتى 163 ـ بەت) .

116. ابت ـ opi .

172. يرت bart (ئەرەبچە نەشرى)، بۇ سۆز 59 ـ بەتتىكى anut سۆزىگە مىسال ئېلىنغان ماقالدا يرت شەكلىدە يېزىلغان (بۇنداق بولغاندا بۇ يەردىكى يورت ھاراق كەملەيدىغان قاچا بولۇپ قالىدۇ، مۇنداق بولسا، بۇ سۆز كلاۋسون لۇغىتىنىڭ 176 ـ بېتىدە تۈزىتىلگەن) .

190. يرق (ئىسىمغە قاراڭ) برق ‹‹bar ! ؛ oriķ سۆزىگە ئارىلاشتۇرۇلغان) .

191 ـ بەتتىكى qaruķ (ئىسىم) بتزن bizan بۇ سۆز bìzaŋ دېگەنلىك بولۇپ (ئىران ئەپسانىلىرىدىكى مەشھۇر شەخس) .

?199 ـ بەتتىكى ķizil سۆزىگە مىسال كەلتۈرۈلگەن شېئىردا، يوركشب tergəxip (ئىندېكستە tergəx كە قاراڭ) . yθrgəxip كېيىنكى قۇردىكى بىر سۆزگە قاپىيەداش قىلىنىپ يەنە ئېلىپ تاشلانغان. yüzkəx كلاۋسون لۇغىتىدىكى yüzləx دىن كەلگەن دېگەن پىكىر ئىسپاتلانمىغان.

221 ـ بەتتىكى munda دېگەن سۆزگە مىسال كەلتۈرۈلگەن شېئىردا تمو yamu (كلاۋسون لۇغىتى 503 ـ بەت) .

227 ـ يركج bürgüq (كلاۋسون لۇغىتى 3 ـ 362) .

229 ـ بەتتىكى bθktür سۆزىگە مىسال قىلىنغان شېئىردا يرق بقب yiraķ baķip (شىنكوۋچ) .

404 ـ بەتتىكى ـ tiɣraklan دېگەن سۆزگە كەلتۈرۈلگەن شېئىردا: يتر (tetar> — tet سۆزىنىڭ يۆنىلىش كېلىش شەكلى، خۇددى 412 ـ بەتتىكى tet سۆزىگە ئوخشاش، بۇ سۆزمۇ مۇشۇ كەمگىچە tetər دەپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە، ئەمما yet — چۇشۇم كېلىشتە بولۇپ، 422 ـ بەتتىكى yet ۋە 105 ـ بەتتىكى eliķ دېگەن سۆزدىكى شېئىردىمۇ شۇنداق) .

## c. باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلاردىكى قالايمىقانچىلىق

ج. خ ؟ 245 خجونك qüqünək ‹‹? ـ WB süci ■ توم، 2200 qücülük، تاتلىق، qüqümən «چۇچۇمەل (چافاتايچە) .

541 جتق hutu (R. Dankoff نىڭ ختۇ بىلەن قوتۇق سۆزلىرىگە بەرگەن ئىزاھاتىغا قاراڭ. 4. 93 [1973] 3. 542) .

ج. ک 195 جكك qeqək — چېچەك (ED. 200) .

www.uyghurkitap.com

ر. ز، د 76 ز ر ۋ arzu (ED. 200).

84 اوزورى awruzi (ED. 15)

361 - بەتتىكى kaztur سۆزىگە كەلتۈرۈلگەن مىسالدا: قدغ kaza (ئۆستەڭ دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ kaz سۆزىنىڭ |0| شەكلىدىكى مەجھۇل شەكلى بولسا كېرەك. 192 - بەتتىكى kazuk سۆزىگە قاراڭ، 598. ED دا kudu دەپ ئوقۇلغان، مۇنداق قىلىنغاندا بەك زور تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ).

391 - بەتتىكى kazγan سۆزىگە كەلتۈرۈلگەن شېئىردا: يدقى يدي burki yuzi (كۆچۈرگۈچىنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن كەلگەن خاتالىق) 10 : 13 دىكى burki سۆزىمۇ وجەالعبوس دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

233 - بەتتىكى tumli دېگەن سۆزدىمۇ يدى yüzi دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ)

ر. ت. ؟ 245. ترقو tatirku (tatir< ?).

ر. ي ؟ 229 - بەتتىكى boktir سۆزىگە كەلتۈرۈلگەن شېئىردا: قيا karaı (شېنكوۋچكەقاراڭ).

؟ 555 - بەتتىكى —ota سۆزىگە مىسال كەلتۈرۈلگەن شېئىردا ارل ayla (ئەرەبچە قادا) بىروككېلمانىدا ərlə «Heimut». (سۆزلۈك I . 36).

ر. و 84 اشكرتى exgürti (ED .261).

ز. ن 164 - بەتتىكى kiz كزيبار kin yipar (ED .256) 42 - بەتتىكى θləs دېگەن سۆزگە مىسال كەلتۈرۈلگەن شېئىردا: منكيز məŋin «بىر مىڭىنى» (بۇسۆزتاھازىرغىچەməŋiz ئوقۇلۇپ كەلمەكتە). غ. ن 233 سغلغ |0| sanli(<sān WBنىڭ Ⅳ تومىغا قاراڭ) 304؛ ۋ. بانگ بىلەن ئا. فون. گاباتىن «تۈرك تۇرپان تېكىستلىرى»غا ئاناليتىك ئىندېكس (SPAW 1931، 497).

غ. ۋ 371 - بەتتىكى qərməx جغغ qawi (ED .430) 388 - بەتتىكى جغلان (<— qawla) - (qawlan).

غ. ق 82 - بەتتىكى armγan سۆزىدە يرمقن (yarmaγan گ. كلاۋسون، 5591. JRAS 1955«Turkish Ghost words» 137 - بەت).

ق. و 37. اقت okut (<oki ئالدىنقى سۆزلەمنىڭ تەسىرىدىن).

ق و D 54 بتق. يتق hotu, botu (ED. 299، 402 - qatu، يۇقىرىقى JX گە قاراڭ).

ك. ل ؟ 64 - بەتتىكى θrdək سۆزىگە مىسال كەلتۈرۈلگەن ماقالدا: اكنور ellənür (ئەرەبچە يەتتە مەللاقۇ: (ēl، ئەمما —ellən نىڭ باشقا بىر ئاساسى - ئىسپاتى يوق).

ك. ت 454 - بەتتىكى yula سۆزىگە مىسال كەلتۈرۈلگەن شېئىردا ايوت ēwək (ED .6).

ل 59 - بەتتىكى aŋar دېگەن سۆزگە مىسال كەلتۈرۈلگەن شېئىردا: بلزاى yāzi (تەرجىمە I . 94).

س، ش 343 سسين səxin (<— səx بۇ يەردە ش ھەرپى س دەپ خاتا ئوقۇلغان).

س. ب 568 - بەتتىكى s[illegible]za ايسن yipin دېگەنگە قارىغاندا، ئارغامچا دېگەن مەنىدىكى yip كە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.)

س، ب، د، ش. 236 بشفق sapγak (ED .786).

م. ف. 531 كيفن küymən (ED .6 — 755).

م. و 81. ارمدون arūdūn (ED .232).

## d. چۈشۈرۈلگەن ياكى قوشۇلغان ھەرپلەر

441 منكداتى، مىنكدر،• مىنكدمق (EP).

؟ 8: 466 - بەتتىكى ايغلغ u lu (ED .271)

546 . جلار qila كۆچۆرۆشتە ھەرپ قوشۇلغان روت (418. ED) . يەنە 192 ـ بەتتىكى adak - kiruk دېگەن سۆزنى adakli دەپ ئوقۇش كېرەك ئىدى (ئىسمىگە قارالسۇن) .

552 ـ بەتتىكى qolkuy : əlig سۆزىمۇ əliglig دەپ ئوقۇلۇشى لازىم.

## e. باشقا ئالاھىدىلىكلەر

? 85 ـ بەتتىكى l aq سۆزىگە كەلتۈرۈلگەن ماقالدا: خەت سۇ تېگىپ يېيىلىپ كەتكەچكە، بۇ سۆز مۇشۇ كەمگىچە شبۇك sabuk «ئىتتىك» (پارسچە) دەپ ئوقۇلۇپ كەلگەن. بۇ سۆز tərk ياكى xap? ) دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك.

173 ـ بەتتىكى kənd سۆزىدىكى شېئىر: كلىنكزلىو kəlginləyu (718. ED) .

206 ـ بەتتىكى l ka سۆزىدىكى ماقال: قل kari (ئەرەبچە شەيخ) كلاۋسون (614 ED) kul (خۇدانىڭ) خىزمەتكارى دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلىغان. بۇ يەردىكى ئەرەبچە شەيخ دېگەن سۆزنى قېرى ئادەم دەپ تەرجىمە قىلسا بولمايدۇ.

## f. ئەرەبچە سۆزلەرنى تۈركچە دەپ ئوقۇغانلىقتىن كېلىپ چىققان خاتالىقلار

82 ـ بەتتىكى aramaɣan : امج ئەرەبچىدە الصحح (كلاۋسون) JRAS، 1955 ـ يىل 137 ـ بەت) .

210 ـ بەتتىكى qügde : الخس، ئەرەبچە الخس (ئەلخوسسە) (ED . 414 دە كلاۋسوننىڭ الخس دېگىنى خاتا) .

240 ـ بەتتىكى، qəkrək : قب (قەپ) ئەرەبچە قب (قەبە) (ED . 416) .

## g. ئەرەبچە ئىزاھاتلاردىكى خاتالىقلار

2 ـ 352 دىكى suɣulmix ئەرەبچە غير يازما نۇسخىدا غبر .

420 ـ بەتتىكى سكت (سەكىت) ئەرەبچە أَضْطَر səkiti ئەرەبچىدە اختا (ED، 820 ـ بەت) .

## h. ئەسلى تېكىست خاتا ئەمەس، تەرجىمە خاتا بولغانلار

35 ـ بەت θz سۆزىدىكى شېئىردا: kaniki «قەيەردە؟» بروككېلمان (سۆزلۈكنىڭ I توم 25 ـ بەتتە) : koniki «ihr Aufenthalt» (MTW 159 ـ بەت) دا 3. konuk نىڭ تۆۋەن تەرىپىدە «Autenthaltsort» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. تەرجىمە، I توم 47 ـ بەتتە dileginəer (تىلىكىگەيەتكەن) ، Dizin 262 ـ بەتتە kanik = kanig (ئوسمانلىچە kanik قانماق، قانائەتلەنمەك دېگەنلىك بولىدۇ) ED 637 ـ بەتتە تۈزىتىلگەن. ئەمما ئۇنىڭ مەنىسى بۇ يەردە كۆرسىتىلگەندەك Həp. lag ئەمەس. قاراڭ DTS . 418ـ9 بەتلەر.

48 اسك (əs—> əsik قارىقىنىڭ سىنونىمى ھازىرغىچە isig ئوقۇلىدۇ) .

53 ااز (ئىسمىگە قاراڭ) ez>ēz بىلەن ئومۇنىم مەنىداش ھازىرغىچە iz ئوقۇلىدۇ) .

## ئىزاھاتلار

① ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ھەرىكىسى ئادەتتىكى ئەنئەنىلىك ئۆلچەملەرگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا «خاتا» ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بۇلار ئەرەبچە (تۈركچىگە قارىمۇ قارشى) لېكسىكوگرافىيىنىڭ ئېپتىدائىي ماتېرىياللىرى، مەسىلەن: «ئەينولە» نىڭ ئەرەبچىسى «دىۋان» دا ajas دەپ ھەرىكىلەنگەن. ۋەھالەنكى، كلاسسىك ئەنئەنە بويىچە بۇ سۆز iijas دەپ ھەرىكىلىنىشى كېرەك ئىدى. تاۋۇزنىڭ ئەرەبچىسى «دىۋان» دا batih شەكلىدە ھەرىكىلەنگەن، bittix دېيىلمىگەن؛ قۇرۇق مېۋە دېگەن مەنىدىكى سۆز faliq دەپ ھەرىكىلەنگەن، fallayq دېيىلمىگەن. تۆمۈرچىنىڭ بولقىسى «دىۋان» دا ئەرەبچە futis دېيىلگەن. fittis

www.uyghurkitap.com

دېيىلمىگەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئەرەبچە سۆزلەردىكى ھەرىكىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەسلى كۆچۈرگۈچىنىڭ ياكى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بولماستىن، كېيىنكى ئادەملەر تەرىپىدىن قويۇلغان. بۇ ھەقتە «سىيانىڭ رەڭگى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ قەلەم ئىزى» دېگەن ماۋزۇغا قارالسۇن.

② بۇ يەردە بىز شۇنى ئېتراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بىز بۇ جەھەتتە كلاۋسون ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە قايىلمىز، لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، بەزى مىساللاردا بىز كلاۋسوننىڭ تەرجىمىسىگە مۇخالىپلىقىمۇ قىلدۇق.

③ بەزى سۆزلەردە مەھمۇد قەشقەرى تۈركچە سۆزنى ئەرەبچە سۆز بىلەن ئىزاھلاپ ئاندىن بۇ ئەرەبچە سۆزگە تەبىر بېرىپ، بۇ ئىزاھاتنى «ۋەھوۋە» سۆزى بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا بىز بىرىنچى ئىزاھاتنى ئاساسىي ئىزاھات قىلىپ ئېلىپ، ئاندىن ئاپتور بەرگەن تەبىرنى بەردۇق. مەسىلەن، 33 - بەتتىكى «irk» دېگەن سۆزگە «الثَّسنانَ» دەپ مەنە بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا «تۆرت ياشلىق قوي» دەپ تەبىر بېرىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا ئەرەبچە تولۇق تەبىر «الضان من الغنم وهو اذا طعن فى الرابعه» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

④ كىلىسلى رىفئەت 1945 - يىلى «يېڭى ساباھ» گېزىتىدە (9 - ئاينىڭ 30 -، 10 - ئاينىڭ 4 -، 7 -، 11 -، 14 -، 18 - كۈنلىرىدىكى سانلىرىدا) ئەمىر ئەپەندىنىڭ «دىۋان» نىڭ يازما نۇسخىسىنى قانداق سېتىپ ئالغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنى قانداق نەشر قىلدۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. بۇ مەلۇمات م. شاكىر ئۈلكۈ تاشىرنىڭ «كاشغەرلى مەھمۇد» ناملىق ئەسىرىنىڭ (ئىستانبۇل 1946) 39 - 62 - بەتلىرىدە تولۇق تېكىستى بىلەن بېرىلگەن.

⑤ «دىۋان» تېكىستىدا ئاپتورنىڭ نامى قانچە يەردە چىققانلىقى توغرىسىدا ناملار ئىندېكسى، XI قىسمىغا قارالسۇن. «الكاشغرى» دېگەن تەخەللۇس پەقەت «دىۋان» تىتول بېشىدىلا (يازما نۇسخا 2) ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا بىر ئاز گۇمان بار. چۈنكى ئاپتور قەشقەردىن بولماستىن بارسغاندىندۇر. ئاپتورنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئۇملىئان پرىتساكنىڭ تۈركىيات مەجمۇئەسىنىڭ X سان (53 — 1951) 243 - 246 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان «مەھمۇد قەشقەرى كىمدۇر» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.»

⑥ بۇ ھەقتە ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى (يېڭى نەشرى) دىكى «ئىلىك خانلار» (ئاپتورى: بوسۋورتس) «ئەلكاشغەرى» (ئاپتورى: ھازاي) دېگەن ماددىلارغا قارالسۇن.

⑦ مۇقەددىمىنىڭ كۆپ قىسمى كارل بروككېلمان تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ «كوما ئارخىيوم» ژۇرنىلى I. 1. (1921) 26 - 40 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان. ماقالىنىڭ ماۋزۇسى «مەھمۇد ئەلكاشغەرى XI ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ تىلى ۋە ئەنئەنىلىرى توغرىسىدا» دېگەندىن ئىبارەت. خەرىتە يازما نۇسخىنىڭ 22 - 23 - بەتلىرىگە قىستۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئا. ھاررمانىنىڭ: «تۈركچە دۇنيا خەرىتىسى (1076 - يىلىدىكى) توغرىسىدا» نامىدا «ئىماگى مونىدى» مەجمۇئەسىنىڭ 21 - 28 - بەتلىرىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىغا (1935) قارالسۇن.

⑧ بۇ ھەقتە كارل بروككېلماننىڭ «Donum Natalicum Schrijinen» ژۇرنىلىدىكى «Hofsparache in altturkistan» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىغا قارالسۇن (1929) 7 - 222 - بەتلەر.

⑨ بۇ يەردە ئەرەب لۇغەتشۇناسلىرى دائىم ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان بېدۇئىنلارنىڭ ئەنئەنىۋى سۆزلىرى بىلەن باشقا قەبىلە سۆزلىرىنى ئىزاھلاش ئۇسۇلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەرەب تىلشۇناسلىرى بولۇپمۇ قەدىمكى شېئىرلارنى ئىزاھلىغاندا مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پ. فوچېكنىڭ «ئاراھىيە» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۈچىنچى توم Den. zu (پارىژ 1955) 46 - بەتكە قارالسۇن.

⑩ بۇ قىسىم كارل بروككېلماننىڭ «Kelete Szemle» مەجمۇئەسىنىڭ 18 - ساندا (19 — 1918) 29 - 49 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان «مەھمۇد قەشقەرى تۈركچە پېئىللار توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە

تەرجىمە قىلىپ تونۇتۇلغان. قەشقەرى (يازما نۇسخا 18 ـ بەتتە) ئۆزىنىڭ «كىتاب جۋاھىر النحو فى لۇغاتىت تۈرك» نامىدا بىر گىراماتىكا كىتابى يازغانلىقى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

⑪ «دىۋان» دىكى شېئىرلارتوغرىسىداكارل بروككېلماننىڭ «Altturkestanishe Volkspoesie» ماۋزۇلۇق ماقالىسىغا قارالسۇن. بۇ ماقالىنىڭ بىرىنچى قىسمى Probeband ، Asia Major (ھىرسىنىڭ تۇغۇلغان يىل خاتىرىسىگە بېغىشلانغان سان 1923) 1 ـ 22 ـ بەتلەردە 2 ـ قىسىم Asia Major I (1924) 22 — 44 ـ بەتلەردە ئېلان قىلىنغان شۇنىڭدەك. ئى. ۋ. سېتلۋانىڭ «XI ئەسىردىكى تۈركىي شېئىر فورمىلىرىنىڭ تەرەققىياتى» «موسكۋا 1971) دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن. ماقال ـ تەمسىللەر توغرىسىدا كارل بروككېلماننىڭ «Altturkestanische Volksweisheit» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن. «Ostasiatisehe Zeitschrift» ژۇرنىلى VIII ، (1920) 50 ـ 73 ـ بەتلەر ۋە ف برتەكىننىڭ «ئېسكى تۈرك ساۋلارى» (قەدىمكى تۈرك ماقال ـ تەمسىللىرى) ئەنقەرە (1944) دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.

⑫ ر. دانكوۋنىڭ «Humaniora Islamica» مەجمۇئەسىنىڭ I (1973) 44 ـ 233 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› ئىسكەندەر زۇلقەرنەين رىۋايىتى» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.

⑬ بۇ ھەقتىمۇ ر. دانكوۋنىڭ «ئوسمانلى ئارخىۋى» نىڭ IV تومى (1972) 23 ـ 43 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان «قەشقەرى تۈركلەرنىڭ قەبىلە ۋە ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن. يەنە شۇ ئاپتورنىڭ JAOS نىڭ 1. 95 سانىدا (1975) 68 — 80 ـ بەتلەردە ئېلان قىلىنغان «قەشقەرى دىنىي ئېتىقاد ۋە خوراپىي كۆز قاراشلار ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.

⑭ ئە. ۋەلىدى (توغان) نىڭ «ئاتسىز» مەجمۇئەسىنىڭ 16 ـ سانىدا (1932 ـ يىلى 77 ـ 78 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىغا قاراڭ.)

⑮ ل. بازىن «قەشقەرى دىۋانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرىسىدا» «Acta orientalia» مەجمۇئەسى، ۋېنگىرىيە، 7 (1957) 21 ـ 25.

⑯ بۇنىڭدا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى كالېندارى ئاساس قىلىنغان. (ل. بازىننىڭ «ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەدىمكى تۈرك كالېندارى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن، Lille مەجمۇئەسى 1974. 554 ـ بەت) قەشقەرىنىڭ يىل بېشى نورۇزدىن باشلىنىدۇ دېگەن سۆزىدىن گۇمانلىنىشنىڭ ئورنى يوق. (يازما نۇسخا 175 نەۋرۇز) ئۇ دەۋاتقان ۋاقىت 149 ـ يىل 15 ـ شەئبان — 14 ـ مارت بولسا كېرەك. بۇ 39 ـ بەتتىكى ماتېرىيالغا ئاساسەن مۇلاھىزە قىلغان (توغان 78 ـ بەتتىكى نەۋرۇز» نى 22 ـ مارت، يەنى 469 ـ يىلنىڭ 23 ـ شەئبانى دەپ خاتا قىلغان.

⑰ شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىدىكى «الكاشغرى» دېگەن ماۋزۇدا). ھازاي IV توم 699 ـ بەت) خاتىمىدىكى يىل 476/1094 (!) دەپ يېزىلغان

⑱ بۇ ئۆزۈن تېكىست: لا يەنبەغى ئەن يۇ ئەدراجا مەن يۇقۇلۇ ...... دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلانغان. مۇشۇ قۇرلارنىڭ چېتىگە يېزىلغان سۆز بولسا: بىمەنالا يەنبەغى ئەن يۇ تەمادا ئەلامەن يەقولوئىلا ئاخىرىغ دېگەندىن ئىبارەت.

⑲ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ بېشىدىكى ماقالە «تۈركىيات» مەجمۇئەسى VI (1936 — 1939) 355 ـ 360. رىفئەت بۇ ھەقتىكى مەلۇماتنى ئەسئەت ئەپەندىنىڭ 2196 ـ نومۇرلۇق 213 بەتلىك قول يازمىسىدىكى ئەبۇلئابباس مۇھەممەد ھىببەتۇللاھ ئەنتاقى تەرىپىدىن ھ. 1200 (م 86 — 1785) ـ يىلى يېزىلغان «ھەدىقەت ئەررىياھىن» ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئەسسەفاۋى (902/97 ـ 1496) تەرىپىدىن تۈزۈلگەن مەشھۇر شەخسلەر لۇغىتى «ئەددەۋۇللاھى» (قاھىرە 1354/1935 IV توم №1031 12 ـ 310 ـ بەتلەر) دىمۇ بۇ ئادەم ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. سەفاۋىنىڭ يېزىشىچە، ئىبن كاتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

دارراۋى بەك قابىل، ناتىق ئادەم ئىكەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىر كىنايە سۆزلەپ قويۇپ، دەمەشقتە تۇرالماي قېچىپ كەتكەن. كېيىن قاھىرەدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، سۇرىيىنىڭ بايسان شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن. 811 (1408) ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل، سەفەر ئايلىرىدا ۋاپات بولغان.

⑳ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» يازما نۇسخىسىدىكى بىر ئىلاۋە ھەققىدە ج. خرىستو مايتەسى (پراگا، خانىر نەشرىياتى).

㉑ مەسلەن: 88 ـ بەتتىكى «opit an» ، «azit an» ، 94 ـ بەتتىكى il — ، 95 ـ بەتتىكى ōt ، 502ـ بەتتىكى til — دېگەن سۆزلەمدىكى dən — لەرگە ئوخشاش، لېكىن 98 ـ بەتتىكى adir — ، tan — دا بىر قارا A بار، يەنە 496 ـ بەتتىكى buz دېگەن سۆزلەمدىكى dan — دىمۇ بىر قارا A بار. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بوز سىيا بىلەن يېزىلغان بەتلەردە، بۇ يەردە ۋە باشقا مىساللاردا dan — ئەسلىدىكى كۆچۈرگۈچى تەرىپىدىن يېزىلغان بولسا كېرەك. يەنى XII ئەسىردىكى بىر دىئالېكتنىڭ ئىنكاسى بولسا كېرەك. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بىز بۇ مىساللارنى din — دەپ ئوقۇمىدۇق. (گەرچە قەشقەرى شۇنداق ئوقۇغان بولسىمۇ) 355 ـ بەتتىكى dun، 357 ـ بەتتىكى tur ur ، 361 ـ بەتتىكى qōktür، 365 ـ بەتتىكى ķoptur ، 363 ـ بەتتىكى ķadɣur ۋە 574 ـ بەتتىكى sila — سۆزلىرىنىڭ كەينىدىكى dun — لار كېيىنكىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان بولسا كېرەك.

㉒ بوز رەڭدىكى پەشلەر كۆپىنچە تىك يەنى «ʼ» شەكلىدە قويۇلغان، قارا رەڭدىكى پەشلەر ياتقۇزۇپ يەنى «،» شەكلىدە يېزىلغان. سۇكۇنلەرنىڭ شەكلىمۇ پەرقلىق. قارا سۇكۇنلەر كۆپىنچە «ْ» شەكلىدە يېزىلغان، بوز رەڭدىكى سۇكۇنلەر بولسا كۆپىنچە ئۈستى ئوچۇق دۈگىلەك «ں» شەكلىدە يېزىلغان.

㉓ مەسلەن: 15 : 11 ـ بەتتىكى ماۋزۇدا قىزىل سىيا بىلەن يېزىلغان «القاف‌الشلبته» دېگەن سۆزدىكى ئاخىرقى پەش قارا رەڭ بىلەن يېزىلغان، باشقا ھەرىكىلەر بولسا قىزىل رەڭلىك.

㉔ «دىۋان»دا بىرىنچى بوغۇمدىكى « I » نىڭ ئورنىغا مۇنداق مۇجمەل بىر «A» يازغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇ كۆچۈرگۈچىنىڭ (ياكى قەشقەرىنىڭ؟) بۇ سۆزنى «yi aq» ئوقۇماقچى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما بىز بۇ سۆزگە ئىزچىل رەۋىشتە «yiɣaq» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

㉕ ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، 9 ـ8 : 414ـ بەتتىكى گرامماتىكا قىسمىدا tutɣan ، sat an (تغان، شغان) دېگەن سۆزلەردىكى سۇكۇن كېيىنكى تۈزەتكۈچىنىڭ قەلەم ئىزى. يەنە 17 : 603 ـ بەتتىكى müŋüz ، سىكان süsgən دېگەن سۆزلەردىكى «زەۋەر» نى كېيىن تۈزەتكۈچى قوشقانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىش تەس، لېكىن بىز بۇنىمۇ شۇ ئادەم قوشقان دەپ پەرەز قىلىمىز.

㉖ ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشىسى «دىۋان» دىكى سىيا رەڭلىرى ھەققىدە خىمىيىلىك ۋە سپكتوگرافىيىلىك ئانالىز يۈرگۈزۈلگەن بولسا، بۇ ھەرىكىلەر ھەققىدە ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىش مۇمكىن‌بولغان بولاتتى.

㉗ شۇڭا بىز تايىمسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدۇق، 1 ـ توم 240 ـ بەتتە «قوزىلاش» مەنىسىدىكى təl سۆزى خاتا ئوقۇلۇشتىن كېلىپ چىققان.

㉘ قاراتاي كاتالوگىدا بۇنىڭ نومۇرى 5920 (ف. ئۇ، قاراتاي) توپقاپى ساراي موزېي كۇتۇپخانىسى، ئەرەبچە يازمىلار كاتالوگى 3 ـ توم، ئىستانبۇل، 1966 ـ يىلى (392 ـ بەت).

㉙ بۇ نۇقتىدا ر. دانكوفنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ئالېكساندىر ھەققىدىكى رىۋايەت دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ. Humanjora islamica I مەجمۇئەسىنىڭ (1973 ـ يىللىق) 236 ـ بەت 15 ـ قۇر.

㉚ «مەھمۇد قەشقەرىگە ئائىت نوتلار» ، ئاتسىز مەجمۇئەسى. 17 (1932) 135 ـ بەت.

㉛ بۇ يەردە بىرلا مۇستەسنالىق بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۇ كېيىنكى تۆت توملۇق قول يازما كۆچۈرمىسىگە 2912 ـ دېگەن نومۇرنى قويغان. (قاراتاي 5948 — 5945).

㉜ م. شاكىر ئۈلكۈ تاشىر، «كاشغەرلى مەھمۇد» (ئىستانبۇل 1946 ـ بەت.)

(پوچتا نومۇرى: 830011)
تەھرىرى: تۇرسۇن ھۇشۇر ئىدىقۇتى

# ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى توغرىسىدا

راززاق مەتنىياز*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن يېمەك - ئىچمەككە دائىر 300 گە يېقىن سۆزلەم ئاساس قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرى ۋە يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرى، يېمەك - ئىچمەك ھازىرلاش تېخنىكىسى، يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات شەكلى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文以《突厥语大词典》中所记载的近300个有关饮食的词条为据，说明中世纪维吾尔族饮食文化发展的水平，同时论述中世纪维吾尔族的饮食及其种类、烹调技术、饮食文化发展的形式等问题。

**Abstract**: This essay, on the base of nearly 300 entries about diet recorded in the "Dictionary of the Turkish Languages", shows the development of Uighur culture of diet in the Middle Ages and expounds Uighur's diet, its variety of food, culinary art and developing patterns of diet culture.

يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئىنسانلار ياشاش ئۈچۈن ئوزۇقلىنىشى كېرەك. ئىنسانلار ئوزۇقلىنىش شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبلىك باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش شەكلى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان تەبىئىي شارائىت بىلەن ئىجتىمائىي شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىنسانلار ياشاۋاتقان شارائىتنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش شەكلىمۇ ئوخشاشمايدۇ. نەتىجىدە ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىگە خاس يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى، ھەمدە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە شۇ مىللەت بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىمۇ تەرەققىي قىلىپ باردى. يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

* راززاق مەتنىياز: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

ئىنسانىيەت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئالدى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانىيەت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى خام ماتېرىيالنى «پىشۇرۇپ يېيىش» تىن ئىبارەت. ئىنسانىيەتنىڭ ئوزۇقلىنىش شەكلى مۇشۇ ئالاھىدىلىكى تۈپەيلى باشقا ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش شەكلىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىنسانىيەت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تېرىقچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تېرىقچىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىنىڭ شەكلى سۈپىتىدە ئىنسانىيەت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تېرىقچىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان ۋاقتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ يېمەك ئىچمەك مەدەنىيىتىمۇ كەسكىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا، شۇ مىللەت ياشىغان تارىخىي دەۋرنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ۋارىسچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە. يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ۋارىسچانلىق خاراكتېرى شۇ مىللەت ئەزالىرى ئىچىدە يېمەك ـ ئىچمەك تەييارلاش تېخنىكىسىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆگىنىش يولى بىلەن داۋاملىشىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرى ياراتقان يېمەك ـ ئىچمەكلەرگە ئۆز تىلىدا ئات قويىدۇ. بۇ ناملار شۇ مىللەتنىڭ تىلى بىلەن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ ھەم شۇ تىل بىلەن بىرگە ساقلىنىپ قالىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا XI ئەسىر ئۇيغۇر يېمەك ئىچمەك مەدەنىيىتىگە دائىر مول ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بىز «دىۋان» دا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەپ بېرەلەيمىز. چۈنكى، «دىۋان» نىڭ يېزىلغان دەۋرى گەرچە XI ئەسىر بولسىمۇ، ئەمما «دىۋان» دا خاتىرىلەنگەن بۇ يېمەك ـ ئىچمەك ناملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ XI ئەسىرنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى بىرنەچچە ئەسىرلىك يېمەك ـ ئىچمەك ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

بىز تۆۋەندە «دىۋان» غا كىرگۈزۈلگەن يېمەك ـ ئىچمەككە دائىر سۆزلەملەرنى تۈرگە بۆلۈپ تەھلىل يۈرگۈزىمىز. (مەتبەئە قىيىنچىلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، سۆزلەمنىڭ ئەرەبچە يېزىلىشى بېرىلمىدى، پەقەت لاتىنچە ترانسكرىپسىيىسى بېرىلدى. سۆزلەمنىڭ ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىدىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، دېگەن سانلار «دىۋان» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ توملىرىنى، ئۇنىڭ كەينىدىكى سانلار شۇ تومنىڭ بەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ).

## 1. سۈت يېمەك ـ ئىچمەكلىرى

① sūt سۈت. ( Ⅲ — 166 )

② ķanaķ قايماق ( I — 498 )

③ ayran ئايران، قېتىق. ( I — 163 )

④ uzitma ئۇيۇتما قېتىق. ( I — 195 )

⑤ sūzmə سۈزمە، قېتىق سۈزمىسى. ( I — 564 )

⑥ igdūk سۈت ۋە قېتىقتىن قىلىنغان سۈزمىگە ئوخشاش يېمەكلىك. ( I — 142 )

⑦ so ut قېتىق پىشلىقى، قارلۇقچە. ( I — 462 )

⑧ ķurut قۇرۇت، سۈتتىن ئىشلەنگەن قۇرۇت. ( I — 462 )

⑨ iprūk قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى. قۇرۇت ئېزىپ ئىچكەنلىكتىن ئىچى قېتىپ قالغان ئادەمگە

ئىچىنى سۇردۇرۇش ئۈچۈن ئىچكۈزۈلىدۇ. ( I — 137 )

⑩ katik تۇتماچ (چۆپ) قا قېتىلىدىغان قېتىق، سىركە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر. ( I — 496 )

⑪ kor كۈنەلگە. بۇ قاچىنىڭ تېگىدە قالغان ئازراق قېتىق ياكى قىمىز كۈنەلگۈسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈت قويۇپ قېتىق ئۇيۇتۇلىدۇ ياكى قىمىز ئېچىتىلىدۇ. ( Ⅲ — 168 )

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە سۈت ۋە سۈتتىن قىلىنغان سۇيۇق ھالەتتىكى ئىچىملىك، قاتتىق ھالەتتىكى يېمەكلىكلەر تونۇشتۇرۇلغان. سۈت ئاسان ئېچىپ قالىدۇ، ساقلاش قىيىن بولغاچقا، ساقلاشقا بولىدىغان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭدەك سۈت يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ھازىرلاشتا، ئېچىتىش، ئۇيۇتۇش تېخنىكىسى قوللىنىلغانلىقى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ خىل يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان جەمئىيەت شارائىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ.

## 2. گۆش يېمەكلىكلىرى

① ət ئەت، گۆش، ( I — 48 )

② kakət قاق گۆش، قاق قىلىنغان گۆش. ( I — 411 )

③ yazukət كۈزدە ھەر خىل دورا - دەرمەكلەر بىلەن قورۇتۇلۇپ، ئەتىيازدا يېيىلىدىغان قاق گۆش. بۇ «yazokyə ئەتىيازدىلا يە» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. چۈنكى ئەتىيازدا ماللار ئورۇقلايدۇ. مۇشۇنداق گۆشى بار كىشى ئەتىيازدىمۇ سېمىز گۆش يېيەلەيدۇ. ( Ⅲ — 19 )

④ ūzlūgmun ياغلىق شورپا. ( I — 50 )

⑤ kazi قېزا، ئادەمنىڭ قېزىلىقى، ئاتنىڭ قېزىلىقى، «yund kazisi ya » يىلقىنىڭ قارىسى ياغدۇر. تۈركلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ياغ مۇشۇ. ( Ⅲ — 309 )

⑥ sθglūnqū كاۋاب. ( Ⅲ — 333 )

⑦ yθrgəməq قېرىن ۋە ئۈچەينى ئىنچىكە ئۈچەيگە تىقىپ كاۋاب قىلىپ ياكى پىشۇرۇپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك، ھېسىپ ( Ⅲ — 74 )

⑧ soqut ھېسىپ، ئۈچەي ئىچىگ گۆرۈچ، گۆش ۋە دورا - دەرمەك سېلىپ قىلىنىدىغان يېمەكلىك. ( I — 462 )

⑨ soktu ھېسىپنىڭ بىر خىلى. جىگەر بىلەن گۆش، دورا - دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۈچەيگە تىقىلىدۇ، ئاندىن پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ. ( I — 543 )

⑩ to ril قېزا، ئىچىگە دورا - دەرمەكلىك گۆش تىقىلغان ئۈچەي. ( I — 629 )

⑪ sim simrak بىر خىل تاماق. باش پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇششاق توغرىلىپ، دورا - دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ، بىر قاچىغا سېلىنىدۇ ۋە ئۈستىگە ئاچچىق قېتىق قۇيۇلۇپ سىڭىشكەندىن كېيىن يېيىلىدۇ. ( Ⅲ — 187 )

⑫ yakari ئىچ ماي. شېئىردا مۇنداق كەلگەن : «ئىچ ماي، قايماقلار ئېرىتىلىدۇ، قاچا - ئاياقلار توشقۇزۇلىدۇ.» ( Ⅲ — 40 )

⑬ yamata قۇيماق خېمىرىغا ئوخشاش سۇيۇق قىلىپ چېلىنىدىغان بىر خىل خېمىر. سېمىز توخۇنى ياكى سېمىز گۆشنى قورۇغاندا ياكى كاۋاب قىلغاندا، يېغى ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا شۇ خېمىر سۈرتىلىدۇ. ( I — 580 )

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە ئات گۆشى، قوي گۆشى، توخۇ گۆشى قاتارلىق گۆش تۈرلىرى ۋە گۆشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇدا پىشۇرۇپ يېيىش، قىزا قىلىپ يېيىش، قاق قىلىپ يېيىش، كاۋاپ قىلىپ يېيىش، قورۇپ يېيىش شەكىللىرى كۆرسىتىلگەن. شۇنداقلا قوينىڭ ئىچكى ئەزالىرىدىن ھېسىپ قىلىپ يېيىش كۆرسىتىلگەن ھەممە بۇ خىل يېمەكلىكلەردە قاقلاش تېخنىكىسى، قاينىتىش تېخنىكىسى، قورۇش تېخنىكىسى ۋە تەم تەڭشەش تېخنىكىسى قوللىنىلغانلىقى بايان قىلىنغان. تەم تەڭشەش تېخنىكىسى يېمەك - ئىچمەك ھازىرلاشتا دورا - دەرمەكتىن پايدىلىنىش تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ. دورا - دەرمەك يېمەك - ئىچمەكنىڭ تەمىنى تەڭشەش رولىنى ئويناپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئادەمنىڭ مىجەزىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ دەۋردە يېمەكلىك تىبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن.

## 3 . ئاشلىق يېمەكلىكلىرى

ئاشلىق — تېرىقچىلىقنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانىيەت كۆچمەن ھالەتتىن ئولتۇراق ھالەتكە، مال بېقىشتىن تېرىقچىلىق قىلىش ھالىتىگە ئۆتكەندە، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا يەنە بىر مۇنچە مۆجىزىلەر بارلىققا كەلگەن. تېرىقچىلىق تېخنىكىسى بىلەن ئاشلىق قاتارلىقلار ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن مۆجىزىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تېرىقچىلىقنىڭ ئاساسىي نىشانى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزۈقلىنىشتىن ئىبارەت مەنئۇى ئېھتىياجىنىڭ يېڭى بىر دەۋردىكى مەھسۇلى. ئاشلىق يېمەك - ئىچمەكنىڭ مەنبەسى، شۇڭا، ئاشلىق يېمەك - ئىچمەكلىرى بىلەن تونۇشۇشتىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

### زىرائەت ۋە ئاشلىق تۈرلىرى

① tuturķan گۈرۈچ. ( I — 675)
② ķonaķ چۈژگۈن قوناق. ( I — 499)
③ ügūr تېرىق. ( I — 75)
④ arpa ئارپا. ( I — 167)
⑤ kūq گۈنجۈت. ( Ⅲ — 167)
⑥ tariğ بۇغداي. ( I — 483)

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە مايلىق زىرائەت ۋە دانلىق زىرائەتلەر ھەممە ئاشلىق تۈرلىرى كۆرسىتىلگەن. دېمەك، ئاشلىق تۈرى خېلى تولۇق يېتىلگەن. تېرىقچىلىقتا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي نىشان قىلىنغاندىن باشقا، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشمۇ مۇھىم نىشان قىلىنىدۇ.

### كۆكتات تۈرلىرى

① yax ئوتياش، كۆكتات ( Ⅲ — 2)
② sarmusaķ سامساق ( I — 683)
③ ķaqğundi پىياز، چېكىلچە. ( I — 641)
④ pūstüli لويلا، يېگىلى بولىدىغان بىر خىل كۆكتات. ( I — 641)
⑤ basar تاغ سامسىقى ( I — 467)
⑥ ķapaķ قاتمىغان ۋاقتىدا يېيىلىدىغان ھۆل قاپاق. ( I — 496)
⑦ sipūt سوۋۇت. يۇمغاقسۇت. قەشقەرچە. ( I — 462)
⑧ oğli قەشقەردە تېرىلىدىغان تاتلىق ئاق سەۋزە. ( I — 175)
⑨ qamğur چامغۇر. ( I — 597)

⑩ soƣun پىياز. (I — 532)

⑪ turma تۇرما، تۇرۇپ. (I — 562)

⑫ sariƣturma سەۋزە. (I — 562)

⑬ bətūgə پىدىگەن، پەتىنگان. (I — 583)

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە كۆكتات تۇرلىرى كۆرسىتىلگەن. كۆكتات يېمەك - ئىچمەكنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان خىرىتى. ئۇ يېمەك - ئىچمەكنىڭ تەمىنى، رەڭگىنى تەڭشەش رولىنى ئويناپلا قالماي، مۇھىمى ئادەم بەدىنىنى كېرەكلىك بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تەمىنلەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، ئۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار كۆكتات يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن.

تېرىقچىلىق قىلىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلغاندىن كېيىن، داننى پىششىقلاش مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. داننى پىششىقلاشنى بىلگۈچە داننى دان پېتى پىشۇرۇپ يېيىش ئاشلىق يېمەكلىكلىرىنىڭ باشلانغۇچ شەكلى بولۇشى مۇمكىن. داننى پىششىقلاشنى بىلىش جەريانى ئېھتىمال داننى يانچىش يەنى يارما قىلىش، يۇمشاق يانچىش يەنى ئۇن تارتىش جەريانلىرىنى باشتىن كۆچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. داندىن يېمەكلىك ھازىرلاش تېخنىكىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن، ئاشلىق يېمەكلىكلىرىنى دان يېمەكلىكلىرى، يارما يېمەكلىكلىرى ۋە ئۇن يېمەكلىكلىرى دەپ پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ.

## دان يېمەكلىكلىرى

① bohsi بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى، بۇ يېمەكلىك مۇنداق تەييارلىنىدۇ: قاينىتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بولماقنى قويۇپ، شۇ پېتى ئېچىتىلىدۇ. تەييار بولغاندا، بۇغدىيى يېيىلىدۇ، سۈيى ئىچىلىدۇ. (I — 551)

② kaƣurmaq قوماچ، قورۇلغان بۇغداي. (I — 642)

③ top بىر خىل يېمەكلىك. بۇغداي سۇدا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ئارپا خېمىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، قاچىغا سېلىنىپ، ئىسسىق يەردە بولدۇرۇلىدۇ. بولغاندىن كېيىن ئېلىپ يېيىلىدۇ. (I — 417)

④ sūrūx چۈرۈش، بۇغداي باشقىنى دېنى قېتىشتىن ئىلگىرى ئۈزۈۋېلىپ، ئوتتا پۇچىلاپ يانچىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك. (I — 477)

⑤ uva بىر خىل غىزانىڭ ئېتى. گۈرۈچ قاينىتىلىپ، سوغۇق سۇغا سېلىنىدۇ، كېيىن سۈزۈۋېلىنىپ، شېكەر ۋە مۇز سېلىنىدۇ. بۇ سوغاقلىق ئۈچۈن يېيىلىدۇ. (I — 121)

⑥ kūrxək سۆكنى سۇ ياكى سۈتتە قاينىتىپ، ئۈستىگە ياغ قويۇپ يېيىلىدىغان بىر خىل تاماق. (I — 625)

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە داندىن پىشۇرۇلىدىغان تاماق تۈرلىرى كۆرسىتىلگەن ھەمدە بۇ يېمەكلىكلەردە ئېچىتىش تېخنىكىسى، قورۇش تېخنىكىسى، قاينىتىش تېخنىكىسى، بولدۇرۇش تېخنىكىسى، پۇچىلاش تېخنىكىسى قوللىنىلغانلىقى بايان قىلىنغان. دان يېمەكلىكلىرىنىڭ قۇرۇق يېمەكلىك شەكلى، سۇيۇق يېمەكلىك شەكلى تونۇشتۇرۇلغان.

## ئۇن يېمەكلىكلىرى

ئۇن — داننى يانچىش تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. ئۇندىن ياكى ئۇن پېتى يېمەكلىك ھازىرلىنىدۇ ياكى ئۇندىن خېمىر يۇغۇرۇلۇپ يېمەكلىك تەييارلىنىدۇ. ئۇندىن خېمىر يۇغۇرۇلۇپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكلەر ئۇن يېمەكلىكلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

## ئۇن پېتى تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكلەر

① bulƣama ياغسىز ۋە تەمسىز بۇلماق. (I — 640)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

② to بۇلماقتا ئوخشاش پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل ئۇن تاماق، ئۇ بىر قاچىغا سېلىنىپ ئېچىتىلغاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ. (Ⅲ — 287)

③ talⱪan تالقان، (Ⅰ — 573)

④ ⱪuwut «قاغۇت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇغۇتتا خۇنىسىرىغان خوتۇنلارغا بېرىلىدىغان تاماق. قورۇلغان تېرىق ئۇنى ياغ بىلەن شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇپ يېيىلىدۇ. (Ⅱ — 223)

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە ئۇن پېتى تەييارلانغان يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرلىرى كۆرسىتىلگەن. بۇ يېمەكلىكلەردە قاينىتىش، ئېچىتىش، قورۇش تېخنىكىسى قوللىنىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ھەمدە بۇ خىل تاماقلارنىڭ تەمى، رولى تونۇشتۇرۇلغان. قورۇق ۋە سۇيۇق ھالەتتە بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

ئۇنىنى خېمىر قىلىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكلەر ئەتمەك (نان)، ئاش، ياغلىق ئەتمەك (قاتلىما) قاتارلىق تۈرلەرنى شەكىللەندۇرگەن.

## نان تۈرلىرى:

① ətmək نان. (Ⅰ — 138)

② əpmək نان. ياغما، توخسىلارنىڭ ۋە بەزى ئوغۇز، قىپچاقلارنىڭ سۆزى. (Ⅰ — 137)

③ əpək بالىلار تىلىدا «نان» دېمەكتۇر. (Ⅰ — 92)

④ kθməq كۆمەچ. كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلغان نان. (Ⅰ — 467)

⑤ kəvxək ətmək بولدۇرغان نان. (Ⅰ — 626)

⑥ toⱪuq توقاچ. بۇ سۆز «toⱪər توق ئەر» دېگەن ئىبارىدىكى «toⱪ توق» سۆزىدىن ياسالغان. چۈنكى، توقاچ ئادەمنى تويدۇرىدۇ. (Ⅰ — 464)

⑦ ⱪara ətmək ناننىڭ بىر خىلى، بۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: گۆش ئېزىلگۈچە پىشۇرۇلىدۇ، كېيىن ئۇستىگە سېرىق ياغ، شېكەر قويۇپ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلغىچە قاينىتىلىدۇ، ئاندىن يېيىلىدۇ. (Ⅲ — 307)

⑧ püskəq كاكچا. (Ⅰ — 590)

⑨ sinqū گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدا بولغان بىر خىل نان، خۇيلىما. (Ⅰ — 544)

⑩ ⱪoxƣun رەۋەن، بۇ سۆز «uxƣun» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (Ⅰ — 573)

⑪ kθzmən كۆمەچ. (Ⅰ — 579)

⑫ ūspθri قوقاستا پىشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، توغراپ ياغقا سېلىنىپ، ئۇستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك. (Ⅰ — 192)

⑬ avzuri بۇغداي ۋە ئارپا ئۇنى قاتارلىق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان تاماق، (قوشۇقلۇق نان.) (Ⅰ — 197)

⑭ yulaqi ya[illegible] قاتلىما ناننىڭ بىر خىلى. بۇ ناننىڭ نېپىزلىكىدىن قول تېگەر ـ تەگمەيلا ئۇشتۇلۇپ، ئۇۋۇلۇپ كېتىشىگە قاراپ ئېيتىلغان. شۇڭا، ناۋاي كىشىلەرنى بۇنى سەن سۇندۇردۇڭ دەپ ئەيىبلەيدۇ. (Ⅲ — 31)

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە ناننىڭ تۈرلىرى كۆرسىتىلگەن. نان پىشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بويىچە كۆمەچ تېپىدىكى نان (يەنى قوقاستا پىشۇرۇلىدىغان نان) ۋە يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان نان دەپ ئايرىلىدىغانلىقى؛ خېمىرنىڭ بولدۇرۇلغان ياكى بولدۇرۇلمىغانلىقىغا ئاساسەن، بولدۇرۇلغان نان ۋە بولدۇرۇلمىغان نان دەپ ئايرىلىدىغانلىقى؛ ئۇن تەركىبىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن قوشقۇن نان ۋە ئەتمەك دەپ ئايرىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. نان تۈرى ئىچىدە تاتلىق يېمەكلىك ئورنىدا شېكەر سېپىپ يېيىلىدىغان ناننىڭ بارلىقى بايان قىلىنغان. نان تەييارلاش جەريانىدا يۇغۇرۇش، بولدۇرۇش، تاۋلاش

تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىلغانلىقى بايان قىلىنغان. نان قاتتىق ھالەتتىكى يېمەكلىك بولۇپ، ساقلاش ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق.

## ئاش تۈرلىرى

① yəm يېمەك، تاماق. ( Ⅲ — 197 )

② ax ئاش، غىزا. ( I — 110 )

③ yavꞡan ax گۆشسىز ئاش. ( Ⅲ — 48 )

④ qivginax قورساقنى توق تۇتىدىغان قۇۋۋەتلىك ئاش. ( I — 577 )

⑤ kəvgin ax قورساقتا تۇرمايدىغان قۇۋۋەتسىز ئاش ( I —577 )

⑥ qθp بىر تال چۆپ. ئۈگرىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ( I — 418 )

⑦ ūgrə سويقاشنىڭ بىر تۈرى، ئۇ چۆپتىن سۇلۇق، لەززەتلىكرەك بولىدۇ. ( I — 171 )

⑧ ķiyma ūgrə قىيما ئۈگرە. سۇيقاشنىڭ بىر خىلى. خېمىرى قوچقاچ تىلى قىلىپ كېسىلىدۇ. ( Ⅲ — 239 )

⑨ sarmaquķ قوشقاچ تىلى ئاش. سۇيقاشنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭ خېمىرى نوقوت چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ. بۇ ئاش كېسەل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. ( I —683 )

⑩ tutmaq چۆپ. تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى. بۇ تاماق زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پەيدا بولغانىكەن. ئۇنىڭ جەرياني مۇندىق: زۇلقەرنەيىن قاراڭغۇلۇقتىن چىققاندا، ئەسكەرلىرىنىڭ ئوزۇقلۇقى تۈگەي دەپ قالغان. ئۇلار ئاچلىقتىن زۇلقەرنەيىنگە زارلىنىپ «بىزنى ئاچ قويما» دېگەن مەنىدە «بىزنى تۇتما ئاچ» دەپ خىتاپ قىلغان. زۇلقەرنەيىن دانىشمەنلەر بىلەن كېڭىشىپ ئاخىرى مۇشۇ تاماقنى تاپقان. بۇ تاماق بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قورساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. تۈركلەر بۇ تاماقنى كۆرۈپ، ئۇنى «tutmaq» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «tutma aq» بولۇپ، ئىككى «ا ئېلىف» (a) بىر قىلىپ ئوقۇلۇشى نەتىجىسىدە «tutmaq» بولۇپ قالغان. بۇنىڭ مەنىسى «ئۆزەڭنى تۇتما ئاچ، مۇشۇ تاماقنى قىلىپ يە» دېگەنلىك بولىدۇ. ( I — 590 )

⑪ lətü بىر خىل سۇيۇق تاماق. بۇ تاماق سۇ، قار، مۇزغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن سوۋۇتۇلىدۇ، ئىچىگە دورا ـ دەرمەك سېلىنىپ، سوغۇقلۇق ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ( Ⅲ — 326 )

⑫ bulduni ئىچىگە قورۇق ياكى ھۆل ئۆزۈم سېلىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك. ( I — 640 )

⑬ tutꞡuq رەسمىي تاماق ئالدىدا يېيىلىدىغان ئىشتەي غىزاسى. ( I —591 )

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە ئاش تۈرلىرى كۆرسىتىلگەن. ئاش گۆشلۈك ئاش ۋە گۆشسىز ئاش، قۇۋۋەتلىك ئاش، سۇيۇق ئاش ۋە قويۇق ئاش، سوغۇق ئاش ۋە ئىسسىق ئاش دەپ ئايرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكتىكى قىممەت قارىشى «قۇۋۋەتلىك بولۇش» ھەمدە «قورساقتا تۇرىدىغان بولۇش» ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئۇلار تاماققا دورا ـ دەرمەك سېلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. دورا ـ دەرمەكنى «ot yəm ئوت يەم» دەپ ئاتىغان. ئوت يەمدىن (دورا ـ دەرمەك «muq -ـ مۇچ، قارامۇچ» ، «bibli پىلپىل» قاتارلىق تۈرلەر كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا تاماقنىڭ تەمىنى تەڭشەش، رەڭگىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆكتۆل بولگەن.

① sirkə سىركە، ئۈزۈم سىركىسى. ( I —560 )

② mandu بىر خىل تۈرك سىركىسىنىڭ ئېتى. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئۈزۈم شىرنىسىنى كۆپتە ئېچىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپ ھاراق قۇيۇپ، بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن، سىركە بولۇپ چىقىدۇ. بۇ سىركىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ( I —544 )

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

③ bal بال. ھەسەل. سوۋار، قىپچاق ۋە ئوغۇز تىللىرىدا. تۈركلەر بۇنى «ariya ɣi ھەرە يېغى» دەيدۇ. (Ⅲ —213)

④ taɣna yava كاسىن دەرىخىنىڭ پوستى، بەزى كېسەللەرگە داۋا بولىدۇ. قېتىقتا ئارىلاشتۇرۇپ، سۈيقاشقا سالسا، ئاشنىڭ رەڭگى تۇزۇلىدۇ. (I —565)

⑤ yava ئاق تىكەن. بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۈيىنى تۇتماچقا سالسا، تۇتماچقا رەڭ بېرىدۇ. (Ⅲ —33)

⑥ avilku قىزىل مېۋە بېرىدىغان بىر خىل دەرەخ. مېۋىسىنىڭ سۈيى ئاشقا قويۇلىدۇ. (I — 637)

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە ئاشنىڭ تەمىنى ۋە رەڭگىنى تۈزەيدىغان ماتېرىيال ناملىرى كۆرسىتىلگەن. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك قىممەت قارىشى ۋە ئىستېتىك قارىشى شەكىللىنىپ بولغان. ئاشنىڭ رەڭگى كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنسە، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، تاماق يېگۈسى كەلمىگەن ئادەمنىڭمۇ يېگۈسى كېلىدۇ. تاماقنىڭ رەڭگى چىرايلىق، تەمى تېتىشلىق بولغاندا، تاماق يېگۈچىنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، ئاشنى جىق يەيدۇ. ئادەم توق تۇرىدۇ، قۇۋۋەت ئالىدۇ، ساغلام بولىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئاش تۈرلىرى سۇدا پىشۇرۇلىدىغان ئاشلار بولۇپ، بۇ ئاشلار ئۇننى ئاساس، ماي، گۆش ۋە كۆكتات، دورا - دەرمەكنى قوشۇمچە خىرىت قىلىغان يېمەكلىكلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مايدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىكلەرمۇ ئاز ئەمەس.

**مايلىق يېمەكلىكلەر**

① kuyma قۇيماق. خېمىر سۇيۇق يۇغۇرۇلۇپ، قازاندىكى ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدۇ. (Ⅲ —239)

② yuɣa قاتلىمانان. (Ⅲ —34)

③ pθxkəl پۆشكەل. بىر خىل يۆپقا نان. (I —628)

④ katma yuɣa قاتلىما. ياغدا پىشۇرۇلىدىغان نېپىز نان. (I —564)

⑤ yarma yuɣa بىر خىل قاتلىما نان. (Ⅲ —44)

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە مايدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرلىرى كۆرسىتىلگەن. بۇ يېمەكلىكلەردە ئۇن بىلەن ياغ ئاساسى خىرىت قىلىنغان. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار «ئۈز -ūz» (گۆشنى پىشۇرغاندا شورپىنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىققان ماي)، «ياغ qir»، «yaɣ ياغ سۇيىغى»، «sariɣ ya سېرىقياغ»، «kūqyaɣi گۇنجۇت يېغى» قاتارلىق ياغلارنى ئىشلەتكەن. بۇ خىل يېمەكلىكلەردە ياغنى قىزدۇرۇش تېخنىكىسى قوللىنىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە هوردا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىكلەرمۇ بارلىققا كەلگەن.

① türmək تۈرمەل. (I —622)

② qukmin هورنانىنىڭ بىر خىلى. نېپىز ۋە سېڭگىشلىق بولىدۇ. (I —578)

روشەنكى، هوردىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەن. هوردىن پايدىلىنىپ يېمەكلىك هازىرلاشنى خېلى يۇقىرى تېخنىكا دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرى ئۇن يېمەكلىكلىرى هازىرلاشتا، ئوتنىڭ تاۋىدىن پايدىلىنىپ ئەتمەك (نان) ئېتىش، سۇغا سېلىپ قاينىتىپ پىشۇرۇش، مايغا سېلىپ پىشۇرۇش، هوردا پىشۇرۇش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلانغان.

## 4. يېمەك - ئىچمەككە ئائىت ئۆرپ - ئادەتلەر

يېمەك - ئىچمەكنىڭ ئۆزى مىللىي مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئۆزگىچە خاس ئومۇمىي ئادەت شەكلىنى

شەكىللەندۈرگەندىن باشقا، يېمەك - ئىچمەككە دائىر ئۆرپ - ئادەتنىمۇ شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل ئادەت جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلىنىش شەكلى، ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن ۋە خولۇم - قوشنىلار بىلەن مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئەكس ئېتىدۇ.

① tәvsi داستىخان، شىرە ( I —551 )

② tәrgi داستىخان. ( I —558 )

③ ixkūm خانتاختا. تاماق ۋاقتىدا خانىنىڭ ئالدىغا شىرە ئورنىدا قويۇلىدىغان چوڭ ياغاچ ئاياق. ( I —145 )

④ tartin سۇنۇلغان ئاش، باشقا ئۆيدىن كىرگەن تاماق، بىرەر سەۋەب بىلەن كىرگەن تاماق ( I —567 )

⑤ tuzγu يولغا چىققان تۇغقان ياكى تونۇشلارغا يوللۇق ئۈچۈن بېرىلىدىغان يېمەكلىك ( I —553 )

⑥ basan ئارقا ئاش، ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن بېرىلىدىغان ئاش، شۇنىڭدىن ئېلىنىپ نەزىر ئېشى «yuγbasan» دېيىلىدۇ. ( I —518 )

⑦ yuŋ ئۆپكىگە چاپلاشقان گۆش. بۇنى ئاياللار يەيدۇ، ئەرلەر يېمەيدۇ. ( I —494 )

⑧ yoγ نەزىر. ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە ياكى يەتتە كۈنگىچە بېرىلىدىغان ئاش. ( III —195 )

⑨ kәstәm كېچىسى ئۆزى كېلىپ قالغان مېھمانلارغا بېرىلىدىغان زىياپەت. ( I —632 )

⑩ tamγalik بىر كىشىلىك داستىخان. ئادەتتە پادىشاھلار ئۆزىگە خاس داستىخان ۋە ئورۇقنى باشقىلار ئىشلەتمىسۇن دەپ ئۈستىگە تامغا بېسىپ قويىدۇ. بۇلاردا بىر كىشىلىك شاراپ ۋە تاماق بولىدۇ. كېيىن ھەرقانداق كىچىك ئورۇق ۋە داستىخان «tamγalik تامغالىق» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ كەتكەن. بۇ «پادىشاھتىن باشقا كىشى بۇنىڭ ئۈستىدىكى تاماقنى يېمەسلىكى ئۈچۈن تامغا بېسىپ قويۇشقا تەييارلانغان داستىخان» دېگەنلىك بولىدۇ.

⑪ miŋilədi مىڭە يېدى... بۇنىڭ تېگى مۇنداق: مىڭە ئۈچۈنلا قوي سويۇش، مىڭىنىڭ قوينىڭ ئەڭ قەدىرلىك يېرى بولغانلىقىدىندۇر. بىر كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە قوي سويۇپ، مىڭىسىنى تەقدىم قىلىش ئەڭ چوڭ ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ. كېيىن بۇ سۆز ياخشى غىزا - تاماقلارغا ئېرىشكەن ئادەملەرگىمۇ قوللىنىلىدىغان ئىسىم بولۇپ قالدى. ( III — 553 )

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە يېمەك - ئىچمەككە دائىر ئۆرپ - ئادەتلەر كۆرسىتىلگەن.

(1) ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرى تاماق تەييار بولغاندا شىرە ھازىرلايدۇ ياكى داستىخان ھازىرلايدۇ. تەييار بولغان تاماق داستىخانغا قويۇلىدۇ، ئاندىن ئائىلىدىكىلەر داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىدۇ. (2) پادىشاھنىڭ تاماق يېيىشى پۇقرالارنىڭ تاماق يېيىش شەكلىگە ئوخشىمايدۇ، پادىشاھ ئۆزى يالغۇز يەيدۇ. (3) مەرھۇم ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچ نەزىر ياكى يەتتە نەزىر بېرىلىدۇ، بۇ نەزىرگە قويۇلىدىغان تاماق ئادەتتىكى تاماقلارغا ئوخشىمايدۇ. (4) ئۇيغۇرلار ئۆيگە كەلگەن مېھماننى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئاتاپ قوي سويىدۇ ۋە قوينىڭ بېشىنى كەلتۈرىدۇ. (5) ئۇيغۇرلار خولۇم - قوشنىلىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا تاۋاق سۇنۇشىدۇ. (6) ئۆيگە كەلگەن مېھمان كېچىسى كەلسىمۇ قەدىرلىنىدۇ. ئۇ كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا ئاتاپ زىياپەت بېرىلىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان ياكى تونۇش بىلىشلەر سەپەرگە چىققاندا، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ھەدىيە قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## 5. ئىچىملىك تۈرلىرى

ئىچىملىك — يېمەك - ئىچمەك تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش

www.uyghurkitap.com

جەريانىدا شەكىللەنگەن ئوزۇقلىنىش مەنۋى ئېھتىياجىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى. ئىنسان ئورۇقلىنىشتىن تويۇنۇش ھېس قىلغاندا، لەززەتلىنىش پىسخىك ھالىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھازىرلانغان شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

① uhaķ ئۆرۈك قېقىنىڭ شىرنىسى، بۇ ئىچىلىدۇ. (I —165)

② iqkü ئىچكۈلۈك. ئىچىلىدىغان نەرسە. (I —174)

③ qa ir شىرنە، ھاراق، شاراپ، بۇ سۆز بىر - بىرىگە قارشى ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدۇ. (I —470)

④ qifxəŋ qaɕir ئاچچىق شىرنە. (Ⅲ —526)

⑤ buhsum بوزا - تېرىقتىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك. (I —631)

⑥ siqük ھاراق. مەي. (I —531)

⑦ bor شاراپ. (Ⅲ —167)

⑧ bəg بوزا. بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىق نەرسىلەردىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك. (Ⅲ —81)

⑨ bəgni بۇغداي، بېرىق ۋە ئارپىغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان ئىچىملىك (I — 565)

⑩ ķumlaķ قولماق، قىپچاق يۇرتلىرىدا ئۆسىدىغان ھەشقىپىچەككە ئوخشايدىغان بىر ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ شاراپ ياسىلىدۇ. (I —620)

⑫ uɕut بۇغداي شارابى تەييارلاشقا ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئېچىتقۇ، بۇ ئېچىتقۇ بىر مۇنچە دورا - دەرمەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دورىلار ئارپا ئۇندۇرمىسىنىڭ ئۇنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ خېمىر قىلىنىدۇ. بۇ خېمىر كېسىپ كۇمۇلاچ قىلىنىدۇ ۋە قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇغداي بىلەن ئارپا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ھېلىقى قۇرۇتۇلغان كۇمۇلاچتىن بىر دانىسى ئوبدان يانچىلىپ قاينىتىلغان بۇغدايغا تەكشى سېپىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ بۇغداي پاكىزە بىر نەرسىگە ئورۇلۇپ، ئۈچ كۈنگىچە دۇملەپ قويۇلىدۇ. ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن تېخمۇ ئوبدان دۇملىنىپ يېتىلىشى ئۈچۈن كۆپكە سېلىنىپ، ئۈستىگە سۇ قويۇلىدۇ. تىرىپى سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن قالغان سۇيۇقلۇق «بۇغداي شارابى» بولىدۇ. (I —70)

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە ئىچىملىك (iqkü) نىڭ سۈچۈك (ھاراق)، بوز (شاراب)، بەگ (بوزا)، چاغىر (شىرنا) دېگەن تۈرلەرگە ئايرىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ خىل ئىچىملىكلەرنى ياساشتا ئېچىتىش، دۇملەش تېخنىكىسى قوللىنىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بايانىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بۇ خىل ئىچىملىكلەر ئىنساننىڭ ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجى تۈپەيلى ئەمەس، بەلكى لەززەتلىنىش ئېھتىياجى تۈپەيلى كېلىپ چىققان. بۇ خىل ئىچىملىكلەر يېمەك - ئىچمەك دائىرىسىگە تەۋە بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئوزۇقلىنىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

## 6. يەل - يېمىش تۈرلىرى

يەل - يېمىش مېۋە - چېۋىنى كۆرسىتىدۇ. مېۋە ئالاھىدە بىر خىل يېمەكلىك بولۇپ، ئۇ ئىنسان ساغلاملىقىنى كەم بولسا بولمايدىغان ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈت، گۆش، ئۇن تائاملىرىدىن ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئوزۇقلۇق ماددا ۋە تەم - لەززەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈت، گۆش، ئۇن تائاملىرىدىن ئالغان لەززەت - تەم بىلەن قوشۇلۇپ، ئادەمنىڭ مىجەزىنى تەڭشەپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مېۋە ئۆستۈرۈش تېرىقچىلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تىرىكلىكنىڭ، بوستانلىقنىڭ مۇھىم سىمۋولى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا،

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىلا باغ ۋە باغۋەنچىلىك كەسپى مەيدانغا كەلگەن.

① baɣ باغ. (Ⅲ — 208)

② burduz باغ، باغچە، بوستان. بۇ سۆز ئەسلى تۈركچە ئەمەس. (I — 597)

③ yiɣaq ياغاچ، دەرەخ «üzüm yiɣaqi ئۈزۈم ياغىچى»، «yaɣaķ yiɣaqi ياڭاق دەرىخى». (Ⅲ — 9)

④ yəmix يېمىش، مېۋە، بۇ ئورتاق ئىسىم بولۇپ، ئومۇمەن دەرەختىكى مېۋىگە يەنى ھۆل مېۋىگە ئېيتىلىدۇ. (Ⅲ — 13)

⑤ üzüm ئۈزۈم. (I — 103)

⑥ məxiq üzüm قارا ئۈزۈم. (I — 467)

⑦ xoɣlu ئىت ئۈزۈم. (I — 561)

⑧ ərük شاپتۇل، ئۆرۈك ۋە قارا ئۆرۈككە ئوخشاش مېۋىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ مېۋىلەر بىرەر سۈپەت بىلەن ئايرىپ ئېيتىلىدۇ. «tülüg ərük شاپتۇل، sari ərük ئۆرۈك، ķara ərük قارا ئۆرۈك» دېگەنگە ئوخشاش. (I — 94)

⑨ yaɣaķ ياڭاق. (Ⅲ — 36)

⑩ yigdə جىگدە. (Ⅲ — 39)

⑪ baryigdə نان جىگدە (Ⅲ — 202)

⑫ qipiķan چىلان. (I — 585)

⑬ üʐmə ئۈژمە. (I — 175)

⑭ alma ئالما. (I — 176)

⑮ aluq ئالۇچا، (I — 164)

⑯ amxuy ئالگىرات. (I — 155)

⑰ qənix türük جىنەستە. بۇنىڭ چوڭلۇقى فىندىقتەك بولۇپ، باش يازدا پىشىدۇ، مېۋىسى ئاق ياكى قىزىل بولىدۇ، يېيىلىدۇ. (I — 686)

⑱ ķaɣun قوغۇن. (I — 533)

⑲ bükən ھىند قوغۇنى. (I — 519)

⑳ hθqünən خوچۇنەك. قوغۇننىڭ بىر خىلى. خۇشپۇراق، چىپار قوغۇن. (I — 635)

㉑ kizizgəkķaɣun سۈيى قىچىپ كەتكەن قوغۇن (I — 423)

㉒ kθrpə yəmix ئىككىنچى پىشىقتىكى يېمىش. (I — 542)

㉓ mayilyəmix پىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن يېمىش، شاپتۇل، قوغۇن قاتارلىق تەرسىلەر پىشىپ ئۆتۈپ كەتسە، شۇنداق دېيىلىدۇ. (Ⅲ — 231)

㉔ ķaķ قاق، شاپتۇل قېقى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. (Ⅲ — 212)

㉕ ərükķaķi ئۆرۈك قېقى. (I — 411)

㉖ ķaķķuķ قاق، يېرىپ قۇرۇتۇلغان قاق. بۇ سۆز جۈپ سۆز بويىچە قوللىنىلىدۇ. (Ⅲ — 179)

㉗ küli گۈلى - گۈلە، ئاجراتماي ئۆچكىسى بىلەن قۇرۇتۇلغان ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىقلار. (Ⅲ — 322)

㉘ üskiq قۇرۇق ئۈزۈم (I — 216)

㉙ qahxaķ ئۆرۈك قېقى ۋە ئۈزۈم ۋاسالغۇسى. قارلۇقچە. (I — 613)

㉚ aķi ئاقلانغان. aķiyaɣaķ ماك بولغان، پوستى ئاجرالغان ياڭاق. (I — 121)

يۇقىرىدىكى سۆزلەملەردە يەل - يېمىش تۈرلىرى كۆرسىتىلگەن. يەل - يېمىش ھۆل يەل - يېمىش ۋە قۇرۇتۇلغان يەل - يېمىش دەپ پەرقلەندۈرۈلگەن. يەل - يېمىش تۈرىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ خىل مېۋىلەرنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك بولىدىغانلىقى، باش يازدىن تارتىپ تاكى كەچ كۈزگىچە ئۈزۈلمەي پىشىپ تۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىنىڭ ئۆزى ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ يەل - يېمىشتىن ئايرىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھۆل يەل - يېمىش تۈگىمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تورۇپ، قورۇق يەل - يېمىش تەييارلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تورمۇشى يىل بويى يەل - يېمىشتىن ئايرىلمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ئۇن يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ئاساس قىلغان، سۈت ۋە گۆش تائاملىرى قېتىلغان، يەل - يېمىش ماسلاشتۇرۇلغان بىر پۈتۈن يېمەك ئىچمەك سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل يېمەك - ئىچمەك سىستېمىسى قىممەت قارىشى، ئېستېتىك قاراش ۋە پسىخىك ئىنتىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قىممەت قارىشى يېمەك - ئىچمەكنىڭ قۇۋۋەتلىك بولۇشى، سىڭىشلىق بولۇشى، تەملىك بولۇشىدا كۆرۈلىدۇ؛ ئېستېتىك قاراش يېمەك - ئىچمەك كۆرۈنۈشىنىڭ ئىشتىھانى ئاچىدىغان بولۇشى، رەڭدار بولۇشى، لەززەتلىك بولۇشىدا كۆرۈلىدۇ؛ پسىخىك ئىنتىلىش يېمەك - ئىچمەكنىڭ قورساقنى توق تۇتىدىغان بولۇشىدا، يېگۈچىگە هوزۇر بېغىشلىيالايدىغان بولۇشىدا، يېگۈچىنىڭ مىجەزىگە ماسلىشالايدىغان بولۇشىدا كۆرۈلىدۇ. پسىخىك ئىنتىلىشتە تۇز تەمى، گۆش تەمى، سۈت تەمى، ئۇن تەمى يېمەك - ئىچمەك تەمىنىڭ يادروسى هېسابلىنىدۇ. ئىچىملىك تەمى بىلەن يەل - يېمىش تەمى يېمەك - ئىچمەكتىن هوزۇرلىنىش پسىخىكىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېهتىياجى هېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەكلىرىنىڭ تەرەققىيات شەكلى مۇنداق ئىككى جەهەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىدىن، ۋاقىتنىڭ يۈنىلىشى بويىچە، سۈت ۋە گۆش يېمەكلىكلىرىدىن ئاشلىق يېمەكلىكلىرىگە ئۆتۈش شەكلى. ئىككىنچىدىن، تارىخي كەسمە يۈز بويىچە، ئاشلىق يېمەكلىكلىرىنىڭ كېڭىيىشى، يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشى، يېمەك - ئىچمەك هازىرلاش تېخنىكىسىنىڭ يېڭىلىنىشى قاتارلىق جەهەتلەردە كۆرۈلىدۇ. يېمەكلىكنىڭ كېڭىيىشى داننى دان پېتى پىشۇرۇپ يېيىشتىن يارما قىلىپ يېيىشكە، يارما قىلىپ يېيىشتىن ئۇن تارتىپ يېيىشكە ئۆتۈشتە، ئۇن تارتىلغاندىن كېيىن ئۇننى ئۇن پېتى چېلىپ يېيىش ياكى قورۇپ تالقان قىلىپ يېيىشتىن ئۇننى خېمىر يۇغۇرۇپ پىشۇرۇپ يېيىشكە ئۆتۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشى خېمىرنى نان يېقىپ يېيىش، يەنى ناننى بولدۇرۇپ يېقىش، پېتىر يېقىش، ياغلىق يېقىش قاتارلىق جەهەتلەردە، خېمىرنى چۆپ قىلىپ يېيىش، يەنى سوزۇق ۋە قويۇق ئاش قىلىپ يېيىش، سوغۇق ياكى ئىسسىق قىلىپ يېيىش قاتارلىق جەهەتلەردە، خېمىرنى مايدا پىشۇرۇپ يېيىش يەنى قاتلىما ياكى پۆشكەل قىلىپ يېيىش جەهەتتە، خېمىرنى هوردا پىشۇرۇپ يېيىش قاتارلىق جەهەتلەردە، يېمەك - ئىچمەكنىڭ گۆش، سۈت يېمەكلىكلىرى بىلەن بىرىكىپ كېتىشى، ئىچىملىك تۈرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى هەمدە تورمۇشقا سىڭىپ كىرىشى جەهەتتە، يېمەك - ئىچمەكنىڭ كۆكتات بىلەن بىرىكىشى، يەل - يېمىش بىلەن بىرىكىپ كېتىشى جەهەتتە كۆرۈلىدۇ. يېمەك - ئىچمەك هازىرلاش تېخنىكىسىنىڭ يېڭىلىنىشى ئوتتىن پايدىلىنىش تېخنىكىسىنىڭ يېڭىلىنىشى جەهەتتە، يەنى پۇچۇلاپ يېيىشتىن سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇپ يېيىش، قازاندا قورۇپ يېيىش، ئوتقا قاقلاپ كاۋاب قىلىپ يېيىش، هوردا دۇملەپ پىشۇرۇپ يېيىش، مايدا پىشۇرۇپ يېيىش قاتارلىق جەهەتلەردە، دان پېتى يېيىشتىن ئۇن تارتىپ يېيىشكە، خېمىر يۇغۇرۇش، بولدۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى، ئېچىتىش تېخنىكىسىنىڭ يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرگە كېڭەيتىلىشىدە كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى ۋە نىشانى ساغلاملىقتىن ئىبارەت. ئادەم ئوزۇقلىنىشتىن مەقسەت هايات كۆچۈرۈش. ئادەم ئۇنۇملۇك پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ساغلام بولۇشى كېرەك. ئادەمنىڭ ساغلاملىقى ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىشىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەكلىرى كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ساغلاملىقنى ساقلاشنى ئاساسىي نىشان قىلغان بولغاچقا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆمۈر چولپانلىرى كۆپ.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى ھەققىدە

مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىم

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دۇنيا ئاسترونوملىرىنىڭ قاراشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇلاردىكى ئورتاقلىقلار ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلەنگەن.

**摘要**:本文通过玉素甫・哈斯・哈吉甫的天文观与在他以前的世界天文学观点进行对照,总结其共同点以及玉素甫・哈斯・哈吉甫特有的天文观。

**Abstract**: By comparing the astronomical viewpoint of Yusup Has Hajip with that of forefathers in world astoronomy, the essay concludes something in common and his distinctive standpoint of astronomy.

ئىنسانىيەت ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئۆزى ياشاۋاتقان زېمىن ۋە ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان مۇئەللەق ئاسماندىكى چوڭ - كىچىك، تۈرلۈك - تۈمەن ياغدۇلۇق ئاسمان جىسىملىرىغا گاھ ئاڭلىق گاھ ئاڭسىز ھالدا ئىلاھىي تۇس بېرىپ تىكىلىپ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇمكىنقەدەر بىلىشكە تىرىشتى. خۇسۇسەن بۇنداق «ئالەم سىرىنى بىلىش» ئىستەك ئىرادىسى كىشىلىك جەمئىيەتنى ئوۋچىلىق ھەم چارۋىچىلىقتىن ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىنكى دەۋرلەردە تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەڭ قەدىمكى ئاسترولوگىيە پەنلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە زېمىن ياراتتى.

بۇنى قەدىمكى مىسىرنىڭ 18 - سۇلالىسىغا مەنسۇپ بولغان سېنموت مەقبەرىسىنىڭ تام ۋە تورۇسلىرىغا سىزىلغان «ئاسترونومىيىلىك خەرىتىلەر» ئىسپاتلايدۇ.

مىلادى I ئەسىردە ئۆتكەن جۇڭگونىڭ ساددا ماتېرىيالىستى ۋاڭ چۇڭ: «ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ خۇددى يەرگە ئوخشايدۇ» دېگەن پىكىرنى ئېيتقانىدى.

دېمەك، ئەڭ قەدىمكى مىسىر، مېسوپوتامىيە، يۇنانىستان، جۇڭگو، ھىندىستان ۋە كېيىنرەك ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ھەم مەركىزىي ئاسىيا مەملىكەتلىرىدە ئىلگىرى - كېيىن قۇرۇلغان ئوبسېرۋاتورىيە رەسەتخانىلار ساددا ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ مۇئەييەن بىر پەن سۈپىتىدە قارار تېپىشىغا ئاساس سالدى. نەتىجىدە، مىلادىدىن بۇرۇنقى مىڭ يىللارنىڭ بىرىنچى مىڭ يىللىرى داۋامىدا پەلەكشۇناس — مۇنەججىملەر قۇياش ۋە ئۇنى دەۋر قىلىپ ئايلانغۇچى بەش سەييارىنىڭ — يەر ۋە ئاي ھەرىكىتىنىلا

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، بەلكى يۈزلىگەن ھەم مىڭلىغان يۇلتۇزلار ۋە يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ ئاسمان سفېرىسىدىكى ئورنى، ھەرىكەت ھالىتى، (قۇياش ۋە يەرگە نىسبەتەن) ھەم ۋەزىيىتىنى ئېنىقلاپ، يۇلتۇزلار كاتالوگى ۋە خەرىتىلىرىنى تۈزدى. دۇنيا ئاسترونومىيە تارىخىدا ئەنە شۇنداق يۇلتۇزلار كاتالوگىنى تۇنجى قېتىم تۈزۈپ چىققان ئادەم قەدىمكى جۇڭگونىڭ مەشھۇر ئاسترونوملىرىدىن بىرى شى سېن (مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىر) ۋە يۇنانىستان ئالىمى گىپپارىخ (مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىر) ئىدى. شى سېننىڭ كاتالوگىدا مىڭغا يېقىن، گىپپارىخنىڭ كاتالوگىدا 1028 يۇلتۇز ۋە يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ ئاسمان سفېرىسىدىكى ئورنى، يەرگە نىسبەتەن ھەرىكەت ھالىتى ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە گىپپارىخ ئۆز يۇلتۇزنامىسىغا ئىنساننىڭ روھىي كەيپىياتىنى، تەقدىرىنى قارىسىغىلا سامادىكى يۇلتۇزلارنىڭ سۈرۈلمە ھەرىكىتىگە، «ئورۇن يۆتكەش» ۋەزىيىتىگە باغلاپ ئۇلارنى ئىلاھىي قۇدرەتكە ئايلاندۇرغۇچى مۇتەئەسسىپ مۇنەججىملەرنىڭ قاتمال مۇلاھىزىلىرىگە قارشى ھالدا ئاسترونومىيىدە تۇنجى قېتىم كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى چۈشەنچىسىنى قوللاندى.

شۇنىمۇ ئىلاۋە قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ بۆشۈكى يەرنىڭ تاۋاقسىمان تەكشى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى شارسىمان ئىكەنلىكىنى، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر يورۇق جىسىملار ئىنتايىن ئۇلۇغ بىر ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى يەنىلا قەدىمكى يۇنانىستانلىق ماتېماتىك پىفاگور (مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىر) بولدى. ئارىستوتىل (مىلادىدىن بۇرۇنقى 384 — 322 - يىللار) ئۇنىڭ بۇ پىكىرلىرىنى ئىنكار قىلىپ «ئالەم — مەركىزىدە يەر تۇرىدىغان ئومۇمىي بىر سىستېما» دېگەن بولسىمۇ، بۇ پەرەزنى ئەينى زامانلاردا كەڭ ئىلىم ئەھلى قوللاپ - قۇۋۋەتلىمىگەن. ئالىمنىڭ بۇ پەرىزىنى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلغان كىشى كلاۋدىي پتولېمېي (تەخمىنەن مىلادى 90 — 170 - يىللار) بولۇپ، ئۇ ئاسترونومىيە ئىلمىدە گېئوسېنتىرلىق - ئالەمنىڭ مەركىزى يەر — سىستېمىسىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتىلىشى ھەممىگە ئايان.

## تارىخىي ئاسترونومىيىلىك مۇناسىۋەتلەر

«يىپەك يولى» غا ئوخشاش ھەرقايسى ئەللەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرغۇچى مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر تۈگۈنلىرىنىڭ روياپقا چىقىشى، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئاساسىدا پەيدا بولغان ۋە كىشىلىك جەمئىيىتى ئومۇمىي تەرەققىيات بىلەن بىللە يۈكسىلىپ، ھەقىقىي دۇنيانىڭ مىقدارى مۇناسىۋەتلىرى ھەم ئالەم سىرلىرىنى ئۆگەتكۈچى — ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، جۇغراپىيە ۋە ئاسترونومىيىگە ئوخشاش پەنلەرنى مۇكەممەل ئىگىلەش مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە قويغانىدى. ۋاقىتنى توغرا ئېنىقلاش، كالېندار تۈزۈش سودا كارۋانلىرىنىڭ تۆت ئەتراپتىكى مەنزىلگاھلىرىنى، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىرىنى ئەينەن كۆرسىتىش، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان ئايلار ۋە پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشىنى توغرا تەقسىملەش، خۇسۇسەن، كائىناتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق جىسىملارنىڭ — كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە باشقىلارنىڭ ئاسمان سفېرىسىدىكى ۋەزىيىتىنى ئېنىقلاشتا قوللىنىلىدىغان سانلار - ئاسمان كوئوردىناتلىرىنى نەزەرىيىۋى ئىشلەپ چىقىش مەسىلىلىرىمۇ ئاشۇنداق ھاياتىي تەقەززا جۈملىسىدىن ئىدى.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ (مىلادى 840 — 1218 - يىللار) پايتەختى قەشقەردە قۇرۇلغان «ساچىيە» مەدرىسى، بۇخارا، سەمەرقەند ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە قۇرۇلغان ۋە تەسىس قىلىنغان مەدرىس، كۇتۇپخانىلار بۇنىڭ يارقىن مىسالىدۇر. ئابباسىيلار سۇلالىسى ۋەكىللىرىدىن خەلىپە ھارۇن رەشىد (ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 786 — 809 - يىللار) ھەم ئۇنىڭ ئوغلى مەئمۇن (ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 813 — 833 - يىللار) تاجۇ - تەخت ھامىيسى بولۇپ تۇرغان دەۋرلەردە باغداد شەھىرىدە قۇرۇلغان دۇنيادىكى تۇنجى ئاكادېمىيە «بەيتۇل مەھكىمە» (دانىشمەنلەر ئۆيى) نىڭ ئىش پائالىيىتىدە روشەن نامايان

بولىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئىلىم ھۆزۈرىدا ئاشۇ زاماننىڭ ئونلىغان ئالىملىرى، بىرقانچە تىللىق ماھىر تەرجىمانلار، ئۇستا خەتتاتلار خىزمەت قىلغانىدى. بۇ يەردە كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىلغاندىن سىرت چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ، بولۇپمۇ قەدىمكى يۇنانىستان ئالىملىرىنىڭ ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، پەلسەپە، ئاسترونومىيە ۋە باشقا پەنلەر بويىچە بۈيۈك ئەسەرلىرى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، تارقىلىش دائىرىسى ئىسلام دۇنياسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئەسەرلەر شەرق ئىلمى تەپەككۇرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. خوسرەن پتولېمېينىڭ «ئەل ماگېست» (بۈيۈك تۈزۈلۈش) ئەسىرى بىلەن 620 - يىللىرى ھىندىستاندا يېزىلغان ھەم 773 - يىلى مۇھەممەد ئىبن ئىبراھىم ئەل - فازارىي تەرىپىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «سىددخانتا» (پەلەكشۇناسلىق ھەققىدە رىسالە) نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىش ۋە بۇ تەرجىمىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ئۇيغۇرلار دىيارىغا كىرىپ كېلىشى، بۇ يەرلەردىكى خەلقلەرنىڭ ئىلىم - پەن، جۈملىدىن ئاسترونومىيىنى راۋاجلاندۇرۇش تارىخىدا ئىنتايىن رول ئوينىدى. مەشھۇر ماتېماتىك ھەم ئاسترونوم ئەل خارەزمىي (780 — 850 - يىللار) ئۆزىنىڭ «زىج» يەنى «ئاسترونومىيىلىك جەدۋەللەر» ناملىق ئەسىرىنى بىۋاسىتە يۇقىرىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تەسىرىدە يازدى ۋە مەزكۇر پەندە يېڭى كەشپىياتلارنى ياراتتى.

## پتولېمېي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىز بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج ھەققىدە توختىلىپ، قەدىمكى ئاددىي پەلەكشۇناسلىق (ئاسترونومىيە) غا دائىر مۇلاھىزىلىرىنى تۆنجى قېتىم نەزىم بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز.

131. بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل، سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر.

132. ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوتتاي،
قالۇر ئۇ بۇرجدا دەل ئون ئىككى ئاي.

133. ئۈچىنچى كۆرۈددۇر غەزەپتە يۈرۈر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قورۇر.

134. تۆتىنچى قۇياشتۇر، يورۇتۇر جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

135. بەشىنچى سەۋتتۇر، سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرەرسەن خۇشاللىق يۈزى.

136. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ كېلەر،
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا تىلەككە يېتەر.

137. بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.

ئەدىب يۇقىرىدىكى مىسرالار ئارقىلىق ئۆز زامانىسىدا مەلۇم بولغان سەييارىلەرنىڭ (قۇياشتىن باشقا) ئاسمان سېفېرىسىدىكى ئورنى ۋە سۇرۇلمە ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

مۇتەپەككۇر شائىرىمىزنىڭ سەييارىلەرنىڭ سۇرۇلمە ھالىتىنى تەسۋىرلەش، پتولېمېينىڭ گېئوسېنترلىق سىستېمىسىنىڭ ئەينەن ئۆزى بولمىسىمۇ ئەمما ئەستايىدىل زەن سېلىپ تەتقىق

www.uyghurkitap.com

قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭدا ئۆزىگە خاس بىر قانچە ئىلغار پىكىر - مۇلاھىزىلەرنى كۆرەلەيمىز.
(1 - سېلىشتۇرما سۈرەتكە قاراڭ)




1-سېلىشتۇرما سۈرەت.

ئالدى بىلەن شۇنداق قىياس قىلىش مۇمكىنكى، پتولېمېينىڭ پىكرىچە، 1. يەر - كائىناتنىڭ مەركىزى؛ 2. يەر قوزغالمايدۇ؛ 3. ھەممە ئاسمان جىسىملىرى يەرنىڭ ئەتراپىدا دائىرە بويلاپ ئايلىنىدۇ؛ 4. ئاسمان جىسىملىرى تەكشى بىر خىل تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ؛ 5. سەييارىلەر ئېپىتسىكل بويلاپ ئېپىتسىكللەرنىڭ مەركىزى بولسا دېفېرېنت دەپ ئاتالغان دائىرىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرىچە 1. يەر - كائىناتنىڭ مەركىزى؛ 2. يەر قوزغىلىدۇ، يەنى ئايلىنىدۇ؛ 3. ھەممە ئاسمان جىسىملىرى يەرنىڭ ئەتراپىدا مەلۇم بىر دائىرىنى بويلاپ ھەر خىل تېزلىكتە ئايلىنىدۇ؛ 4. ئاسمان جىسىملىرى تەكشى بىر خىل تېزلىكتە ئەمەس، بەلكى ھەر خىل تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ؛ 5. سەييارىلەر ئۆزىدىن نۇر چىقارغۇچى يۇلتۇز ئەمەس، بەلكى خۇددى يەر ۋە ئايغا ئوخشاش نۇرسىز «ئۆلۈك» جىسىملاردۇر. ئۇلار پەقەت كۈندىنلا نۇر ئالىدۇ. يەنى قۇياش نۇرىدا ئەكس ئېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۇ ئىلمىي ئانالىتىك قائىدىلىرىنى دۇنيانى ياراتقان تەڭداشسىز قۇدرەت ساھىبى — ئاللاغا ھەمدۇ - سانا ئوقۇپ بولۇش بىلەنلا تۆۋەندىكى بىر قانچە بېيىتلار ئارقىلىق قىسقىچە ئىسپاتلايدۇ:

126. ياراتتى پەلەك كۆك، دائىم ئايلىنۇر،
ھايات ھەم ئۇ بىرلە تىنىماي چۆرگىلۈر.

دېمەك، پۈتكۈل كائىناتتىكى ياغدۇلۇق ۋە ياغدۇسىز جىسىملار يەنى، يۇلتۇزلار، كومېتلار، مېتېئورىدلار، سەييارىلەر ۋە باشقىلار مەلۇم بىر مەركەزنى ئايلىنىدۇ، خۇددى شۇنداقلا كىشىلىك دۇنياسىمۇ دائىم ھەرىكەتتە، ئۆزگىرىشتە بولىدۇ.

پتولېمېينىڭ تەبىرىچە، ئەڭ ئاخىرى ساتورىن سەييارىسى بىلەن يەكۈنلىنىدىغان قۇياش سىستېمىسىنىڭ (ئۇنىڭچە، يەر سىستېمىسى) سىرتىدا قوزغالمايدىغان يۇلتۇزلار قەۋىتى جايلاشقان. ئۇلار

بىر تەكشىلىكتە، بىر خىل تېزلىكتە يەرنى ئايلىنىدۇ. قەدىمكى ئاسترونومىنىڭ بۇ پىكرىگە يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

128. كۆكتىكى يۇلتۇزلار بەزىسى بېزەك،
يول باشلار بەزىسى، بەزىسى يەزەك.
129. كىشىگە يورۇقلۇق بېرەر بەزىسى،
يول يۈتسە كۆرسىتۇر يەنە قانچىسى.
130. بەزىسى ئېگىزدە بەزىسى تۆۋەن،
غۇۋادۇر بەزىسى، بەزىسى روشەن.

دېيىش بىلەن ئىنكارىي جاۋاب بېرىدۇ. يەنى شائىرنىڭ ئىلمىي قارىشىچە 1. قۇتۇپ يۇلتۇزىنى دەۋرىي ئايلانغۇچى يۇلتۇزلار ۋە يۇلتۇزلار توركۈمى ھەر دائىم ئاسمان سىفېرىسىنىڭ شىمالىي قۇتۇپىدا كۆرۈنمە ھەرىكەتتە بولغانلىقتىن، ئۇلار كېچىنىڭ زىننىتى بولۇشى بىلەن بىللە ھارغىن كارۋانلارنىڭ، يىراق - يېقىنغا سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ يول كۆرسەتكۈچى قىبلىنامىسىدۇر؛ 2. خۇددى سەييارىلەرگە ئوخشاشلا قوياش سىستېمىسىدىن (يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرىچە، يەر سىستېمىسىدىن) تاشقىرى يۇلتۇزلارمۇ پەقەت بىر دائىرە، بىر تەكشىلىك ئۈستىگە جايلاشقان بولماستىن، بەلكى ئۇلارمۇ يەرگە نىسبەتەن ھەر خىل ئۇزاقلىقتىكى دائىرىلەردە جايلاشقان؛ 3. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارنىڭ كوئوردىناتلىرى ھەر خىل بولۇش بىلەن بىللە، ھەرقايسى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلۇقلۇقى ۋە ئابسولىيوت مىقدارىمۇ ھەر خىل.

شائىرنىڭ بۇنداق ئىلمىي پەرەزلىرى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى ئەبۇ ناسىر ئەل فارابى (870 — 950 - يىللار) نىڭ: «... شۇنداقلا، كۆپلىگەن ئاسمان جىسىملىرى مەركەز بىلەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئىلەر بىلەن ھەر خىل ۋەزىيەتتە بولىدۇ؛ مانا مۇشۇنداق ھەر خىل ۋەزىيەتتىن — ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۈچۈن يەرنىڭ ئەتراپىدا گاھ تېز، گاھ ئاستا ئايلىنىشىنىڭ تەسادىپىي خۇسۇسىيىتى كېلىپ چىقىدۇ... ساتۇرنىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاينىڭ ھەرىكىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا خۇددى شۇنداق»[1] دېگەن مۇلاھىزىسى بىلەن مەزمۇنداش ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە قوياش ۋە سەييارىلەرنىڭ ناملىرىنى تا ئەزەلدىنلا ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان يۇنان - لاتىنچە ياكى ئەرەبچە ئاتىماستىن، بەلكى كونا ئۇيغۇر تىلىدا ئاتىشىمۇ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئاسترونومىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنىڭ ئاددىي ئىنكاسىدۇر.

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ھېراكلىت (مىلادىدىن بۇرۇنقى 540 — 480 - يىللار) ئۆزىنىڭ «تەبىئەت توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە يەر شار شەكلىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ يۇلتۇزلارنى قوزغالماس دەپ بىلگەنىدى. ئەمدى ئارىستارخ ساموسكى (مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىر) بولسا، «يۇلتۇزلار جايلاشقان سىفېرا ۋە قوياش قوزغالمايدۇ. يەر بولسا مەركىزىدە قوياش جايلاشقان دائىرىنى بويلاپ ھەرىكەتلىنىدۇ» دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. ئالىمنىڭ مەزكۇر نەزەرىيىسىگە مۇراجىئەت قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرۇنى (973 — 1048 - يىللار) ئۆزىنىڭ «ئەل قانۇن ئەل مەسئۇدى» ناملىق ئەسىرىدە يەرنىڭ ھەرىكىتى، ئۇنىڭ ئالەمنىڭ مەركىزىدە ئابسولىيوت تۇرۇشى توغرىسىدا بىرقانچە قىممەتلىك پىكىر مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پىكىرلەر كېيىنكى دەۋرلەردە راۋاجلاندۇرۇلماي قالدى.

دەرۋەقە، ھىندىستاننىڭ مىلادى VI ئەسىرگە ئائىت ئاسترونومىيىلىك رىسالىلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرى

① ئەل - فارابى «پەلسەپىلىك رىسالىلەر» 1973 - يىل ئالما - ئاتا. 266-، 267 - بەتلەر (قازاقچە)

يەرنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىنى ئاينىڭ ئۆزىگە قۇياشتىن نۇر ئالىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغانلىقى مەلۇم.

گەرچە، يۈسۈپ خاس هاجىپ پتولېمېينىڭ گېئوسېنترلىق نەزەرىيىسىنى ئاساسىي تۇتقا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا دۇنيا ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇتۇقلىرىغا ئەمەل قىلغان ھەم ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ خاس مۇلاھىزىلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەسىلەن:

137. بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.

بۇ مىسرادىن تۆۋەندىكىچە يەكۈن چىقىشى مۇمكىن: 1. ئاي يەرنى ئايلىنىدۇ؛ 2. ئايلىنىش داۋامىدا ئۇ فازىلىق ئۆزگىرىشلەرگە تولۇش ۋە يېنىش كىرىدۇ؛ 3. ئاي ئۆزىدىن نۇر چىقارمايدۇ، بەلكى، قۇياشتىن نۇر ئالىدۇ (قۇياش نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ) (2 - سۈرەتكە قاراڭ)




2-سۈرەت.

شۇنىمۇ قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى قۇياش سىستېمىسىغا كىرگۈچى سەييارىلەردىن ئۇچى يەنى ئۇران 1781 - يىلى ئىنگلىز ئاسترونومى ۋ. گېرشېل تەرىپىدىن، نېپتون 1846 - يىلى فرانسۇز ئاسترونومى ئۇ. لاۋېرىي ۋە ئىنگلىز ئالىمى ج. ئادامس تەرىپىدىن ۋە ئەڭ ئاخىرقى (ھازىرغىچە) 9 - سەييارە پلوتون 1930 - يىلى ئامېرىكا ئاسترونومى تومبو تەرىپىدىن بايقالغانىدى.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدە «ئەڭ ئۈستۈن» يەنى يەرگە نىسبەتەن، ئەڭ سىرتقى سەييارە يەنىلا سەكەنتىر — ساتورىن ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاتالمىش سەييارىنىڭ ئۆز ئايلانما ئوربىتىسىنى توغرا كۆرسىتىش بىلەن ئۇنىڭ يىللىق كۆرۈنمە ھالىتىنىمۇ، ئېكلىپتىكا بويى يۇلتۇزلار تۈركۈمىگە نىسبەتەن مۇناسىۋىتىنىمۇ، بۈگۈنكى ئاسترونومىيىلىك ھېساب دەرىجىسىگە يېقىن ھالدا كۆرسەتكەن.

131. بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر.

دېگەن مىسرالاردا، ساتورىننىڭ «ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا» قېلىشى ئۇ ئاسمان سفېرىسى بويلاپ بېسىپ ئۆتىدىغان ئون ئىككى بۇرجقا كۆپەيتىلگەندە 33 يىل ئالتە ئاي بولۇپ، بۇ ھازىرقى ئاسترونومىيىلىك ھېسابتا 29 يىل 46 كۈنگە تەڭ بۇ ساتورىننىڭ يىلى — ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ساتورىن قۇياشنى 30 تروپىك يىلىغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. بۇ يەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ يىل ۋە ئايلارنى قەمەرىيە كالىندارى ئاساسىدا ئالغانلىقىغا ئېتىبار بەرسەك (قەمەرىيىدە بىر يىل مىلادى كالىندارىغا قارىغاندا 10، 11 كۈن كەم بولىدۇ) ئارىدىكى پەرق يەنىمۇ ئازىيىدۇ.

123. ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئۇغاي،
قالىدۇ بىر بۇرجدا دەل ئون ئىككى ئاي.

دېگەن مىسرالاردا ئۇغاي — يوپىتېر سەييارىسى ھەربىر بۇرجدا بىر يىلدىن تۇرۇپ ئون ئىككى يىلدا قۇياشنى تولۇق ئايلىنىپ چىقىدۇ دېگەن، بۈگۈنكى ھېسابتا يوپىتېرنىڭ يىلى — قۇياشنى تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشى 11 يىل 86 كۈن توققۇز سائەت 50 مىنۇتقا باراۋەر بولۇپ، بۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان ساندىن توققۇز ئاي پەرق قىلىدۇ.

قۇياش سىستېمىسىدىكى ئەڭ چوڭ بۇ ئىككى سەييارىنىڭ كۈندىن يىراقلىقى ھەر خىل بولغىنىدەك (ساتورىن 1 مىليارد 429,3 مىليون كىلومېتىر، يوپىتېر 778.3 مىليون كىلومېتىر) ئۇلارنىڭ ئۆز ئوربىتىسىنى بويلاپ قىلىدىغان ھەرىكەت تېزلىكىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مېركۇرى، چولپان ۋە مارسنىڭ ئۆز ئوربىتىلىرىنى بويلاپ قىلىدىغان يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەتلىرىنىڭ ۋاقتى - سائىتىنى كۆرسەتمىگەن. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن يەرگە يېقىن مېركۇرى، ساتورىن، ۋېنېرا، مارس قاتارلىق سەييارىلارنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى يىللىق ھەرىكەت ۋاقتىنى بىلمەيدۇ دەپ گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن تەبىئەتنىڭ بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ كىشىلەر ئاڭ ئىدراكىدا مۇستەقىل رەۋىشتە مەۋجۇدلىقى توغرىسىدىكى ئارىستوتېل تەلىماتىغا يۇكسەك باھا بەرگەن. لېنىننىڭ بۇ باھاسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە كۆز قارىشىغا تەدبىق قىلىش مۇمكىن. بۇنى ئەدىبنىڭ:

4381. يەنە جەمئىي تەفرىق مىساھەتكە ئۆت،
يەتتە قات پەلەكنى بىر تال چۆپچە تۇت.

دېگەن پىكرىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرىمىز. ئۇ «يەتتە قات پەلەكنى بىر تال چۈپتە تۇتۇشقا قابىل ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنى ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە قەدىمكى يۇناننىڭ پىفا گور، يېۋدوكس، كىندىسكى (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 408 ~ 355 - يىللار) ئېۋكلىد (ئەرەبچە ئوقلىدوس، مىلادىدىن بۇرۇنقى 355 ~ 315 - يىللار) قا ئوخشاش ئالىملارنىڭ ماتېكاتىكا ھەم ئاسترونومىيىگە ئائىت ئەسەرلىرىنى مۇتالىئە قىلىش لازىملىقىنى قەيت قىلىدۇ.

2633. ئۇ بىلسۇن ھېساب ھەم گېئومېترىنى،
كەسىر ھەم يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىنى.
4384. بۇزۇلسا ھېساب گەر، ئەي ياخشى كىشى،
بۇزۇلغاي ھەر ئىككى دۇنيانىڭ ئىشى.

دەپ تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنتايىن يۇقىرى باھالىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسان ئۆز ئەقىل - ئىدراكى، بىلىم تەجرىبىسى شاراپىتىدىن پۈتكۈل كائىناتنىڭ سىرلىرىنى پەيدىن پەي بىلىشكە قادىر ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرمەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىنىڭ مەلۇم ماتېرىيالىستىك ئېلېمېنتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ، ئۆز نەزەرىدە، ھەرىكەت ماكان ۋە زامان بىلەن، ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باغلىق، ماددا دائىمىي ھەرىكەتتە ۋە راۋاجلىنىشتا تۇرىدۇ دەپ چۈشىنىدۇ.

ئەسلىدە مارس قەدىمكى رىملىقلار ۋە يۇنانلىقلارنىڭ دىنىي ئەپسانىلىرىدە ئۇرۇش خۇداسىنىڭ ئىسمى. شائىرنىڭ بەزى سەييارىلەرگە بەرگەن تەرىپى مەلۇم دەرىجىدە ئەپسانە - رىۋايەت خاراكتېرىگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كۆپ ھاللاردا قەدىمدىن ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەييارىلەرنىڭ يىللىق ۋە پەسىللىك ھەرىكىتىگە، كۈن ۋە ئاينىڭ تەۋەلىك يەنى سوتكىلىق ھەرىكىتىگە قاراپ ئىقلىم شارائىتىنى ھەم ھاۋارايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ چولپان ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

135. بەشىنچى سەۋۈنتۇر سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرەرسەن خۇشاللىق يۈزى.

مەلۇمكى، ئەجدادلىرىمىز چولپان سەييارىسىنى ئەڭ يورۇق يۇلتۇزلار جۈملىسىدە بىلىپ ئۇنى -تا قەدىمدىن «قۇت يۇلتۇزى»، «ئاسمان ئەركىسى»، «تاڭ ۋە كۆكلەم ئەلچىسى» دەپ ئاتاپ، ئۇ ئەسلىدە بەخت سائادەت ھامىيسى — ئۇماي ئانىنىڭ كۆنتەڭرى ئىلكىگە ئېلىپ كېتىلگەن ئارزۇلۇق، گۈزەل قىزى دەپ قاراشقان ۋە خۇسۇسەن قىز - چوكانلار ئىزگۈلۈك ھەم قۇت تىلىشىپ ئاڭا ئىلتىجا قىلىشقان.

دەرۋەقە، چولپان سەييارىسىنىڭ مارت ئېيىدا شەرق ئاسمىنىدا تاڭ سەھەردە «تۇغۇش»ى (مەرگەن ۋە ئۇغلاق يۇلتۇزلار تۇركۇمى ئارىلىقىدا) نى نەزەرگە ئالساق، يۇقىرىدىكى رىۋايەتنىڭ مەلۇم ھاياتى ئاساسىنى كۆرىمىز. ۋادى - بوستانلاردا گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ يايلاقلاردا ماللار تۆللەپ، دېھقانلار مول ھوسۇل ئارزۇسىدا يەرگە ساپان سېلىپ بەرىكەت ئۇرۇقىنى چاچقان ۋاقىتتا پۈتۈن تەبىئەتنىڭ ئويغىنىشىدىن دالالەت بېرىپ، چولپاننىڭ پارلاپ تۇرۇشى — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەرىپىدىكى «خۇشاللىق يۈزى»نى كۆرۈشتىن ئىبارەت ئەلۋەتتە.

بىزنى قورشاپ تۇرغان ئاسمان گۈمبىزىدىكى بارلىق يۇلتۇزلار — ئادەتتە ئايسىز كېچىسى يەردە

تۇرۇپ كۆزەتكەن ئادەم 3000 غا يېقىن يۇلتۇز ۋە يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى كۆرەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزى تەركىبىي قىسمىغا كىرگەن گالاكتىكا (سامان يولى سىستېمىسى) مەركىزىنىڭ ئەتراپىدا، تەبىئىي قانۇنىيەت ئاساسىدا ئايلىنىش ئۇتتۇرا مەلۇماتلىق ھەر بىر ئىلىم ئەھلىگە ئايان. شۇ جۈملىدىن بىزنىڭ كۈنىمۇ ئۆز ئەتراپىدىكى (ئەسلىدە ئۇمۇ بىر يۇلتۇز بولغانلىقتىن) ھازىرغىچە مەلۇم بولغان توققۇز سەييارە (ئاي بۇنىڭدىن مۇستەسنا) ۋە مىڭلىغان ئاستروئىد ۋە مېتېئورىت بىلەن بىرلىكتە سامان يولى سىستېمىسى مەركىزىنى چۆگىلەيدۇ، بۇگۈنكى ئىلغار ئاسترونومىيىنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، بىزنىڭ قۇياش سىستېمىمىز سامان يولى سىستېمىسى مەركىزىنى تەخمىنەن 280 كىلومېتىر سىكونت تېزلىك بىلەن 200 مىليون يىل ئىچىدە تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ.

ئەمما قەدىمكى دۇنيا ئاسترونوم - مۇنەججىملىرى سەييارىلەرنى سۇرۇلمە ھەرىكەتتە دەپ بىلسىمۇ، لېكىن يۇلتۇزلارنى پۈتۈنلەي قوزغالمايدىغان ئاسمان يورۇتقۇچىلىرى دەپ ھېسابلىغان ھەم شۇنداق چۈشەندۇرۇپ كېلىشكەن ئىدى. بۇنداق خاتا چۈشەنچە XVII ئەسىردە تۈزىتىلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەربىر يۇلتۇزلار تۈركۈمى ھەم ئايرىم يۇلتۇزلارنىڭ يەنىلا مەلۇم بىر مەركەزنى ئايلىنىشىغا گۇمان قىلمىغان. شۇنداقلا ئۇ ھەربىر يۇلتۇزنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان سامان يولى سىستېمىسى بىلەن مەلۇم بىر مەركەزگە قاراپ سۇرۇلمە ھەرىكەتتە بولىدىغانلىقىنى پەرقلەندۇرەلىگەن. ئۇ، گەرچە قۇياش سىستېمىسىنىڭ مەركىزىدە يەر تۇرىدۇ دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ يەر سىستېمىسىنىڭ ئۆزى ئۆز ئىچىدە ۋە ئىككىنچى بىر تارتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك مەركەزگە قاراپ سۇرۇلمە ھەرىكەتتە بولۇشقا ئىجابىي يانداشقان.

قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى مىلىت مەكتىپىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى ئاناكسىماندر (مىلادىدىن بۇرۇنقى 610 — 540 - يىللار) «نامەلۇم بىر مەركەز مەۋجۇت بولۇپ دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر ئەشۇ مەركەزدىن ئاجرىلىپ چىققان» دېگەن بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئۇنى يەنى دۇنيانى بايات (خۇدا) نىڭ ياراتقانلىقىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ: «ياراتتى پەلەك كۆر، دائىم ئايلىنۇر» دەپ خۇلاسە چىقاردى. دېمەك، نامەلۇم بىر مەركەزنى ئايلانغۇچى ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن سۇرۇلمە ھەرىكەتتە بولغۇچى دۇنيانىڭ ئىككىنچى بىر نامەلۇم دۇنيادىن ۋە ئۇنىڭ مەركىزىدىن چىقىشى چوقۇم تەبىئىي ھال. ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام روھانىلىرى فارابى ھەم ئىبن سىنالارنىڭ تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت ئەسەرلىرىنى ۋە قوشقا قەتئىي چەك قويۇۋاتقان ئەشۇ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدە مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ ئەشۇنداق پىكىرلىرىنى ئىلگىرى سۇرۇشى ھەقىقەتەنمۇ جاسارەت ھەم ئىلغارلىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بىز بۇنىڭلىق بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ھەرگىزمۇ كوپېرنىك (1473 — 1543 - يىللار) نىڭ گېلىئوسىنېترلىق تەلىماتىنىڭ ئەينەن ئۆزىنى ئوتتۇرىغا قويغان دېيىشتىن ناھايىتى يىراقمىز ئەلۋەتتە.

قۇياش سىستېمىسىنىڭ ئېكلىپتىكا بويلاپ يىللىق ئايلانما ھەرىكەتتە بولۇشىدا ئەشۇ ئېكلىپتىكا بويىغا جايلاشقان 12 توپ يۇلتۇزنى يەنى يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى بېسىپ ئۆتۈشىنى ئۇزاق ئۆتمۈشتىلا بايقىغان ئەجدادلىرىمىز ئۇلارنى ئەۋ ئۈكەك — يەنى ئۆي، قونالغۇ مەنىسىدە دەپ ئاتاپ بۇ ئۆيلەرگە كىرگۈچى ھەربىر يۇلتۇزلار تۈركۈمىگە تۆۋەندىكىچە خاس ئىسىملار قويۇشقان:

1. قوزا، 2. ئۆي، 3. ئەرەنتىر (ھازىر قوشكېزەك)، 4. قوچىق (قىسقۇچ پاقا)، 5. ئارسلان، 6. بۇغداي بېشى (باشاقمۇ دېيىلىدۇ)، 7. ئەشى (تارازا)، 8. چايان، 9. ياي (ياچاق دەپمۇ قوللىنىلىدۇ)، 10. ئوغلاق، 11. كونەك (سوغا)، 12. بېلىق

www.uyghurkitap.com

(3 ـ سۈرەتكە قاراڭ) .




3 ـ سۈرەت

كېيىنكى دەۋرلەردە ئاتالمىش ئۈي نامىلىرىنىڭ ئەرەبچە بۇرج (كۆپلىكى بۇرۇج، قەلئە، مۇنارلارنىڭ ئەڭ ئېگىز جايى، ئاسترونومىيىدە ئاسمان سفېرىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى) دەپ ئاتىلىشى ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن ئەلۋەتتە.

قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان يەر شارى ھەربىر بۇرجدا بىر ئايدىن (ئاسترونومىيىلىك ھېسابتا ئۇ 30 گرادۇسقا تەڭ) «قونۇپ»، ئون ئىككى بۇرجنى يەنى 360 گرادۇسلۇق دائىرىنى بىر يىلدا بېسىپ ئۆتىدۇ، بۇنداق تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان دەۋرىي ئايلىنىشنى نەزەردە تۇتقان كىشىلىك دۇنياسى مەزكۇر ئون ئىككى بۇرجنى پەسىللەرگە بۆلگەن ۋە كۆنبىتىك ـ كالىندار تەرتىپسىدىنمۇ ئىشلەتكەن. شۇنداق قىياس قىلىش مۇمكىنكى، قەدىمكى ئەرەب مۇنەججىملىرى ئون ئىككى بۇرجنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ ئۇلارنى

تۆۋەندىكىچە ئاتاشقان.

a. باھار بۇرجى — ئابىي: ① ھەمەل، ② سەۋر، ③ جەۋزا
b. ياز بۇرجى — نارى: ① سەرەتان؛ ② ئەسەد، ③ سۇنبۇلە
c. كۈز بۇرجى — بادى: ① مىزان، ② ئەقرەب، ③ قەۋس
d. قىش بۇرجى — خاكى: ① جەدى، ② دەلۋ، ③ ھوت

142. ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ ئۈچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۈچىسى، ئۈچى كۈزگىدۇر.

دەپ ئون ئىككى بۇرجنى نەزم بىلەن قىسقىچە ئىلمىي چۈشەندۈرگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇنى تۆۋەندىكىچە تەقسىملەيدۇ:

a. باھار بۇرجى ① — قوزا، ② ئۇي، ③ ئەرەنتىر
b. ياز بۇرجى ① — قوچىق، ② ئارسلان، ③ بۇغداي بېشى
c. كۈز بۇرجى ① — ئەشى، ② چايان، ③ ياي
d. قىش بۇرجى ① — ئوغلاق، ② كۆنەك، ③ بېلىق

بۇ پەسىللەرنى ئەرەبلەر ئابىي - سۇ، نارى - ئوت، بادى - يەل، خاكى - تۇپراق دەپ تۆت زاتقا بۆلگەن بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ

143. ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇت.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساددا ماتېرىيالىستىك مۇلاھىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە قەدىمكى يۇنانىنىڭ ماتېرىيالىست پەيلاسوپى شائىر ۋە تېۋىپ ئېمپېدوكىل (مىلادىدىن بۇرۇنقى 490 — 430 - يىللار) نىڭ نەزەرىيىسىگە ئويغۇن كېلىدۇ. ئۇ «تەبىئەت توغرىسىدا» ناملىق داستانىدا ھەممە نەرسىنىڭ نېگىزىدە تۆت زات — تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە ئوت مەۋجۇت دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ بىرلىشىشى ھەم بۆلۈنىشى ئىككى سەۋەب، «دوستلۇق» ۋە «دۈشمەنلىك» كە باغلىق دەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا بۇنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

144. يېغىدۇر بۇلارنىڭ بىرىگە - بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ قىلدى جەڭنى نېرى.
145. ئۇرۇشماس بۇ ياۋلار ياراشقان ئۈچۈن،
كۆرەشمەس بۇ ياۋلار كۆتەرگەچ ئۆچۈن.

دېمەك، ھەر ئىككى دانىشمەنىنىڭ كۆز قارىشىچە بىرەر سەۋەبنىڭ ئۈستۈن چىقىشى كائىنات تەرەققىياتىنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

4376. بۇلاردىن سولۇق ئەمدى بۇ يۇلتۇزچىدۇر،
كۆرەرسەن بۇ يول بەك ئىنچىكە ئىرۇر.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق شائىر ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ بەكمۇ مۇرەككەپلىكى ۋە ئۇنىڭ هاياتى زۆرۈر پەنلەر جۈملىسىدە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. شائىرنىڭ ئۆز ئەسرىدە «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانىدا» دېگەن مەخسۇس پەننى كىرگۈزۈشتىن مەقسەت، بىرىنچىدىن، ئۆز خەلقىنىڭ ئەسرى ئاسترونومىيىلىك ۋە قىسمەن مېتېئولوگىيىلىك كۆزىتىش هەم بايقاش تەجرىبىلىرىگە، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مىللىي پەلەكشۇناسلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش بولسا، ئىككىنچى، ئۆز زامانىسىدىكى ئەشەددى مۇتەئەسسىپ مۇنەججىم هەم ئىلاهىيەتشۇناسلار «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ سىرلىرىنى بىلىش پەقەت ئاللانىڭ ئۆزىگە خاس» دېگەنگە ئوخشاش جاهىلانە پىكىرلىرىنى دەستەك قىلىۋالغان ئەينى چاغدا، ماددىي دۇنيا هەققىدىكى ئۆزىنىڭ هەقلىق پىكىر مۇلاهىزىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بىر ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىشتىن، تەبىئىي پەنلەرنى چەكلەشكە خاتىمە بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى ئەدىبنىڭ تەلقىنىچە ئىككى دۇنيانىڭ ئىشىنى مەقسەتكە مۇۋاپىق ئاقىلانە ئېلىپ بارغۇچىلار يەنىلا بىلىملىك، هەر تەرەپلىمە كامالەتكە يەتكەن ئادەملەردۇر.

4383. بۇ دۇنيا، ئاخىرەت ئىشىنى ئىشەن،
قىلۇر بۇنى ئالىم هېسابلاش بىلەن.

يۈسۈپ خاس هاجىپ خۇددى پروتاگور (مىلادىدىن بۇرۇنقى 480 ~ 410 - يىللار) غا ئوخشاشلا ئىنساننى پۈتۈن كائىناتنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغان ئۇلۇغ كۈچ دەرىجىسىگە كۆتىرىدۇ.

150. بىلىم بەردى ئىنسان زورايدى بۇ كۈن،
ئەقىل بەردى شۇڭا يېشىلدى تۈگۈن.

دېمەك، ئەقىللىق ئىنسان كائىناتنىڭ تۈگۈنلىرىنى بىرمۇ - بىر يېشىشكە ۋە ئۇلارنى ئۆز هاياتى ئېهتىياجلىرىغا ئىشلىتىشكە قابىل هەم قادىردۇر.

ئوتتۇرا ئەسىردە ياشاپ، ئىجاد قىلغان مۇتەپەككۇرلار جۈملىسىدىكى يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ دۇنياغا بولغان كۆز قارىشى، پەلسەپىۋى پىكىر مۇلاهىزىلىرىنى بىر قۇر كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ تەبىئىي ۋە ئېنىق پەنلەرگە بولغان مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ روشەن نامايەن بولىدۇ، شائىر خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلىك ئاسترونومىيىلىك بايقاش ئىش تەجرىبىلىرىگە هەددىدىن زىيادە مۇتەئەسسىپ مۇنەججىم سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى مەلۇم ئىپتىدائىي ساددا ماتېرىيالىست سۈپىتىدە قاراپ، ئۇنى ئىلمىي قىممىتى بار ئۇيغۇر مىللىي كلاسسىك ئاسترونومىيىسىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى تۇنجى مۇقەددىمىسىگە ئايلاندۇرالىغان، ئۇنىڭدىن خەلقىنىڭ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەهرىمەن بولۇشىغا زېمىن هازىرلىغان.

شۇنداقلا ئەدىب تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە بىئو - فىزىك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىش هەم تەتقىق قىلىشتا تەبىئىي پەنلەر جۈملىسىدە ئېنىق پەنلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئەهمىيىتىنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكىنى ئالاهىدە قەيت قىلىدۇ.

4377. يىل، ئاي، كۈن هېسابى بۇلاردىن بولۇر،
كېرەكلىك ئېرۇر بۇ هېساب ئەي جەسۇر.

4389. هەر ئىشتا پايدىلىق ئاۋۋال ئىلىم ئول،
كېيىن قالسا ئىلىم، يەتمەس ئىشقا قول.

دېگەن ئۆگۈت نەسىهەتلىرىگە ئەمەل قىلغان هالدا ئىلىم پەنگە هۆددىگەر بولۇش بىلەن مىللىي پەلەكشۇناسلىقىمىزنى تىكلەشتە يەنىمۇ كۆپ ئىزدىنىشىمىز، ئەجىر سىڭدۈرۈشىمىز لازىم. نۆۋەتتە بۇ تەبىئىي پەنلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىملىرىمىزنىڭ، مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ زىممىسىدىكى قىيىن ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىدۇر.

تەھرىرى: تۇرسۇن هوشۇر ئىدىقۇتى

# سەپسەتە ۋە ئۇنىڭ تىلدىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدا

كۆرەش مەھمۇتجان*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** سەپسەتە — ھەقىقەت بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان بىر خىل ساختا نەزەرىيە. ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەقىقەتنى بۇرمىلاش ۋە ھەقىقەت بىلەن ئورۇن تالىشىشتۇر. بۇ ماقالىدە، سەپسەتىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى ۋە ئۇنىڭ تىلدىكى ئىپادىلىرى 16 جەھەتتىن كۆرسىتىلىپ، سەپسەتىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش ۋە ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：谬论是一种与真理相对立的伪论，其实质是歪曲真理和取代真理。本文分 16 方面阐述谬论的内容、形式及其在语言中的表现，并指明剖析谬论、回归真理的必要性。

**Abstract**: Fallacy is a pseudo-theory contrary to truth, whose nature is to distort the truth and substitute for it. This essay enuciates the components forms and linguistic representation of fallacy in its sixteen chapters and point out necessity of dissecting fallacy and regressing to truth.

سەپسەتە — ئوبيېكتىپ رېئاللىق بۇرمىلانغان ۋە ھەقىقەتكە قارىمۇ قارشى قويۇلغان بىر خىل ساختا، رەزىل قاراش بولۇپ، لوگىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، فورمال لوگىكىنىڭ قائىدە- قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان بارلىق خاتالىق سەپسەتە دەپ ئاتىلىدۇ. سەپسەتە توغرىسىدا ئوخشاشمىغان قاراشلار، چۈشەندۈرۈشلەر ۋە شەرھلەشلەر بار. بۇلاردىن بىرى، سەپسەتە تەپەككۇر ۋە تىلنى ئىپادىلەش جەريانىدا يۈز بېرىدىغان بارلىق لوگىكىلىق خاتالىقلارنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بىرى، ئۇ لوگىكىلىق قانۇنىيەت ۋە لوگىكىلىق قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان بارلىق لوگىكىلىق خاتالىقلارنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۈچىنچى بىر خىلى، پەقەتلا ئىسپاتنىڭ قائىدە- قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان بارلىق خاتالىقلارنى كۆرسىتىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بىز بۇ ماقالىدە، پەقەت سەپسەتىنىڭ تەپەككۇر ۋە تىلدىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدىلا قىسقىچە

* كۆرەش مەھمۇتجان: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ باش مۇھەررىرى، دوتسېنت.

www.uyghurkitap.com

توختىلىمىز.

سەپسەتىنىڭ تەپەككۇر ۋە تىلدىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدا توختىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر ئۇقۇم — نەيرەڭۋازلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر كۆپ ھاللاردا سەپسەتە بىلەن نەيرەڭۋازلىقنى بىر قاتاردا قويىدۇ. دەرۋەقە، بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىزمۇ ئەمەس. بۇ ئىككىسى ئىچكى باغلىنىشلىققا ئىگە. لېكىن ئىككىسى يەنە ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ باغلىنىشلىقى شۇ يەردىكى، نەيرەڭۋازلىق مەلۇم بىر سەپسەتىنى ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا ھەقىقىي دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر نەيرەڭۋازلىق تەۋەلىك جەھەتتىن سەپسەتە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، نەيرەڭۋازلىقتا مەلۇم بىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ، لوگىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن خىلاپلىق قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى سەپسەتە بولسا، لوگىكىلىق قانۇنىيەت ۋە قائىدىلەرگە ئاڭسىز ھالدا خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، نەيرەڭۋازلىق — قەستەنلىك بولسا، سەپسەتە — سەۋەنلىكتۇر. ئەگەر ئىككىسىنى بىر نەرسە دېگەندىمۇ، نەيرەڭۋازلىق سەپسەتە ئىچىدىكى ئەڭ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىكتۇر. قانداقلا بولمىسۇن، نەيرەڭۋازلىق بىلەن سەپسەتىنى پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك. مەلۇم بىر ساختا نەزەرىيە ياكى پىكىر زادى ئۇ نەيرەڭۋازلىقمۇ ياكى سەپسەتىمۇ بۇنى كونكرېت ئەھۋالغا، ئۇلارنىڭ يۈز بېرىشىدىكى مۇددىئا - مەقسىتىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ، كونكرېت تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، نەيرەڭۋازلىق ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان، ھەق - ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان بىر خىل رەزىل، بىمەنە نەزەرىيە، لوگىكىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، نەيرەڭۋازلىق بىر خىل ساختا ئىسپاتتۇر. نەيرەڭۋازلارنىڭ پىكىر قىلىش مېتودولوگىيىسى شۇنىڭ بىلەن خاراكتېرلىنىدۇكى، ئۇلار شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ياكى ئىچكى باغلىنىشىنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئەمەس، بەلكى سۇبيېكتىپ ھالدا كۆزىتىدۇ. ئۇلار يەنە شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىيىتىنى ئەمەس، ئايرىملىق ياكى جۈزئىيلىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. كۆرۈنۈشتىكى تەرەپلىرىنى ئاساس قىلىۋالىدۇ، شۇ ئارقىلىق مەلۇم بىر سەپسەتىنى ھەقىقىي دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش، كۆز بويامچىلىق قىلىش، ساختىپەزلىك بىلەن شۇغۇللىنىش — مانا بۇلار نەيرەڭۋازلارنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىدۇر. ھالبۇكى، ئۇلار كىشىلەر ئاسانلىقچە پەرق ئېتەلمەيدىغان نەزەرىيىلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ساختىلىق ماھىيىتىنى پەردازلايدۇ، ياپىدۇ ياكى ئاقلايدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا سەپسەتە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ تۈرلىرىمۇ خېلى كۆپ، بىز بۇ يەردە پەقەت سەپسەتىنىڭ بىر قەدەر تىپىك بولغان ئىپادىلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلەنمەكچىمىز.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، كۆرسىتىلگەن مىساللارنىڭ كۆپىنچىسى گېزىت - ژۇرناللاردىن، رادىئو - تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىدىن، بىر قىسمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىدىن ئېلىندى. سەھىپە چەكلىمىسى بىلەن مىساللارنىڭ مەنبەسى بېرىلمىدى.

## 1. سۆزنىڭ ئىككى بىسلىق بولۇپ قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان سەپسەتە

سۆزنىڭ ئىككى بىسلىق (ئىككى خىل مەنىلىك) بولۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان لوگىكىلىق مۇجمەللىك خاتالىقى بىر خىل سەپسەتە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) خۇش خەۋەر

ماگىزىنىمىز بۈگۈندىن باشلاپ باھاسى چۈشۈرۈلگەن ئايال - قىزلارنىڭ پوپايكىسىنى ساتىدۇ، خېرىدارلارنىڭ سېتىۋېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

××× شەھەرلىك كىيىم - كېچەك ماگىزىنى.

(2) «بۇ خەت شىنجاڭ داشۆسىدە ئوقۇپ تۇرغۇچى ئابدۇسالام ئابباسنىڭ ئىنىسى ئابدۇرېھىم ئابباسقا تېگىدۇ».

بۇ ئىككى مىسالنىڭ ئالدىنقىسىدا، «باھاسى چۈشۈرۈلگەن» دېگەن ئىنىقلىغۇچى «ئايال - قىزلار»نى ئىنىقلاپ كېلەمدۇ ياكى «پوپايكا»نى ئىنىقلاپ كېلەمدۇ؟ بۇ، ئىككى بىسلىق بولۇپ قالغاچقا، مۇجمەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، كېيىنكى مىسالدىكى «شىنجاڭ داشۆسىدە ئوقۇپ تۇرغۇچى» ئابدۇسالام ئابباسمۇ ياكى ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇرېھىم ئابباسمۇ؟ ئاكا - ئۇكا ئىككىسىدىن زادى قايسىسىنىڭ شىنجاڭ داشۆسىدە ئوقۇيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈش تەس.

سۆزنىڭ ئىككى بىسلىق بولۇپ قېلىش خاتالىقى كۆپىنچە يانداش ئىنىقلىغۇچى بىلەن ھالەت بۆلەكلىرىنىڭ ئورنىنىڭ توغرا بولماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ. «سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ھەر خىل لېي فىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلماقتا» دېگەن مىسالدىمۇ «ھەر خىل» دېگەن ئىنىقلىغۇچى جايىنى تاپالمىغان.

## 2. جۈملىنىڭ ئىككى بىسلىق بولۇپ قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان سەپسەتە

جۈملىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى ئىككى بىسلىق بولۇپ قېلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان لوگىكىلىق خاتالىقمۇ ئوخشاشلا سەپسەتە جۈملىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئۈرۈمچىدىكى 20 نەچچە ئايال زاۋۇت باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

(2) شىخەنزىدە 18 دۆلەت ئىگىلىكى-

www.uyghurkitap.com

دىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى بار. بۇ ئىككى مىسالدىكى جۈملىلەر ئىككى بىسلىق بولۇپ، ئوي - پىكىر ئېنىق ئىپادىلەنمىگەن. ئالدىنقى مىسالنى «ئۈرۈمچىدىكى 20 نەچچە ئاياللار زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى» ۋە «ئۈرۈمچىدىكى 20 نەچچە زاۋۇتنىڭ ئايال باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى» دېگەن ئىككى خىل مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. كېيىنكى مىسالنى «شىخەنزىدە 18 دۆلەتنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدە-دىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى بار» دەپ چۈشىنىشكىمۇ ۋە «شىخەنزىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 18 بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى بار» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. «ئاشكارا قىمار ئويناشنى توسۇش لازىم» دېگەن جۈملىمۇ ئىككى بىسلىق جۈملە ھېسابلىنىدۇ.

## 3. ئۇرغۇ - ئىنتوناتسىيىنى خاتا ئوقۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان سەپسەتە

ئۇرغۇ - ئىنتوناتسىيىمۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىرەر جۈملىنىڭ ئۇرغۇ - ئىنتوناتسىيىسىنى ئۆزگەرتسەك، ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، «ياخشى ئۆگەن داداڭدەك ئىشەك بولما» دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇنى «ياخشى ئۆگەن داداڭدەك» دەپ بىر تىنىۋېلىپ، ئاندىن «ئىشەك بولما» دەپ ئاخىرلاشتۇرساق، بىر خىل مەنىنى ئىپادىلىسە، «ياخشى ئۆگەن» دەپ بىر تىنىۋېلىپ، ئاندىن «داداڭدەك ئىشەك بولما» دەپ ئاخىرلاشتۇرساق يەنە بىر خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ، تىنىش بەلگىسى ئارقىلىق مۇنداق پەرقلەندۈرۈلىدۇ:

(1) ياخشى ئۆگەن داداڭدەك، ئىشەك بولما.

(2) ياخشى ئۆگەن، داداڭدەك ئىشەك بولما.

يەنە بىر مىسال:

(1) بۈگۈن، پراكتىكىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا يىغىن بار.

(2) بۈگۈن پراكتىكىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا يىغىن بار.

## 4. بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان سەپسەتە

ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ياكى خەۋەرسىزلىكىنى ئىسپاتتا ئىسپات ئاساسى قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان لوگىكىلىق خاتالىقمۇ سەپسەتە دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئۇ ئارتىس ئەمەس. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ بىرەر جايدا ناخشا ئېيتقان، ئۇسسۇل ئوينىغان ياكى ساز چالغانلىقىنى كۆرمىگەن.

(2) مەن جىن يوق دېگەن گەپكە ئىشەنمەيمەن. چۈنكى، ھازىرغا قەدەر ھېچكىم جىن يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ چىققىنى يوق.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان سەپسەتىلەردۇر. چۈنكى، بىر كىشىنىڭ مەلۇم بىر ئىشنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەسلىكى پەقەت شۇ

كىشىنىڭلا بىلمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ھەرگىزمۇ شۇ ئىشنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

## 5. ئېچىنىشتىن كېلىپ چىققان سەپسەتە

ئېچىنىش ۋە ئىچ ئاغرىتىشنى ئىسپاتتا ئىسپات ئاساسى قىلىۋېلىشتىن كېلىپ چىققان لوگىكىلىق خاتالىقمۇ بىر خىل سەپسەتىدۇر. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئادۋوكات سوتتا جاۋابكارنى ئاقلىغاندا، دەلىل - ئىسپات ۋە پاكىتلار بىلەن قانۇن ماددىلىرىغا ئاساسەن جاۋابكارنى گۇناھسىز دەپ قارىماي، ئەكسىچە، جاۋابكارمۇ بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئۆيىدىمۇ قېرى - چۆرىلىرى، خوتۇن، بالا - چاقىلىرى بار ئەمەسمۇ دەپ كىشىلەرنىڭ جاۋابكارغا بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغاشقا ئۇرۇنغان. مانا بۇ ئېچىنىشتىن كېلىپ چىققان سەپسەتە ھېسابلىنىدۇ.

## 6. ئىشەنچىنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسى

قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان ئىسپات ئاساسلىرىدىن پايدىلانماي، ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ نام - شۆھرىتى، مەنسەپ - مەرتىۋىسى، سىياسىي - ئىقتىسادىي ئورنى، ئاتاق - ئابرۇيى، تارىخ - ستاژى ياكى خەلق بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى پەش ۋە دەستەك قىلىپ، ئاڭلىغۇچىلاردىن ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە، كۆز قارىشىغا شەرتسىز ئىشىنىشىنى تەلەپ قىلىشتىن كېلىپ چىققان سەپسەتە ئىشەنچىنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسىدۇر. مەسىلەن:

(1) دىلشاتنىڭ سۆزلىگەنلىرى توغرا. چۈنكى، ئۇ بۇ سۆزلەرنى دادىسىدىن ئاڭلىغان. ئۇنىڭ دادىسى ئېھتىياتچان، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئىقتىدارلىق كاتتا شەخس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئورگىنىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

(2) دىئالوگ:

A: سىزنىڭ ھازىرقى سۆزىڭىزدە بىر نۇقتىئىنەزەر خاتا بولۇپ قالدى.

B: نېمە، مېنىڭ نۇقتىئىنەزىرىم خاتا؟ مۇمكىن ئەمەس. مەن دېگەن نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان، نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا تەسىر قوزغىغان، مېنىڭ نۇقتىئىنەزىرىم قانداقسىگە خاتا بولۇپ قالغاي؟! سىزدەك خاتالىق ئۆتكۈزگەن، جازالانغان، يەنە كېلىپ قولىدا ئۇنۋان - دەرىجە كېنىشكىسىنىڭ پۈچىقىمۇ بولمىغان ئادەمنىڭ نەدىمۇ باشقىلارنى تەنقىد قىلىش سالاھىيىتى بولسۇن؟

## 7. مەنپەئەتپەرەسلىكتىن كېلىپ چىققان سەپسەتە

ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختىلىقىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشتىن كېلىپ چىققان لوگىكىلىق خاتالىقمۇ ئوخشاشلا ئىسپاتلاشتىكى سەپسەتە بولىدۇ. بۇ خىل سەپسەتىدە، سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ ئىسپات تېمىسىنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرستىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆزىگە ياكى ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. مەسىلەن، «بەزىلەر ئوقۇتۇشتا سوئال ئامبىرى تەسىس قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، سوئال ئامبىرى تەسىس قىلىنسا، ئوقۇتقۇچىدا ئىمتىھان ئېلىش، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش خوقۇقى بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈش قورالىغىلا ئايلىنىپ قالامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئابرويى، ھۆرمىتى قالمايدۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا، سىلەر زىيان تارتامسىلەر؟».

## 8. ئادەمنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسى

مەلۇم بىر شەخسنى ياكى مەلۇم بىر شەخسنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختىلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىۋېلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان لوگىكىلىق خاتالىق ئادەمنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) دادىسى: بالام تاماكا چېكىشنىڭ زىيىنى ناھايىتى كۆپ، ئازراقمۇ پايدىسى يوق. مەن دېگەن سېنىڭ داداڭ، گېپىمنى ئاڭلا، سەن بىر ئامال قىلىپ تاماكىنى تاشلىۋەت.

بالىسى: دادا، تاماكىنى ئۆزۈڭ چەكسەڭ، ئەجەبا تاماكىنىڭ زىيىنىلا بار، پايدىسى يوق دېمەيدىكەنسەنغۇ!

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دادا بالىسىنىڭ تاماكا چېكىشنىڭ زىيىنىنىڭ بار - يوقلۇقىنى يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن ئىسپاتلىماي، ئۆزىنىڭ دادىلىق سالاھىيىتىنى ئىسپات ئاساسى قىلىشقا ئۇرۇنغان. مانا بۇ دەل ئادەمنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسىدۇر.

(2) مېنىڭچە، بۇ بەش ئوقۇغۇچىدىن ئاسپىرانتلىققا بەختىيارنى تاللىساق. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ دادىسى مەكتەپنىڭ ئىلمىي باشقارمىسىدا مۇھىم خىزمەتتە. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن خىزمەت مۇناسىۋىتىمىز بار، نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمىز. شۇڭا، خىزمەتتە ئۆزىمىزگە قولايلىق يارىتىشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، بۇ ئوقۇغۇچى تاماكا چەكمەيدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ساز - پازلاردىن خەۋىرى بار. فاكۇلتېتتا بەزىدە ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرىمىز ئەمەسمۇ؟ يولداشلارنىڭ مېنىڭ بۇ پىكرىمگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 9. ئايرىملىقنى ئومۇمىيلىق ئۈستىگە دەسسىتىش سەپسەتىسى

ئايرىملىق بىلەن ئومۇمىيلىقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، يەنى ئايرىملىق ئىگە بولغان خاراكتېرگە ئومۇمىيلىقمۇ جەزمەن ئىگە بولىدۇ دەپ قاراش (ياكى ئومۇمىيلىق ئىگە بولغان خاراكتېرگە ئايرىملىقمۇ جەزمەن ئىگە بولىدۇ دەپ قاراش) ئايرىملىقنى ئومۇمىيلىق ئۈستىگە دەسسىتىش سەپسەتىسى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) «ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئەسلىدە بىر دوختۇر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قارىغاندا، مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىدىغان ئوخشايدۇ. قارىمامسىز، چېخوپ ئەسلىدە دوختۇر ئىدى. كونان دويل، لۇشۈن گومورولارمۇ

ئەسلىدە دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن».

(2) «ھازىرقى ياشلار بەكلا قاملاشماي كېتىپ بارىدۇ. بىزنىڭ مەھەللىدىكى بىر قانچە ياشنى ئالساق، ئۇلار كۈن بويى غەيرىي ياسىنىۋېلىپ، بۇرۇت قويۇپ، تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچىپ، لاغايلاپلا يۈرۈشىدۇ، ئۇلاردا غايە، ئىستىقبال دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق.»

3. دىئالوگ:

A: ئالىمجان 95 - يىللىق 2 - سىنىپنىڭ ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىسى.

B: قىزىق گەپ، ئۇ سىنىپ مەكتەپ بويىچە نامى چىققان قالاق سىنىپ تۇرسا، ئۇ سىنىپتىن قانداقسىگە ئالىمجاندەك ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى چىقىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردىن مەلۇمكى، B نىڭ سۆزىدە «ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش» خاتالىقى كۆرۈلگەن. چۈنكى، «ئۇ سىنىپ مەكتەپ بويىچە نامى چىققان قالاق سىنىپ» دېگەندە، بۇ، شۇ سىنىپتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنىڭ بەلگىسى. بۇنىڭ بىلەن شۇ سىنىپتىكى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ قالاق بولۇشى ناتايىن. ئوخشاشلا، مەلۇم بىر سىنىپ «مەكتەپ بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» بولغاندىمۇ، شۇ سىنىپتىكى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلغار بولۇشى ناتايىن، ئالدىنقى ئىككى مىسالدىمۇ ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىق ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. يەنى ئايرىملىق ئومۇمىيلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېتىلگەن.

شۇڭا، ھەر ئىككىسى خاتا.

## 10. ئاڭلىغۇچىلارنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسى

ئىسپاتلاش جەريانىدا پاكىتنى ئاساس قىلماي، لوگىكىلىق ئىسپات ئارقىلىق ئىسپات تېمىسىنى ئىسپاتلىماي، ئەكسىچە، ھاياجانلىق ھېسسىيات، قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان سۆز - جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ، ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنىڭ دىلىنى جەلپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە ئىشەندۈرىدىغان قىلىش مۇشۇ جۈملىگە ياتىدۇ. مەسىلەن، «يېڭى يولتۇز» دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا ھاكىم گورۇڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا پارتكوم شۇجىسى لى شياڭنەنگە مۇشۇنداق ۋاستە بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ، لى شياڭنەن تەرىپىدىن جازالانغان بىر توپ كادىرلارنى يېنىغا تارتىپ، ئۇلارنىڭ چوڭ يەپ، چوڭ ئىچكەن، پارىخورلۇق قىلغان، خىزمەتتە بيوگراتلىق قىلغان تەرەپلىرىنى قىلچە ئېغىزغا ئالماي، ئەكسىچە «لى شياڭنەن پېشقەدەم كادىرلارغا زەربە بەردى، ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلدى» دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ ۋە مۇشۇ ئارقىلىق خاتالاشقان، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان كادىرلارنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتىپ، لى شياڭنەنگە تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. مانا بۇ ئاڭلىغۇچىلارنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 11. كىشىلىك سالاھىيەتكە ھۇجۇم قىلىش سەپسەتىسى

ئىسپات جەريانىدا، قارشى تەرەپكە رەددىيە بەرگەندە ئۇنىڭ كۆز قارىشىغا رەددىيە بەرمەي، ئەكسىچە، ئۇنىڭ سالاھىيىتىگە ھۇجۇم قىلىشمۇ بىر خىل رەزىل سەپسەتىدۇر. بۇنىڭ ئىككى تۈرلۈك ئىپادىسى بار. بىرى، قارشى تەرەپنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئەيىبلىرىگە ھۇجۇم قىلىش. مەسىلەن:

(1) سەن دېگەن تاز، تازنىڭمىنى بىلەمتتى! ؟

(2) ۋاي، ئۇنداق توكۇرنى قويە، توكۇرنىڭ كېپىكىمۇ ئىشەنگىلى بولاتتىمۇ! ؟ يەنە بىرى، قارشى تەرەپنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئەيىبلىرىگە ھۇجۇم قىلىش. مەسىلەن: «سەن دېگەن ئوغرى، دادالڭ تۈرمىدە ياتقان، ئاپاڭ ئۇنداق، ئۇكاڭ مۇنداق ...» دېيىش. يەنە مەسىلەن مۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ: ئاپتوۋۇز بېكىتىدە كىشىلەر ئۆچىرەتتە تۇرغاندا، بىر قىز كېلىپ ئۆچىرەتنى بۇزۇپتۇ. بىر ئىشچى ئۇنىڭغا: «ئۇكام ئۆچىرەتنى بۇزماڭ، كەينىگە بېرىپ ئۆچىرەتتە تۇرۇڭ» دەپتۇ. قىز ئۇنىڭغا: «ھوي، سەت تومپاي، ئۆچىرەتنى سەن باشقۇرىدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ؟ مېنى باشقۇرىمەن دېمەي، ئۆيۈڭگە بېرىپ قېرى خوتۇنىڭنى باشقۇرساڭ بولمىدىمۇ؟» دەپتۇ.

ئومۇمەن، مۇھاكىمە - مۇنازىرىدە، ئىسپات - رەددىيە، تالاش - تارتىشتا قائىدە سۆزلىمەي، قارشى تەرەپنىڭ كىشىلىك سالاھىيىتىگە ھۇجۇم قىلىش ئېغىر لوگىكىلىق خاتالىق (سەپسەتە) بولۇپلا قالماستىن، ئەخلاق - پەزىلەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇ ئۇششۇقلۇقنىڭ، نامەرتلىكنىڭ، چىدىماسلىقنىڭ، ئاجىزلىقنىڭ، رەزىللىكنىڭمۇ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 12. سەۋەب بىلەن نەتىجىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىش سەپسەتىسى

سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدە سەۋەبنى نەتىجە، نەتىجىنى سەۋەب دەپ قاراش سەۋەب نەتىجىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىش سەپسەتىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، سىبىرىيىلىكلەر «ساغلام ئادەمدە پىت پەيدا بولىدۇ، كېسەل ئادەمدە پىت بولمايدۇ» دەپ قارىغان. ئۇلار مۇشۇ خىل قاراشقا ئاساسەن، «پىت ئادەمنى ساغلام قىلىدۇ» دەپ يەكۈن چىقارغان. ئەمەلىي ئەھۋال قانداق؟ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، ئادەمنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلىگەندە ھەتتا پىتمۇ ئارامسىزلىنىپ كېسەل ئادەمدىن قاچىدىكەن. شۇڭا، سالامەتلىكنىڭ ياخشى بولماسلىقى پىتنىڭ ئادەمدىن قېچىشىنىڭ سەۋەبى دېيىش كېرەككى، سىبىرىيىلىكلەردەك سەۋەب - نەتىجىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىش سەپسەتىسىلىك كېرەك. يەنە مەسىلەن، «ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغاندىلا، ماددىي تۇرمۇش ياخشىلىنىدۇ» دېيىش كېرەكمۇ ياكى «ماددىي تۇرمۇش ياخشىلانغاندىلا، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ» دېيىش كېرەكمۇ؟ بۇنىڭدا قايسىسى سەۋەب، قايسىسى نەتىجە؟ ئەلۋەتتە «ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغاندىلا، ماددىي تۇرمۇش ياخشىلىنىدۇ» دېيىش كېرەك. ئۇنداق بولماي، «ماددىي تۇرمۇش ياخشىلانغاندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ» دېيىلسە، روشەنكى، بۇ سەۋەب بىلەن نەتىجىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىش سەپسەتىسى بولىدۇ.

## 13. مېخانىكىلىق سېلىشتۇرۇش سەپسەتىسى

سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان يەكۈن گەرچە مۇقەررەرلىككە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئۇسۇل كىشىلىك تۇرمۇش ۋە مۇناسىۋەتتە يەنىلا

قوللىنىلىدۇ. لېكىن مەسىلىلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئىسپاتلاش جەريانىدا، ماھىيەتلىك تەرەپلەر سېلىشتۇرۇلماي، مېخانىكىلىق سېلىشتۇرۇش يەنى بىر تەرەپلىمىلىك ياكى يۈزەكى سېلىشتۇرۇش قوللىنىلسا، روشەنكى، بۇنىڭدىن سەپسەتە ۋە بىمەنىلىك شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، بىر دوختۇرنىڭ بالىسى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەپتۇ. دادىسى ئۇنىڭدىن سورىغاندا، ئۇ يالغان گەپ قىلىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتتۇم دەپتۇ. كېيىن دادىسى ئۇنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئاچچىقى بىلەن: «ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ نېمىشقا ئۆتتۇم دەپ يالغان گەپ قىلىسەن» دەپ سورىغاندا، بالىسى: «دادا، سىزمۇ ھەمىشە كېسەللىرى ئېغىر ئادەملەرگە ‹كېسىلىڭىز ئېغىر ئەمەس› دەپ يالغان گەپ قىلىسىزغۇ» دەپتۇ.

مانا بۇ مېخانىكىلىق ھالدا بىر تەرەپلىمىلىك ياكى يۈزەكى سېلىشتۇرۇشتىن كېلىپ چىققان سەپسەتە. بالا دادىسىنىڭ كېسەل كىشىلەرگە تەسەللىي بېرىش يۈزىسىدىن ئېيتقان يالغان گەپلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ دادىسىغا دېگەن يالغان گېپىنىڭ يوللۇقلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان.

تۆۋەندىكى ئىككى مىسالدا «مېگە» بىلەن «ماشىنا»، «دادا» بىلەن «بالا» سېلىشتۇرۇلۇپ يەكۈن چىقىرىلغان. ھالبۇكى، بۇ خىل سېلىشتۇرۇش مېخانىكىلىق سېلىشتۇرۇش بولۇپ، يەكۈنى خاتا. يەنە كېلىپ بۇ خىل سېلىشتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق مەنتىقىلىقى يوق.

(1) مېگە كۆپ ئىشلىتىلسىمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ. چۈنكى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، ئادەم مېڭىسىمۇ بىر خىل ماددا، خۇددى ماشىنا ئۇزاق ئىشلىتىلسە ئۇپرىغانغا ئوخشاش، ئادەم مېڭىسىمۇ كۆپ ئىشلىتىلسە ئۇپرايدۇ.

(2) دىئالوگ:

A: دادا بىلەن بالىدىن قايسىسى ئەقىللىق؟

B: ئەلۋەتتە بالىسى دادىسىدىن ئەقىللىق، ئالايلۇق، «نىسپىيلىق نەزەرىيىسى» نى ئېينشتېيننىڭ دادىسى ئەمەس، بەلكى ئېينشتېيننىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان.

A: خاتا دېدىڭ، دادىسى بالىسىدىن ئەقىللىق، چۈنكى، «نىسپىيلىق نەزەرىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويغان دەل ئېينشتېيننىڭ ئۆزى، ئېينشتېيننىڭ بالىسى ئەمەس.

## 14. نەقىلنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسى

باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن، تارىخىي يازمىلاردىن، ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن ۋە باشقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مۇۋاپىق نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ ھەم بۇنىڭغا يول قويۇلىدۇ. ئەمما، باشقىلارنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرگەندە، تارىخىي شارائىت، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە كونتېكىستنى نەزەرگە ئېلىش لازىم. ئۇنداق قىلماي، ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قارىغان يەرلەرنى ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ قۇراشتۇرۇپ، ئۆزىگە پايدىسىز يەرلەرنى قالدۇرۇپ نەقىل كەلتۈرسە ياكى نەقىلنىڭ روھىي ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ قوبۇل قىلسا، بۇنىڭدىن سەپسەتە شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، بىر خىزمەتچى خىزمەتكە كېچىكىپ بېرىپتۇ. بىرەيلەن ئۇنىڭغا: «نېمىشقا كېچىكىپ كېلىسىز؟ ئەمدى تەنقىدلىنىدىغان بولدىڭىز» دەپتۇ. ئۇ: «تەنقىد قىلسا قىلسۇن، مەن تەنقىدتىن قورقمايمەن» دەپتۇ، «نېمە ئۈچۈن تەنقىدتىن قورقمايسىز؟» دېسە، ئۇ: «مەن

دېگەن كوممۇنىستلار، كوممۇنىستلار تەنقىدتىن قورقامدىكەن!؟ ،ئاۋجۇشى: (كوممۇنىستلار تەنقىدتىن قورقمايدۇ) دېگەن ئەمەسمۇ؟!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مانا بۇ قىپيالىڭاچ سەپسەتە بولۇپ، ئۇنىڭدا نەقىلنىڭ روھىي ماھىيىتى پۈتۈنلەي بۇرمىلىنىپ ئىشلىتىلگەن.

## 15. پىكىردىكى زىددىيەتتىن شەكىللىنىدىغان سەپسەتە

سۆز قىلغاندا، مۇنازىرە - مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندا، ماقالە - ئەسەر يازغاندا، نەزەرىيە ۋە تەلىمات تىكلىگەندە، ئەگەر بۇلار زىددىيەتلىك پىكىرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالسا، يەنى بۇلاردا بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان مۇئەييەنلەشتۈرۈش كۆرۈلسە، ئۇ ھالدا، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە لوگىكىلىق قايىل قىلىش كۈچىنى يوقىتىپلا قالماستىن، يەنە كۈلكىلىك سەپسەتە شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئېلان

بۇ سىم تاناپقا تېگىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. 500 ۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق سىمغا كىم تەگسە، شۇ ھامان ئۆلىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىغا جەرىمانە قويۇلىدۇ.

××× ئېلېكتر ئىستانسىسى بىخەتەرلىك بۆلۈمى

بۇ ئېلاننىڭ مەزمۇنى زىددىيەت بىلەن تولغان. چۈنكى، 500 ۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق سىمغا تېگىپ شۇ ھامان ئۆلگەن ئادەمگە جەرىمانە قويۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر جەرىمانە قويۇش مۇمكىن بولسا، «ئۇنىڭغا تەگسىلا، شۇ ھامان ئۆلىدۇ» دېگىنى يالغان.

يەنە تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

(1) «كلاسسىك ئەسەرلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە، تارىخىزملىق نۇقتىئىنەزەر ھەم سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلى بولۇشى كېرەك. بىز ھازىرقى زامان نەزەرى بىلەن كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانلىرىنى باھالىماسلىقىمىز كېرەك. ئەمما، بىز يەنە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانلىرىنى ھازىرقى زامان نەزەرىمىز بىلەن تەھلىل قىلمايمۇ تۇرالمايمىز».

(2) بىر تىلشۇناس ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئەسىرىدە، باشتا: «ھەربىر سۆزنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى پەقەت جۈملە ئىچىدىلا بېكىتكىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ دېگەنلىك، جۈملىسىز سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى تەۋەلىكىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ دېگەنلىك، بىراق مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، باشتا ئېيتقان نەزەرىيىسىنى چەتتە قالدۇرۇپ: «قۇياش»، «كۈۋرۈك»، «كىتاب» دېگەنلەر ئىسىم تۈركۈمىگە، «ئىللىق»، «ئۇزۇن» دېگەنلەر سۈپەت تۈركۈمىگە ... ۋەھاكازا دەپ ئېيتقان. بۇ دېگەنلىك، جۈملىسىزمۇ سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى تەۋەلىكىنى بېكىتكىلى بولىدۇ دېگەنلىك، شۇنداق قىلىپ سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى تەۋەلىكى مەسىلىسىدە «سۆزنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى پەقەت جۈملە ئىچىدىلا بېكىتكىلى بولىدۇ» بىلەن «سۆزنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى جۈملىدىن ئايرىپمۇ بېكىتكىلى بولىدۇ» دېگەن روشەن لوگىكىلىق زىددىيەتلىك نەزەرىيە كېلىپ چىققان.

## 16. ئۇقۇمنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ۋە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش سەپسەتىسى

ئەينى بىر پىكىر جەريانىدا، ئىشلىتىلگەن ھەربىر ئۇقۇم باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەينەنلىكىنى (تۇراقلىق مەزمۇنى ۋە ھەجىمىنى) ساقلىشى كېرەك. ئەگەر بۇ تەلەپكە خىلاپلىق قىلىنسا، ئۇقۇمنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ياكى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش سەپسەتىسى شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل سەپسەتە ياكى خاتالىق كۆپىنچە، پىكىر قىلىش جەريانىدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى پەرقلەندۈرمەي ئىستېمال قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، «ھازىر بەزى گېزىت - ژۇرناللاردا ئوغۇل بالىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىزغىن مۇنازىرە قانات يايدۇرۇلدى. بەزىلەر مۇنازىرە قىلىپ مۇنداق دېيىشتى: 〈ئوغۇل بالا ھەرگىزمۇ يارىماس بولماستىن، بەلكى غايىلىك، ئىرادىلىك، جاسارەتلىك ۋە قاتتىق ئۇستىخانلىق ئەردۇر، ئۇ باتۇر، قەيسەر، كۈچلۈك قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان ئىسىم〉. ئەپسۇسكى، ھازىر ئېلىمىزدە ئوغۇل بالا بەك ئاز، بېيجىڭ شەھىرىنىلا مىسالغا ئالساق، ئونمىڭلىغان قىزلار يىگىت تاپالمايۋاتىدۇ، بىراق، نوپۇس تەكشۈرۈش ۋاقتىدىكى ستاتىستىكىلىق سانلار كۆرسەتتىكى، ئوغۇللار بىلەن قىزلارنىڭ نىسبىتى ھەرگىزمۇ تەڭسىز ئەمەس. دېمەك، ئېلىمىزنىڭ ئوغۇللىرى ئاز ئەمەس، گەپ ئۇلارنىڭ تارقىلىشىنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىدە بولسا كېرەك».

بۇ ئابزاستا «ئوغۇل» سۆزى بىرقانچە يەردە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، دەسلەپتە ئۇ «مەردلىك»، «ياراملىق» مەنىسىدە قوللىنىلغان بولسا، كېيىنكى جۈملىلەردە باشقىچە مەنىدە، يەنى «ئەر جىنس» مەنىسىدە قوللىنىلغان. نەتىجىدە، ئەينى بىر تەپەككۇر جەريانىدا «ئوغۇل» سۆزى ئۆزىنىڭ مەنە ۋە ھەجىم جەھەتتىكى ئەينەنلىكىنى يوقىتىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىش تەس بولۇپ قالغان.

ئۇقۇمنى ئالماشتۇرۇۋېتىش خاتالىقى كۆپرەك تېمىدىن چەتنەپ كېتىش، گەپنى باشقا يەرگە ئېپقېچىش، كاللا دېسە، پاچاق دېيىش، لىڭگىر تاقتاقلىق ۋە تايىنسىزلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر نوپۇزلۇق كىتابتا ئەلشىر ناۋائىنىڭ مىللەت تەۋەلىك مەسىلىسى مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئەلشىر ناۋائىنى بەزىلەر ئۆزبېك دەيدۇ، بەزىلەر ئۇيغۇر دەيدۇ، بەزىلەر ئافغانىستانلىق دەيدۇ، يەنە بەزىلەر چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئادىمى دەيدۇ. مېنىڭچە، ئەلشىر ناۋائىنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئادىمى دېيىش بىر ئاز توغرا. چۈنكى بىرىنچىدىن، ئەلشىر ناۋائى موڭغۇل - چاغاتاي خان جەمەتىدىكى بەراس ئۇلۇسىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، دادىسى غىياس سەبزەبەرنىڭ زۇڭدۇسى بولغان. ئىككىنچىدىن، ناۋائى مىلادىنىڭ 1441 - يىلى خۇراساننىڭ ھىرات شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1501 - يىلى مۇشۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇ 60 ياشلىق ھاياتىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن. ھىرات XV ئەسىردە ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىشىنىڭ مەركىزى بولغان. ئەلشىرنىڭ بۈيۈك شائىر بولۇپ يېتىشىشى ھىراتتىن ئىبارەت مۇشۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئوبيېكتىپ شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھىرات بولسا، ئافغانىستانغا تەۋە، لېكىن بۇ يەر ئوتتۇرا ئەسىردە تۈركلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى، XV ئەسىردە ئاندىن بۇ يەر چاغاتاي خانلىقىغا قارام بولغان. شۇڭلاشقا، ناۋائىنى ئۆزبېك دەپ قاراشقا بولمايدۇ، يەنە ئۇنى ئۇيغۇر دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، ئافغانىستانلىق دېيىش تېخىمۇ ئاقمايدۇ،

ئۇنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئادىمى دېيىش كېرەك».

ناھايىتى روشەنكى، ئەلشىر ناۋائىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدىكى يۇقىرىقى ئىسپاتلاش سېپى ئۆزىدىن سەپسەتىدۇر. چۈنكى، بۇ خىل ئىسپاتتا «مىللەت»، «سىياسىي ھاكىمىيەت»، «يەر - جاي» ئۇقۇملىرى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. مەزكۇر كىتابتا ئېيتىلغان «چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئادىمى» دېگەن بۇ بەلگە ناۋائىنىڭ مىللىتى ئەمەس، بۇ پەقەت ناۋائىنىڭ سىياسىي - مەمۇرىي تەۋەلىكىنىلا كۆرسىتىدۇ، خالاس. ئومۇمەن، يۇقىرىقى بايانلار بىلەن ئەلشىر ناۋائىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئىسپاتلاپ چىققىلى بولمايدۇ.

يەنە بىر مىسال:

يېرىم كېچىدە، ئوغرى بىر ماگىزىنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ مال ئوغۇرلاۋاتقاندا، تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ھۆكۈم قىلىنىدىغان كۈنى سوتچى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەن نېمىشقا يېرىم كېچىدە ماگىزىنىنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ كىرىسەن؟

— سوتچى ئەپەندى، دەپتۇ ئوغرى ئۆزىنى ئاقلاپ، — مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىم ماگىزىن ئالدىغا چاپلانغان ئېلانغا قىلچە مۇخالىپ كەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا: «قارشى ئالىمىز! مال ئالامسىز، ئالمامسىز ئىختىيارىڭىز، خالىغان چاغدا ماگىزىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز» دەپ يېزىلغانىكەن.

دېمەك، بۇ بىر ئابزاست بايانىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوغرى ماگىزىن ئالدىغا چاپلانغان ئېلاندىكى «خالىغان چاغدا ماگىزىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز» دېگەن جۈملىدىن پايدىلىنىپ، «ئۇقۇمنى ئالماشتۇرۇۋېتىش» نەيرىڭىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان.

تەپەككۇر ۋە تىلنى ئىپادىلەش جەريانىدا يۈز بېرىدىغان سەپسەتىنىڭ يەنە ھەر خىل ئىپادىلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. سەپسەتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە ئۇنى پاش قىلىش، سەپسەتىگە قارشى كۆرەش قىلىش، نەزەرىيە جەھەتتىن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. شۇڭا، بىز تەپەككۇر ۋە تىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ياخشى ئىگىلەپ، سەپسەتە ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاشقا، ھەقىقەتكە يېتىش ۋە ئۇنى قوغداشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


(1) «ئومۇمىي لوگىكا» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

(2) «ئومۇمىي لوگىكا» شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

(3) «ئومۇمىي لوگىكىدىن كونسۇلتاتسىيە» شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1993 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

(4) «ئومۇمىي لوگىكا» شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1996 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

(5) «لوگىكا لۇغىتى» جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

(6) ئاپتورنىڭ «كونتېكىست ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ھەققىدە» («شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 - يىللىق ئۇيغۇرچە 1 - سان) ناملىق ماقالىسى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ

## 1. ئۈرۈمچى شەھىرى

مۇھەممەت ئوسمان*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تۇتقان ئورنى، ئاھالىسى، دائىرىسى، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالى، مەشھۇر سەيلىگاھلار بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**摘要**：本文详细介绍乌鲁木齐在新疆维吾尔自治区的地位、人口、面积、经济、科技、教育、卫生事业的发展以及著名旅游景点。

**Abstract**: The article elaborates on the population, oremines, area. natioal economy, sience and technology, education, the development of health cause and famous scenic spots of Urumqi as well as its position in Xinjiang Uighur Autonomous Reion.

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تەڭرىتاغ تىزمىسى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا سوزۇلۇپ ياتقان بولۇپ، شىنجاڭنى شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ جۇغراپىيىلىك رايونغا بۆلۈپ تۇرىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا يەنە مەشھۇر ئالتاي تاغ تىزمىسى، جۇڭغار ئويمانلىقى بار. جەنۇبىي شىنجاڭدا مەشھۇر قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسى، تارىم ئويمانلىقى بار. شىنجاڭ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقانلىقى، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراقلىقى، ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرغانلىقى سەۋەبلىك، ئۆزگىچە ھاۋا كىلىماتى شەكىللەنگەن. مانا شۇ ئۆزگىچە ھاۋا كىلىماتى شارائىتىدا ئۆزىگە خاس ئۆسۈملۈك، ھايۋانات، مېۋە - چېۋە، زىرائەت تۈرلىرى يېتىشىپ چىققان. مەشھۇر تاغ تىزمىلىرى ۋە ئويمانلىقلاردا مول كان بايلىقلىرى ساقلانغان بولۇپ، بۇلارمۇ سان ۋە سۈپەت جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار، تارىخىي ئاسارئەتىقە- لەر بولۇپ، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنى جەلپ قىلىپ تۇرماقتا. پارتىيە ۋە خەلق

---

• مۇھەممەت ئوسمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، «شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» ستراتېگىيىلىك نىشانىنى بەلگىلەپ، سودا كېڭەيتىش يىغىنلىرى ئېچىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كۆپلەپ خېرىدار چاقىرىپ، شىنجاڭنى دۇنياغا، دۇنيانى شىنجاڭغا تونۇتتى. بىزمۇ ژۇرنىلىمىزدا 1997 - يىل 1 - سانىدىن باشلاپ، شىنجاڭنى تونۇشتۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان «گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ» سەرلەۋھىلىك مەخسۇس سەھىپە تەسىس قىلدۇق. بۇنىڭدا مەلۇم بىر مەمۇرىي رايوننى بىرلىك قىلغان ئاساستا، شۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى، كان بايلىقلىرى، مەشھۇر سەيلىگاھ ۋە قەدىمىي ئاسار ئەتىقىلەرنى بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرماقچىمىز، بۇ ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىكنى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردىن خەۋەردار قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي شارائىتى ئەۋزەللىكلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقچىمىز.

ئۈرۈمچى شەھىرى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى. ئۇ تەڭرىتاغ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرق تەرىپى تۇرپان شەھىرى بىلەن، غەربىي شىمال تەرىپى جىمسار ناھىيىسى بىلەن، شىمال تەرىپى فۇكاڭ، مىچۈەن ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى تودۇنخې دەرياسى ئارقىلىق سانجى شەھىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، جەنۇب تەرىپى تەڭگىر تېغى، قارا تاغ ئارقىلىق خېجىڭ (خوتۇنسۇمول) ۋە توقسۇن ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شەھەرنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 190 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 120 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى 11 مىڭ 440 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 0.68% تىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى مال ئالماشتۇرۇش مەركىزى بولۇشتەك ئەۋزەل ستراتېگىيىلىك ئورنى تارىختا كۆچمە چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۈرۈمچىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۈرۈمچى خەن دەۋرىدە غەربىي دىياردىكى 36 بەگلىكنىڭ ئالدى قۇش ۋە ئارقا قۇش بەگلىكلىرىگە قارىغان. جىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تېلى (تۆلۈس) لارغا قارىغان، كېيىن ئاۋارلار تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغان. شىمالىي جۇ زامانىدا تۈركلەرگە قارىغان. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىغان، ئۈرۈمچى بىر قەدەر روناق تاپقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغار توپىلىڭىنى تىنجىتقاندا قەدىمكى شەھەر ئورۇشتا ۋەيران بولغان. چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ شەرقىدە قورغان سالغان، چيەنلۇڭ 28 - يىلى (1763 - يىلى) يەنە كونا شەھەرنىڭ شىمالىدا، ھازىرقى قىزىلتاغ (خۇڭشەن) نىڭ جەنۇبىدا يېڭى شەھەر سېلىنىپ، ئۇنىڭغا خەنزۇچە «دىخۇا» دەپ نام بېرىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ، «دىخۇا» يەنى ئۈرۈمچى ئۇنىڭ مەركىزى قىلىنغان. 1945 - يىلى ئۈرۈمچى رەسمىي شەھەر قىلىپ بېكىتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1954 - يىلى «دىخۇا» دېگەن نام ئۈرۈمچىگە ئۆزگەرتىلىپ، قەدىمكى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرىگە يەتتە رايون (تيانشان رايونى، سايباغ رايونى، يېڭى شەھەر رايونى، شۈيمگو رايونى، تودۇنخابا رايونى، نەنسەن كان رايونى ۋە دۇڭشەن رايونى)، بىر ناھىيە (ئۈرۈمچى

ناھىيىسى) ، بەش دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە بىر فېرما قارايدۇ.

شەھەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 379 مىڭ 327 نەپەر بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 8.59% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە ئۇيغۇرلار 173 مىڭ 788 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 12.60% نى تەشكىل قىلىدۇ، قازاقلار 39 مىڭ 889 نەپەر بولۇپ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 2.89% نى تەشكىل قىلىدۇ، خەنزۇلار 1مىليون7478 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 73.04% نى، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 11.47% نى تەشكىل قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان شەھەر نوپۇسى 1 مىليون 129 مىڭ نەپەر بولۇپ، شەھەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 81.85% نى، يېزا ـ قىشلاق نوپۇسى 18.15% نى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر كۋادرات كىلومېتىرغا 120.5 ئادەم توغرا كېلىدۇ (1993 ـ يىل).

ئۈرۈمچى شەھىرى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا ۋە ئۇچۇر مەركىزى، شۇنداقلا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن باغلايدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى. مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ھالدا سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەرنىڭ بىرى.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئۈرۈمچى دەريا ۋادىسىنى ئاساس قىلغان تاغ ئالدى ئولتۇرۇشما بەلباققا جايلاشقان بولۇپ، شەرق، جەنۇب ۋە غەربتىن ئىبارەت ئۈچ تەرىپى تاغلار بىلەن ئورالغان. شىمال تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىك جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شەرق تەرىپىدە بوغدا تېغى، جەنۇبىدا قارا تاغ ۋە تۆگە داۋان تېغى، غەربتە سارداۋان تېغى بار. شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا داۋانچىڭ — سايىپۇ تاغ ئارىسى ئويمانلىقى بار. يەر ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا، شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي شىمال قىسمى ئېگىز، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمى پەس بولۇپ، شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قاراپ تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ. ئەڭ ئېگىز جاي ھېسابلانغان بوغدا چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5445 مېتىرغا بارىدۇ، تىنچلىق ئۆستەڭنىڭ مۈڭجىڭ سۇ ئامبىرىغا قويۇلىدىغان يېرى ئەڭ پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 490.6 مېتىر كېلىدۇ، گورىزونتال ئارىلىقى 75 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ ئىككى جاينىڭ ئېگىزلىك پەرقى 4954.4 مېتىرغا بارىدۇ. شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەھەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 850 مېتىر كېلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولۇپ، يەر شەكلىنىڭ ھەر خىل تىپلىرى تېپىلىدۇ. تاغلىق رايون ئۈرۈمچى يەرمەيدانىنىڭ 58.18% نى، تۈزلەڭلىك 22.92% نى، ئېدىرلىق 9.31% نى، قۇم ـ شېغىللىق چۆل 9.59% نى تەشكىل قىلىدۇ. تاغلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3500 مېتىردىن يۇقىرى بولغان قىسىملىرىدا يىل بويى قار ـ مۇزلار ساقلىنىپ تۇرىدۇ، مۇزلۇقلىرىنىڭ مەيدانى 164 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەسىدە چوڭ ـ كىچىك 46 دەريا ـ ئېقىن بولۇپ، ئۇلار ئۈرۈمچى دەرياسى، تۇدۇنخابا دەرياسى، بەيياڭگۇ دەرياسى ۋە سايىپۇدىن ئىبارەت تۆت چوڭ سۇ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇلاردىن باشقا يەنە ئالغوي سۇ سىستېمىسىمۇ بار. دەريا ـ ئېقىنلىرى ئېقىن يولى قىسقا، سۇ مىقدارى ئاز ھەم تارقاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ دەريالارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 917 مىليون كۇپ مېتىر، سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى 185 مىڭ كىلوۋات. شەھەر تەۋەسىدە چوڭ ـ كىچىك تۇز كۆلىدىن ئىككىسى، سۈيىنى ئىچىشكە بولمايدىغان لېكىن بېلىق بېقىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان سايىپۇ كۆلى بار. بۇ كۆللەر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سايىپۇ ئويمانلىقىغا جايلاشقان، ئومۇمىي مەيدانى 68 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە شەھەر تەۋەسىدە سۇ مەنبەلىرىنى تەڭشەپ بېرىدىغان چوڭ ـ كىچىك سۇ ئامبارلىرىدىن 10 ى بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمى 122 مىليون كۇپ مېتىرغا بارىدۇ.

يەر ئۈستى سۇ بايلىقى چەكلىك بولغان ئۈرۈمچى شەھىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، يەر ئاستى سۈيىمۇ مۇھىم سۇ مەنبەلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ھازىر يىلىغا يەر ئاستىدىن 161 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېلىنىدۇ.

ئۈرۈمچىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىمات تىپىغا كىرىدۇ. ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىللىق ۋە سوتكىلىق پەرقى بىر قەدەر چوڭ، ھۆل - يېغىنى ئاز، قىش پەسلى ئۇزۇن ھەم سوغاق، ياز پەسلى قىسقا ھەم ئىسسىق، ئەتىياز پەسلى تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشچان ھەم كۆپ بورانلىق، كۈز پەسلى قىسقا ھەم سالقىن، قىروسىز مەزگىلى قىسقا، كىلىماتىنىڭ ئىچكى پەرقى روشەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئادەتتە تاغلىق رايونلىرىدا تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلمايدۇ، پەقەت ئىللىق پەسىل بىلەن سوغاق پەسىلگە ئايرىلىدۇ، باشقا رايونلىرىدا تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلسىمۇ، لېكىن تۆت پەسىلنىڭ تەقسىملىنىشى تەڭلەشمەيدۇ. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى شىمالى قىسمىدىكى تۈزلەڭلىكتە 25.6℃ غا، شەھەر رايونىدا 23.5℃ غا، جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغ رايونىدا 8.5 ~11.5℃ غا بارىدۇ، دېمەك، ياز پەسلىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالى ئىسسىق، جەنۇبى سالقىن كېلىدۇ. 1- ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى شەھەر رايونىدا 15.4℃— بولۇپ، شىمالىي قىسمى بىلەن ئانچە پەرق قىلىپ كەتمەيدۇ، لېكىن جەنۇبىي قىسمىنىڭ 1 - ئايلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى شىمالىي قىسمىنىڭكىدىن 4℃ ئەتراپىدا يۇقىرى بولىدۇ. دېمەك، قىش پەسلىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالى نىسبىي ئىللىق كېلىدۇ. سوتكىلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10℃ غا تەڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولىدىغان جۇغلانما تېمپېراتۇرا شەھەرنىڭ شىمالىدا 3100℃ دىن يۇقىرى، جەنۇبىدا 2500℃ دىن تۆۋەن بولىدۇ. قىروسىز مەزگىلمۇ ئوخشاشلا پەرقلىنىپ، شىمالدا 170 كۈنگە، ئوتتۇرا قىسمىدا 160 كۈنگە بېرىپ، جەنۇبىي قىسمىدا 120 كۈندىن تۆۋەن بولىدۇ. ھۆل - يېغىن مىقدارى شەھەر تەۋەسىدە روشەن پەرق قىلىدۇ، تارقىلىش قانۇنىيىتى ئومۇمەن تاغلىق رايونلاردا كۆپ، تۈزلەڭلىكلەردە ئاز، جەنۇبىدا كۆپ، شىمالىدا ئاز بولۇپ، شىمالىي قىسمىدا 200 مىللىمېتىردىن تۆۋەن، شەھەر رايونىدا 270 مىللىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە، جەنۇبىي قىسمىدا 500 مىللىمېتىردىن يۇقىرى بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەتتە چوڭ شامالLIQنىڭ بىرى بولغان ئۇلانباي - سايپۇ - داۋانچىڭ شامالLIQى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، بۇ شامالLIQتا شامال كۈچى سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران چىقىدىغان ۋاقىت 140 كۈندىن ئاشىدۇ. كۆپرەك ئەتىياز ۋە ياز پەسلىگە مەركەزلەشكەن، بۇ شامالLIQنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى 6.2m/s، ئۈنۈملۈك شامال ئېنېرگىيىسى 2000 — 3000KW. h/m²a بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە شامال ئېنېرگىيىسى پايدىلىنىش قىممىتى ئەڭ يۇقىرى جاي ھېسابلىنىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەسىدىكى ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈرى كۆپ، بايلىقى مول، دورا ئورنىدا پايدىلىنىدىغان ئاساسلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئەنجۇدان، سوغىگۈل، ئالىقات، قان تېپەر، يەر مەدىكى، قارلەيلىسى، چاكاندا قاتارلىقلار بار. ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى 300 خىلدىن ئاشىدۇ. ياۋايى ھايۋانلىرىدىن سۇغۇر، بۆرە، تۈلكە، ئېيىق، قارا تايغان بۇغا، قار يىلپىزى، جەرەن، ياۋا تۆگكۈز، ئارقار قاتارلىقلار بار.

ئۈرۈمچىنىڭ كان بايلىقى مول، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرى كۆپ. ھازىرغىچە ئېنىقلانغانلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، ھاك تېشى، گەج، سىلانتىس، مىس، ئالتۇن، نېفىت، تەبىئىي گاز، فوسفور، ئاش تۇزى ۋە مىرابىلىت قاتارلىقلار بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆمۈر ئەڭ كەڭ تارقالغان بولۇپ، زاپىسى تەخمىنەن 9 مىليارد توننىغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ تۈرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، كۆمۈرلۈش قەۋىتى نېپىز، قېزىپ ئېلىشقا ئەپلىك، كۆمۈر قەۋىتىنىڭ كۆمۈرلۈش قېلىنلىقى 900 مېتىرغا بارىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئۇنىۋېرسال سانائەت شەھىرى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم سانائەت بازىسى. ئىگىلىكىدە سانائەت ئاساسىي ئورۇندا، يېزا ئىگىلىكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھازىر مېتاللورگىيە، ماشىناسازلىق، كۆمۈر، نېفىت خىمىيە، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتر. ئېنېرگىيە، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائەت، كۆن - خۇرۇم ۋە يېمەكلىكلەر سانائىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇكەممەل سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ھازىر شەھەر رايونىدا شەھەرگە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرى 970 كە يېتىپ، ئۇلارنىڭ ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %24.90 نى ئىگىلىدى. 1993-يىللىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە سانائەت مەھسۇلاتقىممىتىنىڭئىگىلىگەننىسبىتى%96.22 كە يەتكەن. بۇ، شەھەرنىڭ 1949 - يىلىدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىن 2542 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە يېنىك سانائەت %35 نى، ئېغىر سانائەت %65 نى ئىگىلەيدۇ. سانائەت مەھسۇلات قىممىتىدە ئېنېرگىيە مەنبە، ماشىناسازلىق ۋە توقۇمىچىلىق سانائەتلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، %60 نى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، شەھەرنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا سانائەت مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، سانائەت قۇرۇلمىسىدا ئېغىر سانائەتنىڭ سالمىقى خېلى يۇقىرى بولۇپ، سانائەت ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ۋە يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ مۇھىم مەنبىيىگە ئايلانغان.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىگە ئىگە كۆپ خىل يېزا - قىشلاق كەسپىي ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ماشىنىلىشىش ۋە مەخسۇسلىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىدا دېھقانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق ۋە ئورمانچىلىق ئىگىلىكى قوشۇمچە قىلىنىدۇ. پۈتۈن شەھەر تەۋەسىدە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان، يۈرۈشلەشكەن زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش گەۋدىسى شەكىللەنگەن. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى ئۇنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە %3.78 نى ئىگىلەيدۇ، سالمىقى ھەقىقەتەن تۆۋەن. لېكىن ئاھالىسى كۆپ سانائەت شەھىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ شەھەر ئىگىلىكىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، شەھەر ئاھالىسىنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەپ، شەھەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەسىدە دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان يېرى 77مىڭ 792 گېكتار بولۇپ، شەھەر ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %6.8 نى تەشكىل قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 36 مىڭ 447 گېكتار. بۇ دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان يېرىنىڭ %46.85 نى ئىگىلەيدۇ. ئەمەلىي تېرىقچىلىق يېرى 28 مىڭ 940 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىدىغان يېرىنىڭ مەيدانى 16 مىڭ 93 گېكتار بولۇپ، ئەمەلىي تېرىقچىلىق يېرىنىڭ %55.61 نى ئىگىلەيدۇ، ئاشلىقتا يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنى تەمىنلەپ ئاشىدۇ. ئاشلىق زىرائەتلىرى بۇغداي، كۆممە قوناق، ئارپا، شال قاتارلىقلار بولۇپ، بۇغداي ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مايلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلىش مەيدانى 2920 گېكتار بولۇپ، ئەمەلىي تېرىقچىلىق يېرىنىڭ %10.09 تىنى تەشكىل قىلىدۇ، مايلىق زىرائىتى قىچىنى ئاساس قىلىدۇ؛ ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلىش مەيدانى 6400 گېكتار بولۇپ، ئەمەلىي تېرىقچىلىق يېرىنىڭ %22.11 تىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئىقتىسادىي زىرائىتى كۆكتاتنى ئاساس قىلىدۇ. 1993 - يىللىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، كۆكتاتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 264 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 192 كىلوگرامدىن توغرا كەلگەن. دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى شەھەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %53.81 نى تەشكىل قىلىدۇ.

چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئۇزۇن. چارۋىچىلىقى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە، دېھقانچىلىقتىن قالسىلا مەھسۇلات قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئىككىنچى چوڭ ئىگىلىك. ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەسىدە چارۋىچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان يېرى 654 مىڭ 368 گېكتار بولۇپ، شەھەر ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %57.2 نى تەشكىل قىلىدۇ. تۆت پەسىللىك تەبىئىي ئوتلاقلىرىنىڭ مەيدانى 642 مىڭ 667 گېكتار بولۇپ، چارۋىچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان يېرىنىڭ %98.21 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. يازلىق ئوتلاقلىرى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 — 3000 مېترغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بولغان تاغ رايونلىرىغا، ئەتىياز ۋە كۈزلۈك ئوتلاقلىرى پەس تاغلىق رايون ۋە دەريا جىلغىلىرىغا، قىشلىق ئوتلاقلىرى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىق ۋە دەريا ۋادا تۈزلەڭلىكلىرىگە تارقالغان. ئوتلاق چارۋىچىلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، 1993 - يىلىدىكى چارۋىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 531 مىڭ 700 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە قوي %86.93 نى، كالا، ئات قاتارلىق قارا ماللار %13.07 نى تەشكىل قىلىدۇ، چارۋىچىلىقتا قويچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوتلاق چارۋىچىلىقىدىن باشقا، يەنە شەھەر ئەتراپىدا ئىنەك ۋە ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش ئاساسىدىكى باقمىچىلىق چارۋىچىلىقى بىر قەدەر راۋاجلانغان. تىجارەت ئالاھىدىلىكى شەھەر ئاھالىسىنى گۆش، سۈت، تۇخۇم، تىرىك توخو ۋە بېلىق بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. چارۋىچىلىقى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا دېھقانچىلىقتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ ئىگىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن شەھەر يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %41.52 تىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئورمان مەيدانى 59 مىڭ 267 گېكتار بولۇپ، شەھەر ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %5.18 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئورمانلىرى كۆپرەك ئوتتۇرا تاغ بەلۋىغىغا تارقالغان شەمشات قاتارلىق دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلار ۋە جىلغىلاردىكى كەڭ يوپۇرماقلىق قايىڭدىن ئۆسۈپ چىققان ئورمانلار بىلەن دەريا ۋادىلىرىدا سۇنئىي ئۆستۈرۈلگەن ئورمانلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئورمان مەيدانى كىچىك، قاپلاش نىسبىتى تۆۋەن، ئاران %2.33 كە يېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا دېھقانچىلىق رايونىدا ئېھاتە ئورمانلىرى، شەھەردە كۆكەرتىلىش ئورمانلىرى بەرپا قىلىنىپ، شەھەر مۇھىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. شەھەرنىڭ كۆكەرتىلگەن مەيدانى 3.769 گېكتارغا يېتىپ، كۆكەرتىلىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى ئاران %12.6 كە يەتتى. ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ شەھەر يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى سالمىقى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، %1.75 نى ئىگىلەيدۇ.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قۇرۇقلۇق ۋە ئاۋىئاتسىيە قاتناش - ترانسپورتى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدى. ھازىر ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاش يول، تۆمۈر يول ۋە ئاۋىئاتسىيە يولىدىن ئىبارەت ستېرولۇق قاتناش تورىنىڭ باش تۈگۈنىگە ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىدىكى خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ مۇھىم ئۆتۈشمە دەرۋازىسىغا ئايلاندى. سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن يولۇچىلار ئاپتوموبىلىنىڭ سانى 33 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردىن سىرتقا قاتنايدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 20 مىڭغا، يولۇچىلار ئاپتوموبىلى 6500 گە بارىدۇ، كۈنىگە 79 تاش يول قاتناش لىنىيىسىدە قاتناش ئاپتوموبىلى ئۈرۈمچىدىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا 100 قېتىمدىن ئارتۇق قاتناپ، ئۈرۈمچىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. يىلىغا ئاپتوموبىللاردا ئۈرۈمچىدىن توشۇلىدىغان يۈكنىڭ مىقدارى 12 مىليون 420 مىڭ توننىغا، يولۇچى 9 مىليون 630 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىدۇ (1992 - يىل). ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەسىدە ئاپتوموبىل قاتنايدىغان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئىگىلىكىدىكى غول تاش يول لىنىيىلىرى كۆپ، بۇ يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 694 كىلومېتىر بولۇپ، شەھەر تەۋەسىدىكى ئاساسلىق تاش يوللارنىڭ %72.98 نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ غول تاش يول لىنىيىلىرىگە ئۇلىنىدىغان ناھىيە ئىگىلىكىدىكى يېزا - بازار تاش يوللىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى شەھەر تەۋەسىدىكى ئاساسلىق تاش يوللارنىڭ %27.02 نى تەشكىل قىلىدۇ. شەھەرنىڭ قاتناش شارائىتى ياخشى، تۇرمۇشقا ئەپلىك، شەھەر تەۋەسىدە ئاھالىلەرنى توشۇيدىغان ئاپتوۋۇزلارنىڭ قاتناش لىنىيىسى 107 گە يېتىدۇ. دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىلار ئىگىلىكىدىكى 5800 دىن ئارتۇق ھەر خىل ئاپتوۋۇز، تاكسىلار قاتناپ، شەھەرنى مەركەز قىلغان، ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى زور قاتناش تورىنى ھاسىل قىلدى. بۇ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاق ۋە قوشنا ناھىيىلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى كۈچەيتىپ تۇرىدۇ.

ئۈرۈمچى لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى غەربىي بۆلىكى بىلەن شەرقىي بۆلىكىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم تۈگۈن، شەرقىي ئاسىيا - ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئىقتىسادىي رايونلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇقى ئىككىنچى كۆۋرۈكىنىڭ مۇھىم ئورنى، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ باشلىنىش ئورنى. يېقىندا لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ قوش لىنىيە قۇرۇلۇشى ئاياغلىشىپ، ئۇنىڭ غەربىي ئۇچى ئۈرۈمچى شەھىرىگە تۇتاشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچىدە

كۈنگە يەتتە جۈپ يولۇچى پويىزى، 14 جۈپ يۈك پويىزى كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىدىن ماڭدۇرۇلىدىغان يولۇچى 3 مىليون 196 مىڭ ئادەم قېتىمغا، توشۇلغان يۈك 12 مىليون 781 مىڭ توننىغا يېتىدۇ.

ئۈرۈمچى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر قاتارىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ھازىر ئۈرۈمچى ئايرودرومى مەملىكىتىمىزدە كۆلىمى چوڭ، ئاۋىئاتسىيە يولى ئۇزۇن، نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرى كۆپ بولغان زامانىۋى خەلقئارا ئايرودروملارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، مەملىكىتىمىزدىكى بەش چوڭ ئايرودروم قاتارىغا ئۆتتى. ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا ھەپتىسىگە 100 نەچچە قېتىم نۆۋەتچى ئايروپىلان كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. نۆۋەتتە ئېچىۋېتىلگەن خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە يولى 40 تىن ئاشىدۇ. ئاۋىئاتسىيە يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 85 مىڭ 618 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىن ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى نۆۋەتچى ئايروپىلان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 10 نەچچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىگە، چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانلار بىۋاسىتە بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شىئەن، لەنجۇ، خاربىن، چېڭدۇ، خاڭجۇ، شيامېن، شېنجېن، دالىيەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە قاتنايدۇ. ھازىر قاتناۋاتقان ئالمۇتا، تاشكەنت، موسكۋا، ئىسلامئاباد ئاۋىئاتسىيە يولىدىن باشقا، يەنە مەملىكەتلىك ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى باشقۇرۇشىدىكى سەككىز خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە يولى ئۈرۈمچىدىن ئۆتۈپ، غەربىي ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قاتارلىق جايلارغا تۇتىشىدۇ. 1992 ـ يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانىدا توشۇلغان يولۇچى 414 مىڭ ئادەم قېتىمغا، يۈك ۋە پوچتا خالتىلىرى 5900 توننىغا يەتكەن.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭ پوچتا ـ تېلېگراف تورىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ھازىر ئۈرۈمچىدە 230 دىن ئارتۇق پوچتا ـ تېلېگراف ئورگانلىرى بار. يول ئۇچى ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف تۈگۈنى 2500 گە، پروگراممىلىق تېلېفون سىغىمى 53 مىڭغا يېتىپ، خەلقئارا، مەملىكەت ئىچىدە ئۇزۇن يوللۇق بىۋاسىتە تېلېفون يولغا قويۇلدى، سىمسىز چاقىرغۇ، سىمسىز كۆچمە تېلېفونلار كۆپلەپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم سودا شەھىرىگە ئايلاندى. پۈتۈن شەھەردە چوڭ ـ كىچىك تۆت كوچا، جۇڭشەن كوچىسى، دۆڭكۆۋرۈك، دوستلۇق كوچىسىنى مەركەز قىلغان ئاۋات سودا رايونى بارلىققا كېلىپ، دوستلۇق سودا سارىيى، چوڭ تۆت كوچا سودا سارىيى، شىنجاڭ تۇرلۇك ماللار سودا سارىيى، ئۈرۈمچى سودا مەركىزى، مىللىي بويۇملار سودا سارىيى، ئۈرۈمچى يەر ئاستى سودا بازىرى، جۇڭشەن كوچىسى سودا سارىيى، دېموكراتىيە كوچىسى سودا سارىيى، قىزىلتاغ سودا سارىيى ۋە قىزىلبايراق كوچىسى تۇرلۇك ماللار سودا دۇكىنىدىن ئىبارەت 10 چوڭ سودا سارىيىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىك تەۋەلىكىدىكى 29 مىڭ 265 سودا، مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سودا ـ سېتىق، مۇلازىمەت تورى شەكىللەندى. يەنە 120 گە يېقىن سودا بازىرى ئۈرۈمچىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن باغلاپ، بازارنى ئاۋاتلاشتۇرماقتا. ھازىر بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا، سودا ـ سېتىق كۆلىمى چوڭىيىۋاتقان، ئىجتىمائىي تاۋار تۈرى كۆپىيىۋاتقان، تاۋار ئوبوروتى جانلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1993 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليارد 419 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شۇ يىلقى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 29.35% نى تەشكىل قىلدى. دېمەك، ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ماددىي ئەشيا توپلىنىدىغان، تارقىلىدىغان جايى ۋە سودا ـ سېتىق، پۇل مۇئامىلە مەركىزى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى مەملىكىتىمىزدە نۇقتىلىق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي سودا پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان مەركىزىي شەھىرىگە ئايلاندى. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ فۇنكسىيىلىك خەلقئاراغا يۈزلەنگەن زامانىۋى شەھەر ۋە ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مەركىزىگە ئايلىنىش قەدىمى تېزلەشمەكتە. ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

خەلقئارادىكى سودا شېرىكلىرى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن سىرت، تۈركىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، گېرمانىيە، فرانسىيە، دانىيە، بېلگىيە، ياپونىيە، كورىيە، ئامېرىكا، ئاۋستراليە، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن قاتارلىق رايونلارغا كېڭەيدى. تاشقى سودىسىدا ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 45 مىليون 620 مىڭ دوللارغا، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 48 مىليون 620 مىڭ دوللارغا يەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۈرۈمچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلىۋاتقان چېگرا ئىقتىسادىي سودا كېلىشىم يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىنىڭ تاشقى سودا قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. ھازىر ئۈرۈمچى دۇنيادا 57 دۆلەت ۋە رايون بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقە ئورناتتى. قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرى، قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرى ۋە پاكىستاننىڭ پېشاۋۇر شەھىرى بىلەن دوست شەھەر مۇناسىۋىتى ئورناتتى. مەملىكەت ئىچىدە، نەنجىڭ، گۇاڭجۇ، چېڭدۇلار بىلەن قېرىنداش شەھەر مۇناسىۋىتىنى، 27 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئۈرۈمچىنىڭ يەرمەنكىدە كېلىشىم ھاسىل قىلغان سوممىسى 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى (1993- يىل).

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. شەھەر رايونىدا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئاساسەن ئومۇملاشتى، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، چوڭلار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ھازىر شەھەر بويىچە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بالىلار مائارىپى، ئومۇمىي مائارىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى ۋە چوڭلار مائارىپى سىستېمىسى بارلىققا كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1993 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالىي مەكتەپ 11 گە، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 136 گە يېتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 52.38% نى ۋە 64.57% نى ئىگىلىدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ 46، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 770؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 148، ئوقۇغۇچىسى 66 مىڭ 822؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 8405؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى 35، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 223؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 225، ئوقۇغۇچىسى 128 مىڭ 112؛ چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 34 مىڭغا يەتتى. ئۈرۈمچىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تېخىمۇ ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا قەدەم قويۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى. ھازىر، ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆلىمى چوڭ، پەن ـ تېخنىكا ئاساسى پۇختا، تەتقىقات كەسىپلىرى بىر قەدەر يۈرۈشلەشكەن، بەلگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئىقتىدارى بولغان يۇقىرى سەۋىيىلىك پەن ـ تېخنىكا قوشۇنىغا ئىگە، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن ماس كېلىدىغان كۆپ خىل تەتقىقات تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي تەتقىقات سىستېمىسى شەكىللەندى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەركەز، ئاپتونوم رايون، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق ھەر خىل كەسپىي تەتقىقات ئورگانلىرى 75 كە، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچى خادىملار 4687 گە، ئادەتتىكى پەن- تېخنىكا خادىملىرى 37 مىڭ 313 كە يەتتى. بۇ تەتقىقات ئورۇنلىرى شىنجاڭدىكى زور ئىلمىي تەتقىقات تۈرلىرىنى ۋە مۇھىم قۇرۇلۇش لايىھىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئۈستىگە ئالغان. 1992 ـ يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئۈچقۇن پىلان نەتىجىلىرى بويىچە پاتېنت تېخنىكا يەرمەنكىسىگە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 51 پاتېنت تېخنىكا تۈرى قاتناشتۇرۇلۇپ، بۇنىڭ 30 تۈرى مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە توققۇز تۈر ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يۇقىرى ھەم يېڭى تېخنىكا زاپىسى تېز سۈرئەتتە ئېشىپ، كۆپ فۇنكسىيىلىك يۇقىرى مولېكۇلىلىق ماتېرىيال، ھايۋانلارنىڭ گېن قۇرۇلۇشى، ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈك ھۈجەيرىلىرى قۇرۇلۇشى بويىچە نەسىللىك ئۇرۇقلارنى يېتىلدۈرۈش، كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش ۋە ئەمەلىي يۇمشاق دېتاللار تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەردە بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىمۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، نۇرغۇنلىغان پەن ـ تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى ۋە ھەر خىل كەسپىي ئىلمىي جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى.

1993 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا قاراشلىق

تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى 694 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 63، ئامبولاتورىيە 583) گە، كېسەل كارۋاتلىرى 13 مىڭ 587 گە، تىببىي تېخنىكا خادىملىرى 18 مىڭ 378 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 8085) گە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مىڭ شەھەر ئاھالىسىغا 9.86 كېسەل كارۋىتى، 13.33 تىببىي تېخنىكا خادىمى توغرا كەلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەنگەن بولۇپ، مەملىكەتتە تەسىرى بولغان يازغۇچى، شائىر، ئۇسسۇلچى، ناخشىچى، مۇزىكانت، رەسسام ۋە كىشىنى ھوزورلاندۇرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى. تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن «ئارتىس بولمايدىغان قىز»، «مۇھەممەت ھەققىدە پاراڭ» قاتارلىق نادىر فىلىملار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ياخشى باھاغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ گۈزەل سەنئىتى نامايەن قىلىندى. ھەر مىللەت سەنئەت پىشۋالىرىدىن تەشكىل تاپقان شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى ۋە ئۇيغۇر مۇقام ئانسامبىلى مەملىكىتىمىزنىڭ دوستلۇق ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 23 مەملىكەتتە ئۆزلىرىنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ، مەملىكىتىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە باشقا ئالاقىدار ئورۇنلارغا قاراشلىق كىنو قويۇش ئورنى ۋە كولۇبلار 108 (بۇنىڭ ئىچىدە كىنوخانا ۋە تىياتىرخانا 29) گە، مەدەنىيەت سەنئەت ئىشلىرى ئاپاراتى 100 (بۇنىڭ ئىچىدە سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئۆمەك 12) گە يەتتى. بۇلاردىن سىرت، يەنە ئالتە نەشرىيات، ئىككى رادىئو ئىستانسىسى، بەش تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئىككى تەنتەربىيە سارىيى، بىر چوڭ تىپتىكى تەنھەرىكەت مەيدانى، بىر قارىغا ئېتىش مەيدانى، بىر ئات بەيگىسى مەيدانى، ئىككى كۇتۇپخانا بار. بۇ كۇتۇپخانىدا 996 مىڭ پارچە كىتاب ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئەينى يىللاردىكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ۋە ئاسىيا كىندىكى رايونىنىڭ مەركىزى بولۇشتەك تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئەۋزەللىكى، شۇنداقلا كۆپ مىللەتلىك قورۇلمىسى بىلەن مەملىكەت سىرتى ۋە ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ساياھەت ئىشلىرى ئەڭ روناق تاپقان ساياھەت رايونىغا ئايلاندى. ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساياھەت رايونلىرىغا قاتنايدىغان ساياھەتچىلەر لىنىيىسىدىن توققۇزى بار. پۈتۈن شەھەر بويىچە ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك سارايدىن ئىككىسى، يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدىن سەككىزى بار. 1992 - يىلى بۇ مېھمانخانىلار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەردىن 80 مىڭ 427 نى قوبۇل قىلىپ، 115 مىليون 980 مىڭ يۈەن تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلغان.

ئۈرۈمچىدە مەشھۇر جايلار، سەيلىگاھلار ۋە ئاسارە ئەتىقىلەر خېلى كۆپ. قارلىغاچلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ كونا جايى، قورۇق جىلغا (گەنگۇ) دىكى گۈلتەكچى، ئاق تېرەك جىلغىسى (بەيياڭگو) دىكى قارىغايلىق بۇلاق، ئۇلانبايدىكى يېغىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ قەبرىلەر ۋە يۈەن دەۋرىدىكى قەدىمكى شەھەر، شەھەر ئىچىدىكى خانتەڭرى مەسچىتى، تاتار مەسچىتى، قىسمەن بۇتخانا، راۋاقلار ۋە قىزىلتاغ مۇنارى قاتارلىقلار بار.

نۆۋەتتە ئۈرۈمچى شەھىرى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇقى ئىككىنچى كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇرۇلىشىغا ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى سودا ئىشلىرى گۈللەنگەن، سانائىتى ئىلغار، پەن - تېخنىكىسى راۋاج تاپقان، مۇھىتى گۈزەل خەلقئارالىق سودا مەركىزى شەھىرى بولۇپ قۇرۇلىدۇ.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

**تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

# ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىقتىسادىي جەرىمانە ۋە جازالاش ئادەتلىرى

ئىسمائىل تۆمۈرى*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئاساسىدا بىۋاستە ماتېرىياللارنى تەتقىقات مەنبەسى قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئەينى دەۋردە يۈرگۈزۈلگەن ئىقتىسادىي جەرىمانە ۋە جازالاش ئادەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：本文以吐鲁番地区出土的社会经济文书为第一手资料探讨高昌回鹘汗国当时的经济惩罚习俗。

**Abstract**: This article, with the social and economic documents unearthed in the Edikut ruins as first hand information, studies in brief economic punishment and convention in Edikut Uighur kingdom.

مىلادى 850 - يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئۆزگىچە ئەھۋال كۆرۈلدى. گەنسۇ رايونىدىن تاكى ماۋرەئۇننەھر ۋادىلىرىغىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ پاراللېل خانلىق بارلىققا كەلدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە، ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبلىرى ئۈچ خانلىق تېررىتورىيىسىدە ياشىغان، شۇنىڭدەك، گەنجۇ ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقلىرى بۇددا دىنى (قىسمەن مانى ۋە نېستورىيان دىنى) مۇھىتىدا، قاراخانىلار خانلىقى ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دەۋر بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلىشتا ئەھمىيەتلىك بىر دەۋر بولۇپ قالدى.

گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىلار خانلىقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لياۋ (قىتان) سۇلالىسى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىدى. ھالبۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قىتانلارنىڭ غەربكە سۈرۈلۈشىگە ياردەم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىق ئاساسىدىكى بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قالدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇشۇنداق بىر يولنى تۇتقانلىقىغا قاراخانىلار بىلەن بىر ئىككى يۈز يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان زېمىن-چېگرا تالىشىش، ئىسلام دىنى ۋە بۇددا دىنى ئېتىقادلىرىدىكى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى جەڭگە - جېدەللىرى ئاساسلىق سەۋەب بولغانىدى.

* ئىسمائىل تۆمۈرى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى.

ئەنە شۇ هالدا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىلار خانلىقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تارىخ سەھنىسىدە ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنەتىدىن ئايرىلدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بولسا، ئۆزىنىڭ شانۇ - شەۋكىتىنى ئانچە تولۇق بولمىغان هالدا، يەنى دەسلەپىدە قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ، كېيىنچە موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىغا قارام بولغان تەرزدە ساقلاپ قالدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مىلادى 856 - يىلى قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مىلادى 1334 - يىلىغىچە يەنى 500 يىلغا يېقىن تارىخ سەھنىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىختىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جۇملىدىن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم بىر دەۋر هېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبلىرى ئورۇق، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى باسقۇچىدىن هالقىپ ئۆتۈپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى گەۋدىسىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋرئىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىلى بىلەن خاقانىيە تىلىنىڭ شۇ خانلىقلار تېررىتورىيىسىدە ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان مەۋقەگە كۆتۈرۈلگەنلىكى يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ روشەن بىر دەلىلى. يەنە شۇنىڭدەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى خاقان ياكى يولباشچى هەرقايسى قەبىلىلەر يىغىلىشىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدىغان هالەت ئىدىقۇت ۋە قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندە ئۆزگىرىپ، هوقۇق ئاتىدىن - بالىغا مىراس قالىدىغان خانلىق تۈزۈم شەكلىنى ئالغانىدى؛ ئىدېئولوگىيىنىڭ مۇھىم بىر ساھەسى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەتتىمۇ بۇرۇنقىدەك ئابىدىچىلىك بىلەنلا چەكلەنمەي، ئىدىقۇتتا هىندى، خەنزۇ ۋە ياۋروپادىكى بەزى خەلقلەرنىڭ (بۇ يەردە ئىزوپ مەسەللىرى بىلەن نىستورىيان دىنىغا باغلىق بولغان ئەسەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئەدەبىيات سەمەرىلىرى بىلەنمۇ تونۇشۇش پۇرسىتى يارىتىلدى. قاراخانىلاردا بولسا، ئەرەب - پارس ئەدەبىياتى تەسىرى ئاستىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت جانلاندى؛ سودا ۋە خەلقلەر ئارا بولغان مۇناسىۋەتلەر ئورخۇن دەۋرىدىكىدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خەلقلەر ۋە يېقىن قوشنىلار بىلەنلا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالاقە پائالىيەتلىرىنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، رىم، ئىران، هىندىستان قاتارلىق ئەللەرگىچە كېڭەيدى. ئىگىلىك شەكىللىرىمۇ كۆپ خىللىشىپ، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، سودا، قول هۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلدى. مائارىپمۇ سىستېمىلار بويىچە مۇكەممەللىشىشكە يۈزلىنىپ، دۆلەت ئەمەلدارلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان بىلىم مۇئەسسەسەلىرى، خانلىق مەدرىسلەر، دىنىي تەلىمات ئورۇنلىرى، ئاددىي پۇقرالار پەرزەنتلىرى ئوقۇيدىغان ئورۇنلار بارلىققا كەلدى. دېمەك، ئىدىقۇت ۋە قارخانىلار دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بىر دەۋر بولۇپ قالدى.

ئىدىقۇت ۋە قاراخانىلار دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىق دەۋرگە قەدەم باسقان دەۋرى بولغاچقا، هۆكۈمرانلار تەبىقىسى بىلەن ئاۋام - پۇقرا ئوتتۇرىسىدا پەرق ناهايىتى چوڭ ئىدى. ئىدىقۇتتا هۆكۈمرانلار نۇرغۇن چارۋىغا، تېرىقچىلىق يەرلىرىگە، سۇغا، باغ - ۋارانلارغا، جۈملىدىن ئىجارىكەش دېھقانلارغا، قىسمەن هالدا قۇللارغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى؛ مانى ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى مۇۋاكلار (ئالىي مەرتىۋىدىكى مانى دىنى مۇخلىسلىرى)، راهىبلارمۇ نۇرغۇنلىغان «ۋەخپە» يەرلەرگە، مال - چارۋىغا، هاشار - سېلىققا ئىشلەيدىغان ئىشلەمچىلەرگە ئىگە ئىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا يەنە بىر ئۆزگىچە ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ، خانلىق دائىرىسىدە بۇددا دىنى، مانى دىنى، خرىستىيان دىنى ۋە كېيىنرەك ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىغىمۇ ئۆز ئېتىقادلىرى بويىچە دىنىي پائالىيەت ئىمكانىيەتلىرى، تەرىقەت ئەركىنلىكى بېرىلگەنىدى. شۇنىڭدەك، هەرقايسى ئەللەردىن هەر خىل قىسمەتلەر، مەقسەتلەر بىلەن

www.uyghurkitap.com

كەلگەنلەرگىمۇ مۇناسىپ هالدا پاناهلىق ۋە ئىمكانىيەت بېرىلگەنىدى. بۇ هال ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن بىر خىل «ئېچىۋېتىش» خاراكتېرىنى هاسىل قىلىپ، ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي هاياتنى رەڭدارلىققا، مۇرەككەپلىككە ئىگە قىلغانىدى.

ئىدىقۇت خانلىقى «يىپەك يولى» تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقتىن، سودا ئىشلىرى بەكمۇ جانلانغانىدى. خانلىقتىن سىرتقى مەملىكەتلەرگە چىقىۋاتقان سودا كارۋانلىرىنىڭ، هەرقايسى ئەللەردىن كېلىپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان كارۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئىدىقۇت خانلىقى ئۆز چېگرىسىدىن ئۆتكەن هەرقانداق سودا كارۋىنىدىن سودا بېجى ئالاتتى. ئىدىقۇت خانلىقىدا سودا ئىشلىرىنىڭ بۇنداق جانلىنىشى، تەبىئىي هالدا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە، ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا، ئىجارە - قەرز مۇئامىلىلىرىدە «ئادەت قانۇنى» شەكىللىنىپ، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە مۇئەييەن بەلگىلىمىلەر هاسىل قىلىنغانىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا سوت - ئەدلىيە ئىشلىرى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر، يەر - سۇ ماجىرالىرى ۋە خەلق ئىچىدىكى هەر خىل زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىرەر «يازما قانۇن» نىڭ بولغانلىقى هەققىدە هازىرغىچە رەسمىي هۆججەت - ۋەسىقە يوق. لېكىن بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە چوڭ - چوڭ سوت ئىشلىرىنى خاننىڭ شەخسەن ئۆزى بېجىرىدىغانلىقى هەققىدە، يەر - سۇ ماجىرالىرىدا مەخسۇس بەگ - ئەمەلدارلار، كۆكبېشىلار بولغانلىقى هەققىدە مەلۇمات بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئىدىقۇتتىن تېپىلغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي هۆججەت - ۋەسىقىلەردە، بىزەكلىك تام رەسىملىرىدە ئىقتىسادىي جەرىمانە ۋە جازالاش ئىشلىرىدىن هەققىنىي مەلۇماتلار كۆرۈلىدۇ. تۆۋەندە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان ئىقتىسادىي جەرىمانە ۋە جازالاش ئىشلىرىنى شۇ دەۋردىن قالغان، ئار- خېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن هۆججەت - ۋەسىقىلەر ئاساسىدا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1 . «مانى ئىبادەتخانىسىغا چۈشۈرۈلگەن هۆججەت». بۇ هۆججەتنى ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا تۇرپاندىن تاپقان. كېيىن شىمىن ئەپەندى بۇ هۆججەت هەققىدىكى تەتقىقاتىنى «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلغان. ئىسمائىل تۆمۈرى بۇ هۆججەتنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوقۇلۇشى ۋە تەتقىقاتىنى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلغان. هۆججەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسى هازىر جۇڭگو تارىخىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

بۇ هۆججەت ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىگە يەنى IX — XI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، هۆججەتكە «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن خانلىق ئوردا تامغىسى، ۋەزىرلەر تامغىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك تامغىلاردىن بولۇپ، جەمئىي 11 تامغا بېسىلغان. بۇ هۆججەت ئىدىقۇت خانلىقى ئوردىسىدىن هۆكۈمەت هۆججىتى قاتارىدا مانى ئىبادەتخانىسىغا تارقىتىلغان. ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار بار: «··· ناۋادا جەنۇبىي شەهەرىستاندىكى باغ - ۋارانلار هوسۇلسىز بولۇپ قالسا، تاغاي بارس ئىلىمغا (كىشى ئىسمى) جازالىنىدۇ. شىمالىي شەهەرىستاندىكى ئىشلار ئەگەر ياخشى ئىشلەنمىسە، قۇمار بارس تارقان (كىشى ئىسمى) جازالىنىدۇ······»

«··· ئەگەر قايسى ئايدىكى ئاش - تاماق ناچار بولۇپ قالسا، شۇ ئايدا مەسئۇل بولغان خرۇخان (دىنىي نام) بىلەن ئىش بېجىرگۈچى تەڭ جازالىنىدۇ ······»

«······ ئىككى ئىش بېجىرگۈچى ئىشلارنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىشسە بولمايدۇ، ئىتتىرىشىپ ئىشنى ئاقساتسا جازاغا تارتىلىدۇ······»

«······بۇ ئىشلارنى ئىش بېجىرگۈچىلەر ياخشى قىلسا، تەقدىرلەنسۇن - مۇكاپاتلانسۇن. ئەگەر ناچار ئىشلىسە، ئۈچ يۈز دەررىدىن ئۇرۇلسۇن هەمدە هەر بىرىگە* ······ بىلەن جازا يېزىلسۇن···» ، «··· قايسى دىندار (راهىب) ئاغرىپ قالسا، ئەگەر غوجىدار ياخشى قارىمىغان بولسا، ئۈچ يۈز دەررە ئۇرۇلۇپ، گۇناهى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ···»

«··· دىندارلارنىڭ تامىقىنى خام قىلىپ قويغۇچىغا ئۈچ يۈز دەررە ئۇرۇلسۇن ···»①.

بۇ هۆججەتنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئىدىقۇت خانلىقىدىكى مانى

---

* ئەسلى تېكىستتە ئۆچۈپ كەتكەن ئورۇن.

ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تۈزۈمى ئىنتايىن چىڭ بولغان، ئۇلاردا مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاش (تەن جازاسى) بىردەك يۈرگۈزۈلگەن. گۇناھ سادىر قىلغانلارغا 300 تاياق ئۇرۇلىدىغان تۈزۈم ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججىتىدە قانۇنلاشتۇرۇلغان.

2. «مۇقەددەس يارلىق». بۇ ھۆججەتنى ياپونىيىلىك ئالىم شيۇمى دۇنتىيەن «XIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ھوقۇقى» دېگەن ماقالىسىغا كىرگۈزگەن. بۇ ماقالە «شەرقىي دېڭىز ئىلمىي ژۇرنىلى» (ياپونچە) نىڭ 1977 - يىللىق 1 - 2 - قوشما سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ھۆججەتنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشىنى مەھمۇت زەيدى ئەپەندى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991- يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلغان. بۇ ھۆججەتتە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار بار:

«...... ئىدىقۇت، لۈكچۈن، تۇرپاندىن ئىبارەت 24 شەھەردىكى ئەمەلدارلارغا، قوۋراق (راھىبلارغا)، نىستورىيانلارنىڭ كىرىس مەزھىپىدىكى ئېتىقادچىلىرىغا، پۇقرالارغا، نوم خانىسا (؟) نىڭ شازىن ئايغۇچىغا: ئىدىقۇتنىڭ شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە كېلىنلىرى قىز تۇغۇپ قالسا، كۆپىنچىسى سۇغا تاشلاپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدىكەن. تولۇمۇشنىڭ قىزى چوڭلار تەرىپىدىن سۇغا تاشلىۋېتىلگەن چاغدا، سانقايا (كىشى ئىسمى) باشچىلىق بىرقانچە كىشى تۇتۇۋېلىپ، سىچغان (كىشى ئىسمى) بىلەن تۇمۇردىن ئىبارەت بۇ ئىككى كىشىگە ئېيتقان، بۇلار بېرىپ ئالدى بىلەن بولغان ۋەقەنى سۈرۈشتۈرگەن. ئەرز قىلغۇچى تولۇمۇش قىزىنىڭ سۇغا تاشلىنىشىغا رازى بولغان تۇرۇقلۇق يەنە بېرىپ بۇ ۋەقەنى باشقىلارغا يەتكۈزگەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ ۋەقە پۈتۈن جامائەتكە ئاشكارىلانغان. بۇنىڭدىن كېيىن كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كېلىنلىرى قىز بالا تۇغسا سۇغا تاشلىۋېتىدىغانلار بولسا، مال - مۈلكىنىڭ يېرىمى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۆيىدىكى كىشىلەردىن بىرى چېرىكلىككە تۇتۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن پاش قىلغۇچىلار ئەگەر قۇل- دېدەك بولغان بولسا، بوشىتىلىپ قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىدۇ... قىز بالىسىنى سۇغا تاشلىغانلار بولسا، مۇنداق گۇناھ قىلغان پۇقرا ھەم ئەمەلدارلار مۇشۇ يارلىققا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» ②

ئىدىقۇت خانلىق ئوردىسىدىن 24 شەھەردىكى ئەمەلدارلارغا، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ۋە خانلىقتىكى پۇقرالارغا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تەرىقىسىدە چۈشۈرۈلگەن بۇ يارلىقتا كېلىنلىرى قىز تۇغسا، بۇۋاقنى سۇغا تاشلىۋەتكۈچىلەرگە بېرىلىدىغان ئېغىر جازا مال - مۈلكىنىڭ يېرىمىنى مۇسادىرە قىلىش، گۇناھ سادىر قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىن بىر ئادەمنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىش جازاسى بىلەن، بۇنداق ئىشنى پاش قىلىپ - مەلۇم قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمى قانۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ يارلىقتىكى مەزمۇنلار ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي ھادىسىنى چۈشىنىشكە پۇختا ئاساس تاپىمىز.

3. «باغ سېتىش تىلخېتى». بۇ ۋەسىقە تۈركىيە ئالىمى رەشىد رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن «تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1977- يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993- يىللىق 3 - سانىدا بۇ ۋەسىقىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوقۇلۇشى ۋە قىسقىچە تەتقىقات نەتىجىسىنى تۇرسۇن ھوشۇر ئېلان قىلدۇرغان. بۇ ۋەسىقىدە مۇنداق مەزمۇنلار بار:

«توڭگۇز يىلى، بەشىنچى ئاينىڭ 16 - كۈنى مەن تەربىشكە چاۋ ياستۇق (ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن قۇيما پۇل) لازىم بولۇپ قېلىپ، ئاتامدىن ماڭا مىراس قالغان، تايزاڭدىكى ئون ئالتە ئەركۈمەر (يەر ئۆلچەم نامى) ئۈزۈملۈكنىڭ ماڭا تەۋە، چىركۈشتىن باشلاپ ئالدى تەرىپىدىكى بېغىمنى ئۇدچى بۇقا بىلەن ئەسەنگە يۈز ياستۇق چاۋغا قائىدىگە مۇۋاپىق ھالدا ساتتىم. مۇشۇ كۈندىن ئېتىبارەن بۇ باغقا ئۇدچى بۇقا بىلەن ئەسەن ئىككىسى مەڭگۈگە ئىگىدارچىلىق قىلسۇن، خالىسا ئۆزلىرى پايدىلانسۇن، خالىمىسا، باشقا بىرىگە ساتسۇن. بۇ ھۆججەت پۈتۈلگەن كۈنى باغنىڭ سېتىلىش بەدىلى بولغان چاۋنى تولۇق ساناپ ئالدىم. بىز ئۇدچى بۇقا بىلەن ئەسەن ئىككىمىز پۇلنى تولۇق ساناپ بەردۇق. بۇ باغ ھەققىدە، مەن تەربىشنىڭ ئاكا - ئىنىلىرىم بولسۇن ياكى تاغىلىرىم ۋە جىيەنلىرىم بولسۇن، ھېچكىم دەۋا قىلمىسۇن. پەقەت، ئەگەر ياتلارنىڭ سۆزى بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ دەۋا قىلسا، چوڭ قوشۇنغا (خانلىق قوشۇنغا) بىر ئالتۇن ياستۇق، ساراي

www.uyghurkitap.com

خەزىنىسىگە بىر كۈمۈش ياستۇق، بەگلەرگە ئىگەر-جابدۇقلۇق بىردىن ئات بېرىش جازاسى بېرىلىش بىلەن بىرگە سۆزلىرى ئۆتمىگەي. بۇ تامغا مەنكى تەربىشنىڭ ......» ③

بۇ باغ سېتىش ھەققىدىكى تىلخەتتە ئەگەر باغ ساتقۇچى تەرەپ يېنىۋالسا ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى دەۋا قىلسا، خانلىق قوشۇنغا بىر ئالتۇن ياستۇق (بىر ئالتۇن ياستۇق 2274 گرام كېلىدۇ. كۈمۈش ياستۇقنىڭ قىممىتى ئالتۇن ياستۇقنىڭ ئوندىن بىرىگە تەڭ تۇرىدۇ)، ئوردا خەزىنىسىگە بىر كۈمۈش ياستۇق ۋە بەگلەرگە ئىگەر-جابدۇقلۇق ئات بېرىش جازاسى قوللىنىش قەيت قىلىنغان. دېمەك، بۇ ئىقتىسادىي جەرىمانە شەخسلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئېلىم-بېرىم كۆچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

4. «ۋەسىيەتنامە». «... كەڭسىدە تۇغۇلغان بۇقا قۇلى ئاتلىق ئوغۇلنى ئاتا-ئانامغا ساۋابى يەتسۇن دەپ ئەركىنلىككە چىقىرىپ تىلخەت بەردىم. بۇندىن كېيىن بۇقا قۇلى تاغلارغا چىقامدۇ، چۆللەرگە بارامدۇ، ئۆزى ئىختىيار قىلغان يەرلەرگە بارسا بولىدۇ. مېنىڭ تىرىگەلتىمىشە قاتارلىق ئۈيدىكى خوتۇنلىرىم، تۇغقانلىرىمنىڭ ھەرقانداقى ئۇنىڭغا دەخلى-تەرۇز قىلمىسۇن. دەۋا-دەستۇر قىلسا، خەزىنىگە بىر ئالتۇن ياستۇق، قۇچۇ بېگىگە بىر ئات، شەھەر بېگىگە بىر كالا تۆلەپ ئېغىر جازالانسۇن ...» ④

بۇ ۋەسىيەتنامە خاراكتېرىدىكى تىلخەتنى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى خېلى ھاللىق بىر ئائىلىنىڭ باشلىقى — كۆنىقۇز ئېغىر كېسەل ئەھۋالدا ساقىيىشىغا كۆزى يەتمەي، ساۋابلىق تىلەش يۈزىسىدىن ئۆز ئائىلىسىدىكى قۇل بۇقا قۇلى ئاتلىق ئوغۇلنى ئەركىنلىككە چىقىرىش مەقسىتىدە يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ۋەسىقىدىمۇ ئەگەر كۆنىقۇز ئائىلىسىدىكىلەر قۇل ئوغۇلنى ئۆزلىرىنىڭ دائىملىق قۇلى ھېسابىدا ئىشلىتىش غەرىزىدە ئەرز-دەۋا قىلسا، خەزىنىگە بىر ئالتۇن ياستۇق، قۇچۇ بېگىگە بىر ئات، شەھەر بېگىگە بىر كالا تۆلەپ، ئېغىر جازالىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

بېزەكلىك تام رەسىملىرىدە، رەسىم سىزىلغان يازما ۋەسىقىلەردە ئادەملەرنىڭ بوينىغا تاقاق سېلىنغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ ⑤. بۇنىڭدىن بىز ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئېغىر ھالدىكى تەن جازاسىنىڭمۇ قوللىنىلغانلىقىنى بىلىمىز.

خۇلاسە قىلغاندا، گەرچە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى شانلىق بىر ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتى يارىتىلغان دەۋر بولسىمۇ، ئەمما بۇ دەۋرنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىيىتىدە يۇقىرىقىدەك ئېغىر ئىقتىسادىي جەرىمانە ۋە تەن جازالىرىمۇ يۈرگۈزۈلگەنىدى. فېئوداللىق دۆلەت خاراكتېرىنى ئالغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

---

**ئىزاھلار:**

△ ماقالىنىڭ ھەجمى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ھۆججەتلەرنىڭ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ترانسكرىپسىيىلىك مەتنى بېرىلمىدى.

①②③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق 1-سانىغا، 1991-يىللىق 3-سانىغا، 1993-يىللىق 3-سانىغا قارالسۇن.

④ بۇ ۋەسىيەتنامە خاراكتېرىدىكى تىلخەتنى لى جىڭۋېي ئەپەندى «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) نىڭ 1994-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك مەتنى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوقۇلۇشىنى مېھرىگۈل مامۇت «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلغان. بۇ ماقالىدە سىتات ئېلىنغان پارچىلار ئەنە شۇ يۇقىرىقى ژۇرناللاردىن ئېلىندى.

⑤ ئا. فون. گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىجتىمائىي ھايات»

«Das Leben im uigurischen Konigreich von qoco» نېمىسچە، 1973-يىلى، ۋىسبادىن نەشرىگە قارالسۇن.

(پوچتا نومۇرى: 830011)

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

# «پەنج بۇرادەر» داستانى توغرىسىدا

شېرىن قۇربان*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «پەنج بۇرادەر» (بەش ئاكا ـ ئۇكا) ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ دىداكتىك خەلق داستانى. بۇ ماقالىدە، داستاننىڭ قۇرۇلمىسى، قىسقىچە سيۇژىتى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ئىجتىمائىي قىممىتى ھەمدە ئۇنىڭ تاجىك ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى مۇھاكىمىلىنىپ بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**《五兄弟》是中国塔吉克族的一部民间劝诫性长诗。本文探讨这部长诗的梗概、结构、思想内容、艺术特色、社会价值及其在塔吉克文学中所占的地位。

**Abstract**: Five Brothers is an admonitry epic of Tajik. It probes the structure, sketch, artistic feature. social value and its status in Tajik literature.

تاجىك خەلقى ئوتتۇرا ئاسىيادا مول داستانچىلىق ئەنئەنىسىگە ئىگە. كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى دۇنياۋى شۆھرەت ۋە تەسىرگە ئىگە مەشھۇر «زېند ئاۋېستا» داستانى، رۇداكىنىڭ «كەلىلە ـ دەمنە» داستانى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانى، نىزامى گەنجەۋىنىڭ «مۇھزانۇل ئەسرار» (سىرلار خەزىنىسى) داستانى، خىسرەۋ دېھلەۋىنىڭ بەش داستاندىن تەركىب تاپقان «پەنج گەنج» خەمسەسى، ئابدۇرەھمان جامىنىڭ يەتتە داستاندىن تەركىب تاپقان «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەتتە چولپان) خەمسەسى، مىرزا ئابدۇقادىر بېدىلنىڭ «كومىرى ۋە مودەن» داستانى قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىدىكى تۇپراق ئانىسى تاجىك خەلق داستانلىرىدۇر. ماقالىمىزدا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان «پەنج بۇرادەر» داستانىمۇ قەدىمكى خەلق داستانلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئىدىيىۋى ـ مەزمۇنىنىڭ ئىلغارلىقى، ۋەقەلىكىنىڭ قىزىقارلىقى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە تەربىيىۋى قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئېلىمىز تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

«پەنج بۇرادەر» داستانى ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم پەلسەپىلىك يەكۈنلەر خەلق ھېكمەتلىرىگە ئايلانغان. بۇ داستان كۆپ قېتىم توپلىنىپ، ئۇنىڭدىن بىر قىسىم پارچىلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان، بىر قىسىم قورال خاراكتېرلىك قامۇس ۋە لۇغەتلەردە قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. 1994 ـ يىلى پېشقەدەم تاجىك يازغۇچىسى تابىلدى ھوشۇر بۇ داستاننى تولۇق رەتلەپ چىقىپ، ئۇنى ئۇيغۇر تىلىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك

* شېرىن قۇربان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرجىمە قىلىپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلدى.

## 1. «پەنج بۇرادەر»نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قىسقىچە ۋەقەلىكى

ۋەقەلىك ۋە بايان تەرتىپى نۇقتىسىدىن «پەنج بۇرادەر» داستانىنى مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا تۆت چوڭ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

مۇقەددىمىدە، ناھايىتى قەدىمكى زاماندا نەسەب زاتى ئوخشاش بىر ئاتىنىڭ كەمىرىدىن، بىر ئانىنىڭ قورسىقىدىن تۇغۇلۇپ، ئالەمگە كۆز ئاچقان بەش ئاكا - ئۇكىنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشت - كەچۈرمىشلىرى، خۇي - پەيلى، ئارزۇ - ھەۋەسلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقى، مۇشۇ سەۋەبتىن، كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەرگە پەندى - نەسىھەت بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلار توغرىلىق ئەل ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايەت تارقىلىپ مىراس قالغانلىقى بايان قىلىنغان:

ھېكايەتلەر ئاڭلىغىن بەش بۇرادەر بار ئىكەن،
بىر - بىرىدىن كەم ئەمەس، ئەقىل - ھوشى بىسيارئىكەن.
قەددى شەمشاد، خۇلقى مىسلى، كۆزلىرى باھار ئىكەن،
بىرى شائىر، بىرى موللا، بىرى شاھ سەردار ئىكەن.
كىچىكى ئىشچان دېھقان، چوڭى كۆپ پۇلدار ئىكەن،
ئەمما، ئاتا - ئانىسى باي ئەمەس نىمكار ئىكەن.
شامۇ - سەھەردە كۆرمىسە جانغا بەكمۇ زارئىكەن،
ئاللا ھېكمىنىڭ ھىممىتىگە باش قويۇپ تاۋاب قىلىشقا تەييار ئىكەن.

داستانىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، ۋەقەلىك پەردىسى تەدرىجىي ئېچىلىپ، ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىنىڭ بالىلىرىغا قالدۇرغان ۋەسىيىتى سۆزلىنىدۇ. ئېيتىلىشىچە، يىللار كەينى - كەينىدىن ئۆتۈپتۇ، ئاللا ئاتا قىلغان قېرىلىق بەش ئاكا - ئۇكىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ھاسىغا مۇپتىلا قىلىپ، نۇرلۇق كۆزلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپتۇ، ماغدۇرلىرىدىن كېتىپ، گويا ئوقيانىڭ ياسىدەك ئېگىلىپ، بەللىرىمۇ مۈكچىيىپتۇ. ئۇلار بۇنىڭ ئىنسانىنىڭ قارارگاھىغا يېقىنلاشقانلىقىنىڭ نىشانىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇڭا ئاتا - ئانا بىر كۈنى بەش ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇلارغا دەپتۇ:

— ئەي كۆزىمىزنىڭ نۇرلىرى، جىسمىمىزنىڭ قۇدرىتى بولغان ئەزىز پەرزەنتلىرىمىز، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، ئاللاتائالا جەبرائىلىنىڭ ئېتىنى ئىگەرلەپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئالدىمىزغا ئەۋەتىپتۇ، ئۇ بىزگە بۇگۈنكى كۈننى ئاتا قىلدى، بىز ساراسىمگە چۈشۈپ قالدۇق، بىز سىلەردىن ئايرىلىپ ئۇ دۇنياغا كېتىشتىن قورقۇپ، سىلەرنى چاقىردۇق. بىز كەلگەنىكەنىمىز ھامىنى كېتىمىز، بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. شۇڭا تىلىمىزنىڭ بارىدا سىلەرگە سۆزلەشنى، كۆزۈمىزنىڭ بارىدا سىلەرنى كۆرۈشنى نىيەت قىلىپ، سىلەرنى چاقىردۇق. پەرۋەردىگار سىلەرگە بەخت نۇرىنى چېچىپ، بىزدەك بىچارىلەرنىڭ پۇشتىدىن بولغان پەرزەنتلەرگە تەقدىر چىرىقىنى يورۇتتى. بەلكى بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ شۇنداق قىلغاندۇر. مانا كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، بىرىڭلار دەفئى - دۇنياسى مول سودىگەر، بىرىڭلار خان - سۇلتانلارغا سەردار، بىرىڭلار شائىر - سازەندە — ھەممە ئىشتىن خەۋەردار، بىرىڭلار ئۆلىما - ئالىم — پەندۇ - نەسىھەتتە تەڭداشسىز تۆھپىكار، بېشىڭلاردا تاج، قولۇڭلاردا قۇرئان - تەسۋى، ئۇندىن قالسا ئۆتكۈر شەمشەر. سىلەر دۇنيادا يېڭىلمەس بىر كۈچ. ئەپسۇسكى، سىلەرنىڭ كەنجى ئىنىڭلار سىلەر تۇرغان بۇ ئورۇنغا نېسىپ بولمىدى. ئۇ بىزنىڭ كەچۈرمىش تەۋەرۈكىمىز سۈپىتىدە دېھقان بولۇپ قالدى، سىلەر گويا كەپتەردەك قانات چىقىرىپ ھەر تەرەپكە ئۇچتۇڭلار، ئۇ بولسا ئاتا - ئاناڭلارنى ئۆز پاناھىغا ئېلىپ كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ، ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، دەردىگە دەرمان بولۇپ، قانات ئاستىڭلارغا ئېلىڭلار.

بالىلار بىر-بىرىگە قارىشىپ، ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىسىنىڭ دېگەنلىرىنى قۇلىقىدا چىڭ ساقلايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز يوللىرىغا راۋان بوپتۇ.

پەدەرۇ-مادەر بوسە① قىلدى پېشانىلىرىغا،
پۇسەرلەر② بوسە قىلدى ئۇلار قوللىرىغا.
ئايرىلىشقا قىيمىدى كۆز خۇددى ھىجراندەك،
تەستە كەتتى بۇرادەرلەر ئەسلى يولىغا.
قالدى پەدەر، قالدى مادەر ھەم كەنجى يىگىت،
ئېتىزلىقتا مېھنەت بىلەن تەرگە چىلىشىپ.
لېكىن، يىللار ئۆتتى بۇندا ئاتا-ئانىلار،
ئورۇن تۇتتى سەكراتتا قېرىلىق يېتىپ.
كەنجى يىگىت ئاسماندىكى تۇرنىغا قاراپ،
سالام ئېيتتى ئاكىلىرىم كەلسۇن دەرھال دەپ.
دەريالارغا كۆز يېشىنى تۆكتى ھېسابسىز،
ئاتا-ئانا بىمارلىقتىن كەتتى بەك جۇدەپ.

داستاننىڭ 2-قىسمىدا ئاتا-ئانىسىدىن ۋە كەنجى ئىنىسىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي يولىغا ماڭغان تۆت ئاكا-ئۇكىنىڭ ئوخشاشمىغان سەرگۈزەشتلىرى بايان قىلىنغان.

تۆت ئاكا-ئۇكا كەتكەندىن كېيىن، ئۇلاردىن ھېچ خەۋەر كەلمەيدۇ. ھېكايەت قىلىنىشىچە، ئۇلاردىن بىرى ئۆز سەردار ھەلەكچىلىكىدە نەدە جەڭ-ماجىرالار بولسا، شۇ يەردە قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ غالىبلارچە قان-دەريالارنى كەچكەن، مىڭلىغان باشلاردىن خان-شاھلارغا قەلئە-سېپىللارنى ياساتقان. بىرى، مەدرىسلەردە قۇرئان-ھەدىسلەردىن بىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۆز پەندۇ-نەسىھەتلىرىنى ئوقۇپ، جاھانگەشتىچىلىك قىلغان. بىرى، خان سارايلىرىدا ناخشا-قوشاق قېتىپ، چاڭ-داپلىرىنى چېلىپ، خانۇ-خانىشلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش بىلەن بەنت بولغان. يەنە بىرى، مەشرىقتىن-مەغرىبقىچە سودا كارۋانلىرىنى باشلاپ بىھېساب مال دۇنيا يىغىپ، غېرىب-غۇربانە ئاتا-ئانىسى ۋە ئەزىز يۇرتىنى ياد ئېتىپمۇ قويمىغان. ئاتا-ئانىلىرى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز يېنىدا تۇرۇشىنى، ئۇلارنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ جان ئۈزۈشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-پەرىشتىلىرىنىڭ خىيال يىپلىرى جەبرائىلنىڭ ئۆتكۈر زۇلپىقارى تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىپ، كەينى-كەينىدىن بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ. كەنجى ئوغۇل بار-يوقىنى ئىشلىتىپ، ئاتا-ئانىسىنى يەرلىكىدە قويىدۇ. ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇ ئاكىلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئالالمايدۇ.

ئۈچىنچى قىسمىدا، تۆت ئاكا-ئۇكىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ئازراقمۇ كۆز يېشى قىلمىغانلىقى، كەنجى ئىنىسىنى ئادەم قاتارىدىمۇ كۆرمىگەنلىكى، كەنجى ئىنىسىنىڭ ئۇلاردىن كۆڭلى سوۋۇغانلىقى ۋە مۇشۇ ئىشلارغا ياندىش ھالدا نۇرغۇن ۋەقەلىكلەر، مەنزىرىلەر، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ناھايىتى تەسىرلىك بايان قىلىنغان.

داستاننىڭ تۆتىنچى قىسمى داستان ۋەقەلىكىنىڭ يۈكسەك پەللىسى بولۇپ، داستاننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىمۇ مۇشۇ قىسىمدا روشەنلىشىدۇ. داستاندا ئېيتىلىشىچە، يىللارنىڭ كەينىدىن يىللار ئۆتۈپتۇ. «ياخشى كۈنلەرنىڭ يامىنىمۇ كېلىدۇ» دېگەندەك، ئەلدە جەڭگە-جېدەل، ماجىرايۇ-غەۋغا، نىزايۇ-غەلىيان يۈز بېرىپ؛ غۇربەتچىلىك، يوقسۇزلۇق ئالەمنى قاپلاپتۇ. يات ئەللەر بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت

① بوسە-سۆيمەك، ② پۇسەرلەر-ئوغۇللار

بىلىپ لەشكەر تارتىپ، شاھنىڭ سەلتەنەتلىك، ئەمما لىگشىپ قالغان تاجى - تەختىگە ھۇجۇم قىپتۇ. شۇنداق قىرغىنچىلىقلار بولۇپتۇكى، ئەرلەر ئاياللىرىدىن، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ، يېتىمچىلىك، مۇساپىرچىلىق، سەرسانلىق، سەرگەردانلىق يولى ھەممىنى ئىلكىگە ئاپتۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇشۇ كۈنلەر ئاكا - ئۇكىلارنىڭ بېشىغىمۇ چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى دېھقان كەنجى ئىنىسىنى ئېسىگە ئېلىشىپتۇ ۋە ئارقا - ئارقىدىن كەنجى ئېنىسىنىڭكىگە قاراپ مېڭىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ كەنجى ئىنىسىنىڭكىگە كەلگەن چاغدىكى تۇرق - ھالەتلىرى، ئېچىنارلىق كەيپىياتلىرى، ئىنىسىدىن كەچۈرۈم ۋە بىر توغرام نان سورىغان چاغدىكى يالۋۇرۇشلىرى ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى - ھاكاۋۇرلۇقى، يۈزسىزلىكى، زالىملىقى ۋە رەھىمسىزلىكىگە روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، كىتابخانلارنى ھەم نەپرەتلەندۈرىدۇ ھەم ئېچىندۇرىدۇ. كەنجى ئىنىسىنىڭ بۇ رەھىمسىز، ۋىجدانسىز مەخلۇقلارنى كەچۈرۈم قىلغان چاغدىكى ئاقكۆڭۈللۈكى، رەھىمدىللىكى ۋە مەردلىكى ھەرقانداق نورمال ئىنسان زاتىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

داستاننىڭ خاتىمىسى مۇنداق: كەنجى ئوغۇل ئاكىلىرىنىڭ غېرىبانە ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇزۇن زامان ئۆزىدىن نومۇس قىلغان، بىر مەھەل تېرىسىگە پاتماي كۆرەڭلەپ كەتكەن ھاكاۋۇر ئاكىلىرىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپتۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ۋەسىيىتىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇلارنى كەچۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئاكىلىرى قىلغان - ئەتكەن ئۆتمۈشلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، كەنجى ئىنىسىنىڭ ئايىغىنى خۇددى ئۇلۇغ مازاردەك تاۋاپ قىپتۇ، بېشى ئەرشكە يەتسىمۇ، دېھقاننىڭ بىر بۇردا نېنىنىڭ ئورنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، دېھقان بولمىسا، ئالەمنى تۇتۇپ تۇرغان ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ھەممە خىيال - ۋەسۋەسە، غايىۋى ئەقىدىلەردىن ۋاز كېچىپ، كەنجى ئىنىسىنى باش پاناھ ۋە رىسقى بۇلاق قىلىپ، دېھقان بولۇپ يەر تېرىشقا باشلاپتۇ.

## 2. «پەنج بۇرادەر»نىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى مەزمۇنى

«پەنج بۇرادەر» داستانى فىردەۋسى، نىزامى گەنجەۋى، ئابدۇرەھمان جامى ۋە ئەلشىرناۋائىدەك كاتتا داستانچىلارنىڭ پىششىق قەلىمىدە يارىتىلغان ئەمەس، بەلكى ئاددىي خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، داستان كېلەڭسىز ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل سىيۇژىتقا، چېچىلاڭغۇ پىكىرگە ئەمەس، بەلكى ئېنىق مەركىزىي ئىدىيىگە، تاغدىن - باغدىن ئەمەس، بەلكى ئېنىق شېئىرىي ئوبرازغا، تېتىقسىز، تەمسىز ئەمەس، بەلكى روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ شېئىرىي ئوبرازلار ئارقىلىق يىراق تاجىك جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن خەرىتىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە، «پەنج بۇرادەر»نىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى — دېھقان شەجەرىسىدۇر. بۇ خىل ئىدىيە داستاننىڭ پۈتكۈل جەريانىغا، ھەربىر قۇرۇلما - قاتلىمىغا، ھەرقايسى قۇر - مىسرالىرىغا ھەتتا بايان تۈسىگىچە سىڭدۈرۈلگەن.

داستاندا ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشاش بولمىغان بەش ئاكا - ئۇكىنىڭ كەچۈرمىش - سەرگۈزەشتىلىرى، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ شەكىللەنگەن ئىدىيىۋى مەۋقەسى، بۇنىڭدىن يەنە ھاسىل بولغان ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ۋەقەلىك لىنىيىسى قىلىنىپ ناھايىتى قىزىقارلىق بايان قىلىنغان. باياننىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا، كەنجى ئىنىسىنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىپ، خەلقنىڭ دېھقانچىلىق ھاياتى ۋە كۆز قارىشى تەسۋىرلەنگەن. پۈتكۈل داستان ۋەقەلىكى كەنجى ئىنىسىنىڭ پائالىيىتىنى دەۋر قىلىپ، ئۇنىڭ پاكلىقى، ساپدىللىقى، ئېغىر بېسىقلىقى، مېھنەتكەشلىكى، رەھىمدىللىكى جانلىق، تەسىرلىك بايان قىلىنغان. داستاندا دېھقان ئوبرازى ئارقىلىق ئالغا سۈرۈلگەن قىممەتلىك قاراش شۇكى، ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ

ئىجتىمائىي ئورنى، مەنسىپى، مەرتىۋىسى، مال - دۇنياسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، «دېھقان»غا تايىنىش كېرەك. ئىنسان زاتى ئىچىدە، دېھقانلار ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ خەيرى- ساخاۋەتلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھاياتلىقنىڭ ئاچقۇچى، دۇنيانىڭ ئاۋاتلىقىمۇ ئالدى بىلەن دېھقان مېھنىتىگە باغلىق. تۇرمۇش گۈلزارىدا دېھقان بەئەينى گۈللەر ئارىسىدىكى جۇلالىنىپ تۇرغان ئەتىرگۈل. ئىنسان ئارىسىدا دېھقانغا تەڭداش كېلىدىغان ساپدىل، شەپقەتلىك، ئاقكۆڭۈل ئىنسان يوق. ھەرقانداق تەقۋادار ئەركەك بىلەن نازىنىن خوتۇنلارنىڭ تەقۋادارلىقى ۋە نازىنىنلىقىمۇ دېھقان نېنىنىڭ قۇدرىتىدىن بولغان.

داستان كىشىلەرنى دېھقانلارنى ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرىق - تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ خىل ئىدىيە داستاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرىدا تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈنىدۇ: «ھېكايىمىز مۇشۇ يەرگىچە داۋام قىلدى، ئۇ كەنجى ئوغۇلنىڭ ئاكىلىرىدەك يامان ئاقىۋەتكە قېلىشتەك ئىشتىن بىزنى ساقىت قىلغاي. ھەربىر ئىنسان بالىسى مەرتىۋىلىك، تەقۋادار بولسۇن - بولمىسۇن، دېھقاننى كەمسىتمەسلىك كېرەك. دېھقاننى كەمسىتىش تۇز كورلۇق، گۇناھ ۋە ناداننىڭ ئىشىدۇر، خالاس.»

دېھقاننىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە ناھايىتى يارقىن يارىتىلغان. دەل ئۇنىڭ تۆت ئاكىسى كۈن كۆرەلمەس ھالەتكە چۈشۈپ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ كىنايىلىك ۋە زەھەر خەندىلىك سۆزلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى گۈزەل شېئىرىي دۇردانىلەر بىلەن ئۇلارغا تەنبىھ - نەسىھەت بېرىدۇ، ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىدۇ:

بۇ دۇنيا گوياكى سېھىرگەر خوتۇن،
گاھىدا سولىشار، گاھىدا گۈلگۈن،
بەزىدە كۈلدۈرسە، بەزەن يىغلىتار،
قايتۇرار ئەسلىگە بىر ئوقۇپ ئەپسۇن.
ئۇل مىسران قىلىچتا ئاقتى قانچە خۇن،
جاھالەت سېنىڭدىن تۇتۇلغاندەك كۈن.
ئادەمدىن تاندىڭمۇ؟ خۇدادىنمۇ ھەم،
دىلخانەڭ قاراڭغۇ رۇزىگارىڭ تۈن.

بۇ، كەنجى ئوغۇلنىڭ سەلتەنەتلىك خان ئوردىسىدا شان - شۆھرەتكە ئىگە بولغان سەردار ئاكىسىغا ئېيتقان سۆزلىرى. ئۇنىڭ سۆزلىرى بەرھەق ئىدى. چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ سەردار ئاكىسىنىڭ زەھەرخەندىلىككە تولغان مىسرالىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، تەمىنى تېتىپ باققانىدى. ئاتا - ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كەنجى ئوغۇل سەردار ئاكىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغانىدى. ئاللاتائالا ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇردى. بىر كۈنى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تىللا - كۈمۈش قادالغان كەمەرلىرىنى پارقىرىتىپ، ئارغىماق ئۈستىدە ئۆزىنى تەڭداشسىز قۇدرەت بىلەن كۆرسىتىپ، قىلىچىنى ئوينىتىپ، شاھ ھوزۇرىدا سەردارلىق بىلەن نامى پۇر كەتكەن سەردار ئاكىسى كەپتۇ. زالىملىقىنىڭ بورانلىرى يۇرتنى كەزگەندەك، قىلىچ ئالدىدا بۇ غادايغان سەردارغا يول - يوللاردا خەلقلەر يايدەك ئېگىلىپ تازىم قىلىپ يول بوشىتىپتۇ. سەلتەنەتلىك شاھ ئوردىسىدا شانۇ - شەۋكەتكە ئېرىشكەن سەردار ئاكىسىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان كەنجى ئوغۇل كۆڭلىدە بىر ئاتىنىڭ كەمرىدىن، بىر ئانىنىڭ مېھرىدىن تامغان مۇشۇنداق بىر ئاكىسىنىڭ بارلىقىدىن سۆيۈنۈپتۇ. لېكىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇپتۇ. چۈنكى، ئاكىسى بىلەن قۇچاق ئېچىپ كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلغان كەنجى ئوغۇلغا سەردار خالايىققا ئوخشاش ئېگىلىپ تەزىم قىلىشنى بۇيرۇغانىكەن، تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشتىلا يۈز بەرگەن بۇ ھادىسە ئۈمىد يىپىنى بىر تىنىقتىلا ئۈزۈۋېتىپتۇ. سەردار خالايىق ئالدىدا كەنجى ئىنىسىغا ئېيتىپتۇلەركى:

www.uyghurkitap.com

ھەي گاداي بوينۇڭنى تولغاپ تىك تۇتمىغىن زىنھار ماڭا،
تىك بويۇننى ئەگدۈرۈش ئەسلىدە خۇمار ماڭا.
ئەسلى زاتىڭ پەس ئېرۇر، نادانلىقىڭ ئۇندىن تولا،
مەن ئۆزۈم بىرلە جاھاندا سەردارلىقىم بىسيار ماڭا.
بىر ئۇرۇقنىڭ ئۈنمىكى ھەم ئۆلمىكى ھېچگەپ ئەمەس،
گەر كېمەيسە نە بولۇر ئادەم ئىچىدىن تېگى پەس.
سەلتەنەتكە قونمىسۇن چاڭ ئۆلسە مەيلى بىرچىۋىن،
سەن چىۋىنسەن! يولنى بوشات! كۆزى قارىغۇ دىلى خەس.

سەردارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكى توغرىلىق ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ بىر قورساقتا ياتقان قېرىنداشىغا تىل زەھىرىنى چاچقان يەردە خالايىقنىڭ يەنە گەپ سورىشىغا بېشى ئون ئەمەس ئىدى. ئۇ سەردار ھەتتاكى، رەھمەتلىك ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىگىمۇ كۆز قىرىنى سالماي، تۇلپارىنى دىۋىتكىنىچە چاڭ - توزان توزۇتۇپ كۆزلەردىن غايىپ بوپتۇ. ئىنىسى بولسا، شەپقەتسىز ئاكىسىنىڭ قىلىقىدىن زارلىنىپ، خۇداغا نالە - پەرياد قىپتۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەرۋاھىغا ئىسرىق سېلىپ يۈم يۈم يىغلاپ شىكايەت قىپتۇ. بۇ بىچارە دېھقاننىڭ قولىدىن قۇرۇق دادـ پەريادتىن باشقا يەنە نېمە ئىشلار كەلسۇن دەيسەن.

داستاندا سەردار ئاكا بىلەن دېھقان ئىنىنىڭ ئىككى قېتىملىق ئوخشاشمىغان مۇھىتتا ئۇچرىشىشتىكى سۆز - ھەرىكىتى سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق جىسمانىيىتى ئوخشاش بولغان، ئەمما ئىچكى دۇنياسى باشقىلا باشقا بولغان ئىككى خىل ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئېچىپ بېرىلگەن. رېئال تۇرمۇشىمىزدا بۇنداق ئىككى خىل ئىنسان يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟!

داستاندا يەنە دېھقان ئوغۇلنىڭ ئوبرازىغا ياندىش ھالدا ئۇنىڭ سەردار ئاكىسىدىن باشقا كارۋان ئاكىسى، شائىر - سازەندە ئاكىسى ۋە ئۆلىما ئاكىسىنىڭمۇ سەلبىي ئوبرازى ناھايىتى جايىدا يارىتىلغان.

كەنجى ئوغۇل بار - يوقىنى سەرپ قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنى يەرلىككە قويۇپتۇ. ئۇ ئاكىلىرىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، موللا ئاكىسى ئالاپەشمەت كىيىپ، يوغان سەللە يۆگەپ، قاپقارا قويۇق ساقاللىرىنى تاراپ پەيدا بوپتۇ. ئۇ قېچىرىدىن چۈشۈپ كالامۇشەرىپ (قۇرئان كەرىم) نى باغرىغا بېسىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن خانىسىغا چوڭ سۆپەت بىلەن كىرىپتۇ - دە، بۇ قالايمىقانلاشقان غېرىبانە كەپىدە تىزىنى بىلىنەر - بىلىنمەس ئېگىپ خەتمىقۇرئان قىپتۇ. ئاندىن ئىنىسىگە سوغۇققىنە سالام - سائەت قىپتۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ مېھرىبان ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئازراقمۇ كۆز يېشى قىلماپتۇ، يالغاندىن بولسىمۇ ئازراق ئۆكۈنۈپ قويماپتۇ. ئۇنىڭ بۇ تاش يۈرەكلىكىدىن كەنجى ئىنىسىنىڭ يۈرىكىگە دەز كەتكەندەك بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كونىلارنىڭ: «بەش ياشلىق سەپەردىن كەلسە، يۈز ياشلىق ئالدىغا چىقىپتۇ» دېگەن ھېكمىتى بويىچە ھېچ ئىشنى چاندۇرماي، موللا ئاكىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ ئۆز خانىسىدا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ قېلىشىنى تەلەپ قىپتۇ. ئەلقىسسە: موللا ئاكىسى ھازىرلا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇ خاراب خانىدا بىر دەقىقە ئارتۇق تۇرۇشقا تاقەت قىلالمايدىغان مەيلى يوقلۇقىنى ئىزھار قىلىپ قايتماقچى بولۇپ، كەنجى ئىنىسىگە مۇنۇ بېيىتنى نەسىھەت ۋە خوشلىشىش ئورنىدا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ:

ئەي، دۇنيادىن بىخەۋەر قالغان نادان كىشى،
كالا - ئۆكۈزۈڭ، مېھنەت بىلەن ھەمدەم ساڭا.
تاشلا مېھنىتىڭنى، ئال قولۇڭغا مەن كەبى،
كالامۇشەرىپ ئەڭ ئۇلۇغ ئۇلپەت ساڭا.

گەر كۆزۈڭنى ئاچمساڭ، كالا كەبى هايۋانسەن.
خارۇ ـ زار يوقسۇز هاياتىڭ مەڭگۈلۈك سەرسانسەن.
يوق مېنىڭ سەندەك قېرىنداش، ئۆلپىتىم هەم سىردىشىم،
بىر كىچە تۈنىمەك قىيىن، باق سېنى ۋەيرانسەن.

موللا ئاكا شېئىرىي زەھىرىنى كەنجى ئىنىسىگە ئىچكۈزۈپ، كەينىگىمۇ قارىماي، قېچىرىنى مىنىپ كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كېتىپتۇ. يۈرىكى لەختە ـ لەختە قانغا تولغان كەنجى يىگىت دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئېغىلغا كىرىپتۇ ۋە تىك مۈڭگۈزلۈك، ياۋاش، ئەمما جىدامىلىق ئىشچان ئۆكۈزىنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ ئىچىدىكى دەرد ـ ئەلەمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپتۇ:
سەن بولمىساڭچۇ ئەي ئۆكۈزۈم، كۆز نۇرۇم،
مەن يوق ئىدىم، ئۇ يوق ئىدى هەم يوق ئىدى بۈگۈنۈم.
تىلغا قالدىم، شۇنچە ئاھانەت نە كېرەك؟
باق مانا جاھان جاھالەت دىل شكەستە بولدى خۇن.
بىر جىگەردە چوڭ قىلىپ، تاپماق بۆسەلەر نە كېرەك؟
هايۋاندىن پەسكەش ئادىمزات ئەمدى ماڭا نە كېرەك؟
ئۆزگىرىپ موللام ئىشككە ھاڭرىسا راۋا ئەمەس،
ۋەز ـ نەسىھەت قۇرۇق سۆلەت ئەمدى ئاڭا نە كېرەك؟
شۇندىن تارتىپ، كەنجى ئوغۇلنىڭ كۆڭلى موللا ئاكىسىدىن سوۋۇپ، دىلى زەخىم يەپ، ئۆكۈزىگە ھەمرا بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ ھوسۇل ئاپتۇ.
ئارىلىقتىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپتۇ. تىرىكچىلىك ئامالى قالمىغان موللا ئاكا كەنجى ئىنىسىنىڭكىگە كەپتۇ. ئىشىك ئېچىلىپ پەگادا سەللىسىنى يالىڭاچ قالغان بەدىنىگە كىيىم ئورنىدا ئورىغان موللا ئاكىسى كىرىپ كەپتۇ، ئۇ دەرۋىشلەرگە ئوخشاپ قالغانىكەن. ئۇ پەگاغا كىرىپلا كۆكرىكىگە باسقان قۇرئاننى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەسەم قىلغاندەك بولۇپتۇ ـ دە، كېسىلگەن تېرەكتەك سىلكىنىپ يىقىلىشقا تاس قاپتۇ. دېھقان ئىنىسى ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاران تۇرغۇزۇپتۇ: «ئېھ ... مېھرىبان ئىنى ماڭا هازىر زۆرۈر بولغىنى بىر بۇردا نان» دەپتۇ ئۇ. كەنجى ئىنىسى تەقۋادار موللا ئاكىسىنىڭ ئېچىرقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇددى غەلۋىردەك يوغان ـ يوغان نانلارنىڭ تەكچىدە تۇرغانلىقىنى ئىما قىپتۇ.
موللا ئاكىسى خۇددى ئاچ بۆرىدەك نانغا قاراپ ئېتىلىپتۇ ـ يۇ، لېكىن ئېگىز تەكچىدىكى نانغا قولى يەتمەپتۇ. ئۇ ئالالنىڭ غەزىپىدىن قىلچە قورقماي، هېچبىر ئىككىلەنمەستىن مۇقەددەس كىتابنى ئايىغىغا قويۇپ، تەكچىدىكى ناننى ئاپتۇ ـ دە، يېگىلى تۇرۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل كېچە ـ كۈندۈز، ھەتتاكى بىر ئۆمۈر خۇداغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ، ھەممىدىن مۇقەددەس كىتابنى ئەزىز كۆرگەن. ئەمما بۈگۈن بولسا، بىر بۇردا ناننى دەپ ئۇنى دەپسەندە قىلغان موللا ئاكىسىغا قاراپ ئېيتىپتۇ:
كەل بۇردا ناننى يە، دېھقان ئۇلۇغ، يەر ئۇلۇغ.
كۆڭلى ئالا كالدۇر، مۆز جىلغىدەك دىلى دۇغ.
مېھنەتنى ئەلا بىلمىگەن تەركى دەرۋىش ئۆزىدۇر،
ئىنسان ئەمەس خاۋارىج قەلبى ناپاك دىلى سوغ.
نۇسرەت تاپارمەن دەر ئىدىڭ مۇقەددەس كىتابنى كۆتۈرۈپ،
جامائەتنى باشلار ئىدىڭ، جەننەتكە يولنى كۆرسىتىپ.
ۋاھ دەرىغ، ھالىڭ نىچۈك رەڭگىڭ خازان بولدى ئەجەب؟
جەننەت قېنى، ماڭدىڭ سەپەر مىڭ بىر گۇناھنى كۆتۈرۈپ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەنجى ئوغۇلنىڭ شائىر ھەم سازەندە ئاكىسى يۇرتىغا كەپتۇ. ئۇ ئاتا خانىسىغا كىرىپ نۇرغۇن شېرىن شائىرانە سۆزلەرنى قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە بېشىدا بولالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ ۋە بىرقانچە كۈن ئىنىسىنىڭكىدە تۇرۇپ قاپتۇ. ئەمما، ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرا ـ تۇرمايلا بۇ يەردىن زېرىكىپتۇ. ئۇنىڭ شائىرانە سۆزلىرى ئىنىسىنىڭ قۇلىقىغا ياقماپتۇ. ئۇ ئالا ئۆكۈزى بىلەن خۇددى قوشكېزەكتەك كېچە ـ كۈندۈز ئېتىزلىقتا بوپتۇ. شائىرنىڭ جاراڭلىق سازلىرىنىمۇ ھېچكىم ئاڭلىماپتۇ. شۇڭا ئۇ بۇ شوم يەردىن بۇرۇنراق ئايرىلىپ، خان ئوردىسىدا نەزمىلەر ئېيتىپ، خانىش ـ نازىنىنلارنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلمىش ئۈچۈن يولغا چىقماقچى بولۇپ، كەنجى ئىنىسىغا:

ئەي ئادەمى، جانىنى ساڭا ئاتا ئەيلىدى خۇدا،
ئاشۇ جىسمىڭغا ھەر نە ھۈنەرنى بەردى خۇدا.
سەن كالا ئەمەس، خۇدانىڭ بەندىسى ئىنسان،
ھىممىتىنى بىلمىدىڭ سېنى ھايۋان ساندى خۇدا.
خۇدا بەرگەن جانىنى ئۆپراتماق نائەھلىنىڭ ئىشى،
ئېيت ناخشا، چال سازىڭ دۇنيادا ئامانەت كىشى.
نە كېرەك تويا ـ چاڭ، سېسىق تەر، مېھنەتى كار،
ئۇ ئۆمۈرنىڭ باھارى قىسقا، مۇدھىشتۇر قىشى.

دېگىنىچە چاڭ ـ راۋابلىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىنىدىن خان ئوردىسىغا قاراپ كېتىپ قاپتۇ.

ئارىلىقتىن قانچە يىللار ياكى ئايلار ئۆتكەنلىكى نامەلۇم. بىر كۈنى كەنجى ئىنىسى ئولتۇرسا، ئىشىك ئېچىلىپ پەگاھقا گۈپپىدە قىلىپ بىر نەرسە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئىنىسى قارىغۇدەك بولسا چاچلىرى خۇددى رىۋايەت ـ ئەپسانىلەردىكى ئايال دېۋىلەرنىڭكىگە ئوخشاش پاخپايغان، يۈزىدە قانىنىڭ دىدارى قالمىغان، بوغچىسىدا بىر پاتمان كىتابلار، ئاغزىدا قەغەز پارچىلىرىنى چايناپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى قارا رەڭدە بوياپ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن شائىر، غەزەلخان، سازەندە ئاكىسى تۇرغۇدەك. ئىنىسى ئۇنى يۆلەپ، كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرىنى پىچاقنىڭ ئۇچىدا ئېچىپ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا:

— ئىنىم، ئايىغىڭدا ئۆلۈشكە رازىمەن، بىر بۇردا نان بەرگەن بولساڭ دەپتۇ ـ دە، تىلى كالۋالىشىپ بىخۇت بوپتۇ. ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەمگە دەرھال بىر نەرسە بېرىشكە بولماس ئىكەن. شۇڭا ئىنىسى ئالدى بىلەن ئوچاقتىكى قورۇتۇلغان كالا تىزىكىنى ئوت يېقىپ كۆل قىلغاندىن كېيىن، كۆل شورپىسىنى ئاكىسىغا ئىچكۈزۈپتۇ. ئاكىسى شۇئان ھوشىغا كېلىپ، كەنجى ئوغۇلنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ كەچۈرۈم سوراپتۇ. كەنجى ئىنىسى ئۇنىڭغا نەسىھەت تەرىقىسىدە تۆۋەندىكى مىسرالارنى تىزىپتۇ:

شاھ سارايدا بىر زامان سەن بۇلبۇلى گويا ئىدىڭ،
جۇۋان ـ خانىش ئىشقىدا مەستانە ھەم شەيدا ئىدىڭ.
شوخ سۆزلىرىڭ بىلەن ئۆلۈككە جان ھەم شىپا ئىدىڭ،
ئەمما يالغۇز زاغ كەبى باشقا بىر دۇنيا ئىدىڭ.
ھە، ئەجەب پۈتتى ئاۋازىڭ، ئۈزۈلدى راۋاب تارىسى،
بولدى قۇتقازغۇچى شىپا كالا تىزىكىنىڭ دورىسى.
ئەسلى زاتىڭ كىم ئىدى، قايت يەنە ئەسلىڭگە سەن،
يانسا پەيلىڭ ئوق كەبى، سەن يۇرتىكم پارىسى.

كەنجى ئوغۇلنىڭ بېيىتى تېخى تۈگىمەيلا يەنە ئىشىك ئېچىلىپ ئېغىر بىر ساندۇق كۆتۈرگەن كاتتا باي سودىگەر ئاكىسى كىرىپلا پەگاھقا يىقىلىپتۇ. ئۇنىڭ قورسىقى كۆپۈپ ئېڭىكى بىلەن تەڭلەشكەنىكەن، تىلى گەپكە كەلمەس ئىكەن. كەنجى ئىنىسى ئاكىسىنىڭ قورسىقىنى ئۇۋۇلاپتۇ، قولىغا قاتتىق ـ قاتتىق نەرسىلەر ئۇرۇلۇپتۇ، «بۇ چوقۇم ئاچلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي ياكى كۆزى قىيماي، ئالتۇن ـ كۈمۈش

زىخچىلىرىنى ۋە ياكى بولمىسا ئالتۇن تەڭگىلىرىنى يىگەن چېغى، شۇڭا ئۇنى قۇستۇرۇش زۆرۈر» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ. قۇستۇرۇشنىڭ باشقا ئامالى يوق، كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇش شەرت ئىكەن. كەنجى ئوغۇل دەرھال ئېغىلغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۆكۈزنىڭ يېڭى سېسىق شاتىرىقىنى ئەكىرىپتۇ. ئۇ زورلاپ تۇرۇپ، بۇ ئىنسان يېمەيدىغان نەرسىنى كاتتا باي ئاكىسىغا ئامالسىز يىگۈزۈپتۇ. سودىگەر ئاكىسىنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ ئاۋۋال تىللا - تەڭگىلەرنى قۇسۇپتۇ، كەينىدىنلا تىللا - زىخچىلەرنى كاكىلىغىلى تۇرۇپتۇ. خېلى بىر ھازادىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچى بوشاپ جېنى ئامان قاپتۇ. ئۇمۇ كەنجى ئىنىسىدىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ، كالا ئورنىدا سۆرەم تارتىدىغانلىقىنى، ئەمدى ھەرگىزمۇ باي بولۇشنى ئويلىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەسەم قىپتۇ. ئاكىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئىكرانىدىن بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن ئاكىسى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى ئىشلار غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ: ئۇلۇغ جۈمە كۈنى ئىكەندۇق، يۇرتنىڭ ئۇ بېشىدىن - بۇ بېشىغىچە «كارۋان كەلدى» دېگەن خۇش خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپتۇ. كۆز يەتكۈسىز زېمىندا كارۋان تۆگىلىرى نەرە تارتقاندەك، قوڭغۇراق كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ يۇرتقا كىرىپ كەپتۇ. بۇ زور كارۋاننىڭ كارۋان بېشى كەنجى ئوغۇلنىڭ ئاكىسى ئىكەن. ئۇلار كەنتكە كىرىپلا سەپنى بەر قارار قىلىپ، بارگاھلىرىنى ئېسىپ، قازانلىرىنى قۇرۇپ، كەيپ - ساپاسىنى باشلىۋېتىپتۇ. ھالبۇكى، كەنجى ئوغۇل شامنى تاڭغا ئۇلاپ ئاكىسىنىڭ دىدارىغا خىيالەن سەجدە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاكىسىنىڭ قارىسىنى ئالماق تۇگۇل، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە چىقىپ بىرەر كەلىمە ئايەت ئوقۇغانلىقىنىمۇ ئاڭلىماپتۇ. سودىگەر ئاكىسى بۇ دۇنيادا راستىنلا بايلىق، مال - دۇنيانى دوست تۇتۇپ، قالغان ھەممە نەرسىنى تەرك ئېتىپ، ئۇنتۇپ قالغانىكەن.

كەنجى ئوغۇل ئاخىرى ئۆزىنى كىچىك بىلىپ، كۈن چىقىش بىلەن تەڭ كارۋانلار قارار — گاھىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ساراي قىزىغانىكەن، ئادەملەر كۆزنىڭ نۇرىنى چاقنىغان تاۋار - دۇردۇن ۋە سەرخىل مال يايمىلىرىدا تاماشا قىلىۋاتقانىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئاكا، — دەپ سالام قىپتۇ كەنجى ئوغۇل ئاكىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇ، ئاكىسى ئۆزىنى كۆرسە ھېچبولمىغاندا «ئاھ، سۆيۈملۈك ئوماق ئىنىم» دەپ ئۇنى باغرىغا ئاتا ئورنىدا مەھكەم بېسىپ، پىشانىسىگە سۆيۈشنى ئارزۇ قىلغانىكەن. ئويلىمىغان يەردىن سالامنىڭ ئورنىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۆزىگە قادالغان كۆزنى كۆرۈپ، كەنجى ئوغۇلنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپتۇ، كۆزلىرىنى قارا تۇمان تۇسقاندەك خىرەلىشىپ، «مەن خاتا تونۇپ قالغان ئوخشىمامدىمەن؟، بۇ بەلكىم ئاكام ئەمەستۇ؟» دېگەن گۇمان پەيدا بوپتۇ.

— ئەي، تېگى پەس ئالدامچى، كىم مېنى سېنىڭ ئاكاڭ دەپتۇ، مەن دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز، شەمشادتەك قامەتلىك، يولۋاستەك ھەيۋەتلىك، خىزىردەك بەرىكەتلىك، پەقەت بىرلا تۇغۇلغان بايۋەتچىمەن، ھەيدىۋېتىڭلار بۇنداق ئالدامچى قەلەندەرنى! بېرىپ ئاكىسىنى تونۇۋالسۇن! دەپتۇ سودىگەر ئاكىسى. ئۇنىڭ گېپى بىلەن تەڭ چاپارمەن - كۆتۈرمەنلەر ئالدى - كەينىگە باقماي، كەنجى ئوغۇلنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەككۈزمەي كۆتۈرگەن پېتى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ تاشلاپتۇ. كەنجى ئوغۇل زار - زار قاقشاپ تۇرۇپ:

— ئەي، تۇزكور! ھېچبولمىغاندا ئاتا - ئاناڭنىڭ قەبرىسىگە چىقىپ بىر كەلىمە خەتمە قۇرئان قىلغان بولساڭ ئىدىڭ، دۆلىتىڭ زىيادە، ماڭغان يولۇڭ زەر، تۇتقان تۇپاڭ تۇتىيا بولار ئىدى، دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. سودىگەر غادايغىنىچە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا پىسەنت قىلماي مۇنۇ بېيىتنى ئېيتىپتۇ:

قەلەندەر ئاغزىدىن چىققان ئالتۇنمۇ يەردۇر،
ئۇنىڭ مىنگەن تۇلپار ئېتى ئات ئەمەس خەر دۇر.
جەننەت دېسە جەننەت ئەمەس مىسلى زىمىستان،
يۈزى قارا، دىلى گويا زەھەردۇر.
يولۇڭغا ماڭ! مەن بەگزادە، سەندەك ئىنىم يوق،
ئىزا قىلما مېنى ھەرگىز باشىسىز تېنىم يوق.
ئاتامىمۇ پۇل، ئانامىمۇ پۇل، باشقىسى يوقتۇر،
يوقال ئەمدى ئەسلى زاتىڭ زادى بىلگۈم يوق.

كەنجى ئوغۇل شۇنداق قىلىپ ئاكىسىدىن دەككىسىنى يەپ ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. ئاكىسىنى مال - دۇنيا شاياتۇندەك ئازدۇرۇپ، ئاتا - ئانىسىدىن، يۇرت - ماكانىدىن تاندۇرغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپتۇ. ھالى خاراب،

باغرى كاۋاپ ھالدا ئۆزىنى يەرگە ئېتىپتۇ. يەر — پەقەت ئاشۇ مۇقەددەس يەرلا ئۇنى ئۆزىگە قوبۇل قىپتۇ. يەرنىڭ مېھرى ئۇنىڭغا قوياشتەك ئىسسىق، ئانىدەك مېھرىبان كۆرۈنۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇلنىڭ خىيال ئەينىكىدىن بۇ ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئاكىسىغا قاراپتۇ. ئۇ ئاۋۇال ئاكىسىنى كەچۈرمەيدىغان بوپتۇ - يۇ، يەنە قانداقتۇر بىر خىل غايىۋى كۈچ ئۇنى ئاكىسىنى كەچۈرۈشكە قىستاپتۇ. ئۇ شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئاكىسىنى تەنبىھلەپ مۇنداق دەپتۇ:

ئادەم - ئادەمدۇر، ئۇنى ئادەم قىلغان كۆزىدۇر،
ئالەمنى مالەم ئەيلىگەنمۇ مالغا تويماس كۆزىدۇر.
پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى ۋە ئۇ قېرىنداش ئۆلپەت ئەمەس،
پاك يۈرىكىڭ بولمىسا، ئادەم ئېشەكنىڭ ئۆزىدۇر.
كىملەر كەلدى، كىملەر كەتتى، يىغقان دۇنيا نەكەتتى؟
ئاتا - ئانىدىن ۋاز كەچكەنلەر قاناتىدىن ئايرىلدى.
ئاخىر جانغا راھەت بولۇپ شىپالىقتا ئۇل دورا،
قارالىڭ ئاكا ئالتۇن تاجدا دورا بولۇپ بېرىلدى.

## 3. «پەنج بۇرادەر» نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى

«پەنج بۇرادەر» داستانى كومپوزىتسىيە، ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن تاجىك داستانلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن ۋە تەسىرگە ئىگە.

بىز سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلدۇقكى، «پەنج بۇرادەر» داستانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىككى نۇقتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بىرى، داستاندا دېھقان ئوبرازىغا قارىمۇ قارشى بولغان تۆت ئاكا ئۇكىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىقاندا، ئۇلارنىڭ ۋىجدانسىزلىقى، ۋاپاسىزلىقى، رەھىمسىزلىكى، ۋەھشىلىكى ۋە ياۋۇزلۇقى ئېچىپ تاشلىنىش بىلەنلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقى، «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ» غانلىقىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ھەققانىيەتنىڭ ناھەقلىق ئۈستىدىن، يورۇقلۇقنىڭ زۇلمەت ئۈستىدىن، پاكلىقنىڭ ناپاكلىق ئۈستىدىن ئاخىرقى ھېسابتا غالىب كېلىدىغانلىقى، بۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررە قانۇنىيىتى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ خىل قانۇنىيەت ئامىللىرىنىڭ «پەنج بۇرادەر» داستانىدا خېلىلا چېلىقارلىق ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ كىشىگە ھايات ئۈمىدىنى بېرىدۇ، كىشىگە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. بىزنىڭچە، ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرچىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك. ئۇرۇش، قىرىش، قان تۆكۈش، بىر - بىرىنى ھالاك قىلىش قاتارلىقلار ئىنسانلار جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن، بۇلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئەمەس. ئەدەبىي ئەسەر رەقىبلەر ئۇچۇن جەڭ مەيدانىنىلا ئەمەس، بەلكى يارىشىش - ئەپلىشىش مەيدانىنىمۇ ھازىرلاش كېرەك. ئىككىنچىدىن، «پەنج بۇرادەر» داستانى تراگېدىيىنى خاتىمە قىلغان ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى ھېسابتا بەش ئاكا - ئۇكىنى بىر يەرگە جەملەپ، ئۇلارنى ئۆتمۈشكە سالاۋات قىلىپ، كەلگۈسى يېڭى ھايات مەنزىلىگە باشلايدۇ. داستان مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن تاجىك داستانچىلىقى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ داستانچىلىق تارىخىدىكى تراگېدىيە بىلەن ئاياغلىشىدىغان، كىشىگە ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغان، كىشىلىك جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنى يامان ئاقىۋەت بىلەن ئاياغلاشتۇرىدىغان سان - ساناقسىز داستانلاردىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ.

«پەنج بۇرادەر» داستانىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىگە كەلسەك، ئۇ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچىدىن، داستانىنىڭ روھىي ماھىيىتى دېھقان ئۇلۇغ، مېھنىتى ھالال دېگەندىن ئىبارەت. ھالبۇكى، بۇ خىل ئىدىيە مەڭگۈلۈكتۇر. دېھقان مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى ئالدى بىلەن ئاشلىقتۇر. ئاشلىق ھاياتلىقنىڭ ئاساسى، تىرىكچىلىكنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئامىلى. ئاشلىق مەسىلىسى بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلقئارالىق جىددىي مەسىلىدۇر. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ھازىر دۇنيادا 840 مىليون ئادەم ئاچارچىلىقتا ياشاۋېتىپتۇ. 2015 - يىلىغا بارغاندا، بۇ سانىنى 420 مىليونغا چۈشۈرۈش تېخى قەغەز ئۈستىدىكى نىشان ئىكەن. دېمەك، ئاشلىق مەسىلىسى يەنىلا ئىنسانىيەت دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ قىيىن مەسىلە ئىكەن. دۆلىتىمىزدىمۇ ئاشلىق مەسىلىسى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە

ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، دېھقانلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ مېھنىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش لازىم. لېكىن، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە دېھقانلارنى نەزەرگە ئالماسلىق، ئۇلارغا خىلمۇ خىل سېلىق سېلىش، ئاشلىقنى ئىسراپ قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىكى، ستودېنتلىرىمىزدا دېھقان ئاتا - ئانىسىدىن نومۇس قىلىش، ئاشلىقنى ئىسراپ قىلىش، يېزىلارغا بېرىپ ئىشلەشنى خالىماسلىقتەك ناچار كەيپىياتلار ساقلانماقتا. شۇڭا، «پەنج بۇرادەر» داستانىنىڭ دېھقان ھەققىدىكى روھىي ماھىيىتى زور ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە.

ئىككىنچىدىن، «پەنج بۇرادەر» داستانى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. داستان تاجىك تىلىنىڭ سەرىكوي شىۋىسىدە ئىجاد قىلىنغان. داستاننى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك تەرەققىياتى ئادەمنى مەھلىيا قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭدىكى ئوبراز ۋە ئۇسلۇب جانلىق، تەسىرلىك تىل؛ سېلىشتۇرۇش، تەقلىد قىلىش، مۇ بالىغە قىلىش، جانلاندۇرۇش، كىنايە قىلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر؛ يوشۇرۇن، چوڭقۇر ۋە سەممىمىي پىكىرلەر كىشىنى ئىنتايىن مەپتۇن قىلىدۇ. داستاندا بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ۋەقەلىك بايان قىلىنغاندا، ئۇستاتلىق بىلەن تاجىك خەلقىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، كىشىلىك ھايات ۋە مۇناسىۋەت، دېھقانچىلىق ھاياتى ۋە قاراشلىرى كېزى كەلگەندە، يان تەرەپتىن سىڭدۈرۈلگەن. داستانىنىڭ «بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش» تەك بۇ خىل ماھارىتى ھازىرقى زامان داستان يازغۇچىلىرى ئۈچۈن بىر ئۈبدان ئۆرنەك. چۈنكى، ھازىر بىز كۆرۈۋاتقان داستانلارنىڭ بىر قىسمى قارىماققا بەھەيۋەت بولسىمۇ، لېكىن پىكىردە نامرات.

ئۈچىنچىدىن، «پەنج بۇرادەر» داستانى تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە. داستاندىكى ئىككى خىل ئوبرازنىڭ سېلىشتۇرمىلىق ئەخلاق - پەزىلەتلىرى، كىشىلىك ھايات قاراشلىرى، ۋىجدان، مېھرىبانلىق، رەھىمدىللىك، ۋاپادارلىق، تەلىم - تەربىيە قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى - نەزەرىيىۋى پىكىر - ھېكمەتلىرى، پەندى - نەسىھەت خاراكتېرلىك قۇر - مىسرالار ماكان ۋە زامانىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدۇ. بۇ مەنىۋى دۇر - جەۋھەرلەر ئۆز دەۋرى ئۈچۈنمۇ، بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. داستاننى ئوقۇغاندا ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى قىلغان - ئەتكەنلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىدىكى پىشمىك ئامىللارنى داستان روھىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرگۈسى - كېلىدۇ، پەرقلەرنى تاپقۇسى كېلىدۇ، بولمىغۇر يەرلىرىنى تۈزەتكۈسى كېلىدۇ. بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، بۇ ئەدەبىياتنىڭ كىشىگە بولغان تەسىرچانلىقى. بىزنىڭچە، ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي سېھرىي كۈچىمۇ مۇشۇ يەردە.

تۆتىنچىدىن، «پەنج بۇرادەر» داستانى تاجىك فولكلور لىنىيىسىدۇر. ئۇ بايان قۇرۇلمىسىدا، ھېكايەت — شېئىر پوسۇنىدا ئىجاد قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەر ھېكايەت شەكلىدە بايان قىلىنغان بولسا، دېئالوگ ۋە پىكىرنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا شېئىرىي شەكىل قوللىنىلغان. بۇ، ئادەمگە شەيخ سەئىدىنىڭ مەشھۇر «گۈلۈستان» ۋە «بوستان» ئەسىرىنى ئەسلىتىدۇ. داستاندا ناھايىتى كۆپ قەدىمكى ماقال - تەمسىللەر، پەندى - ھېكمەتلەر، تەمسىللات جەۋھەرلىرى قوللىنىلغان. بۇلار تاجىك ئەل ئەدەبىياتى تارىخى ۋە ماھارىتىنى تەتقىق قىلىشتا، ھازىرقى ئىجادىيەتتە ئىلھام ئېلىشتا، مۇھىم ماتېرىياللىق رولىنى ئوينايدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ماكان، زامان ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى چېلىقارلىق بولغان «پەنج بۇرادەر» داستانى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى - پىكىر قىممىتى، بەدىئىي - ئېستېتىك قىممىتى، فولكلور - ماتېرىياللىق قىممىتى ۋە ئۆرنەك - تەدبىق قىممىتى بىلەن تاجىك ئەل داستانچىلىقىدا ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

ئىزاھات:

ماقالىدە مىسالغا ئېلىنغان ماتېرىياللار «جۇڭگو تاجىكلىرى» ناملىق كىتاب بىلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 4 - سانىدىكى «پەنج بۇرادەر» داستانىدىن ئېلىندى.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

**تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

# ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى چىنلىق توغرىسىدا

ھەسەنجان سادىق*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، رېئالىزم، رومانتىزم، مودېرنىزم قاتارلىق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بىلەن كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىشىدىكى پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى تۈپ ئاساسىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان چىنلىق توغرىسىدا ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：本文分析了现实主义、浪漫主义和现代派等创作方法的主要特点，以及激发读者兴趣的心理特点，在此基础上，着重讨论了文学艺术创作中的根本问题之一真实性问题。

**Abstract**: This article mainly analyses the main features of realism, romanticism, modernism and psychologcal characteristics of stimulating the readers interest as well. Based om which, it lays main stress om the research of truthfulness-one of the fundamental problems in literary and artistic creation.

## 1

مەلۇم بىر ئەدەبىي ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە قىممىتى كىتابخانلارنىڭ ئۇنىڭدىن قايسى دەرىجىدە لەززەت ئېلىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. كىتابخانلارنىڭ مەنىۋى لەززەتكە ئېرىشىشى، روھىي قانائەت ھاسىل قىلىشى، قايىل بولۇشى پەقەت بەدىئىي ئەسەردىكى گۈزەل ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن چىنلىقنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكى، ئىشەنچلىكلىكى ئاساسىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچى چىنلىقتا دېگەن ئىلمىي يەكۈنىمۇ، ئەنە شۇ ھەقىقەتنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، بۇ يەكۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ئۇنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى چىنلىقتىن ئايرىلالمايدىغانلىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

چىنلىق — ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىيات ئىلمىدىكى نۇقتىلىق مەسىلىلەردىن بىرى. ئۇ ھەم بىر ئەمەلىي مەسىلە ھەم بىر نەزەرىيە مەسىلىسى.

ئۇنداقتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلمىي ۋە ئىجادىيەتتىكى چىنلىق مەسىلىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى چىنلىق مەسىلىسىدە ئاساسلىقى ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق قاراش تا ھازىرغىچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەچكە، خېلى بىر قىسىم ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئوبزورچىلار شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ھالىتىدىكى ئوبيېكتىپ چىنلىق ئۆلچىمىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتىن ئىبارەت بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنالمىدى. گەرچە نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەر ۋە ئوبزورلاردا

* ھەسەنجان سادىق: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

ماھىيەت چىنلىقىنى تەكىتلىشىمۇ ئەمەلىيەتتە يەنىلا چىنلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ئاساسەن پاكىتلار توغرىسىدىكى چىنلىقتىن نېرى كېتەلمىدى. «بەدىئىي چىنلىق» ھەققىدە كۆپ سۆزلەنسىمۇ يەنىلا بەدىئىي ئەسەرلەردىكى تەپسىلاتلار رېئال تۇرمۇشتىكى پاكىتلار بىلەن بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپلا قويۇلدى، خالاس. بۇ خىل چۈشەنچە ھازىرغىچە ئەنئەنىۋى رېئالىزمنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى دەپ قارىلىۋاتقان «تەپسىلاتلار چىنلىقى»، «دېتاللار چىنلىقى» نىڭ ئەينەنلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچە بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندى. مۇشۇنداق چۈشەنچىنى ئاساس قىلغاندا، ئىپادىلەش جەھەتتىكى بەزى ئۆزگىچە شەكىللەر قوللىنىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى تۇرمۇشتىكى بىرمۇ بىر پاكىتلار بويىچە تۇرمۇشنىڭ ئەسلى شەكلىگە سېلىشتۇرۇپ ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى چىنلىق مەسىلىسىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ، تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئېنىق ئىلمىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىش، نەزەرىيە جەھەتتىنمۇ ۋە ئەمەلىي ئىجادىيەت ئۈچۈنمۇ تولىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

2

رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەسلىدە رېئالىزمنىڭ شەيئىلەرنى تەسۋىرلەشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى گەرچە ئوبيېكتىپ پاكىتلاردىن ئايرىلماسلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نىشانى ئاشۇنداق ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭلاشقا، دۇنيا ئەدەبىياتىدا رېئالىزمچى يازغۇچىلار دەپ ئاتالغان خېلى بىر قىسىم يازغۇچىلار مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئۆز ئەسەرلىرىدە شەيئىلەرنىڭ تاشقى ھالىتىنى ئوبيېكتىپ ھالەتتە تەسۋىرلەپلا قالماستىن، بەلكى شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىدىكى مۇقەررەرلىكنى، پېرسوناژلارنىڭ سىرتقى ھالىتى بىلەن روھىي ھالىتىدىكى چوڭقۇر، مۇرەككەپ، ئىنچىكە تەرەپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۆز پېرسوناژلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆز خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، مەۋجۇت رېئاللىقنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكىنى سادىقلىق بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. دېمەك، مۇنداق يازغۇچىلار رېئال مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلىگەندە ھەممىدىن بەكرەك ماھىيەتلىك چىنلىققا ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇلار تاللىغان كونكرېت تۇرمۇش ماتېرىياللىرى بولسا، ئەنە شۇ ماھىيەتنى يورۇتۇپ بېرىشكە خىزمەت قىلدۇرۇلغانىدى. شۇ رېئالىزمچى يازغۇچىلار يازغان ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قاتلىمىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغاچقا، كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئەسەردىكى چوڭقۇر مەنىنى بىلىپ يېتىشكە يېتەكلىگەن. جۇملىدىن بالزاك، لېۋ. تولستوي، ستېندال، دىككېنس، چېخوپ، مۇپاسسان ... قاتارلىق كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر رېئالىستىك يازغۇچىلار رېئالىزمنى ھەرگىز رېئال تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى خاتىرىسى دەپ قارىمىغان. بەلكى ئۇنى بىر خىل مۇكەممەل سەنئەت ئۇسۇلى سۈپىتىدە ناھايىتى ئىلمىي ۋە چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇڭا، ئىنقىلابىي ئۇستازلار ئۇلارنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. لېنىن لېۋ. تولستوينى «روسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى»[①] دەپ ئاتىغان، ئېنگېلس بالزاكقا باھا بېرىپ: «...، كىشىلىك كومېدىيىسى، دە بىزگە فرانسۇز جەمئىيىتىنىڭ ئاجايىپ رېئالىست تارىخىنى سىزىپ بەردى»[②] دېگەندىمۇ ئالدى بىلەن بۇ خىل يازغۇچىلارنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇش كارتىنىلىرى، تۈرلۈك ۋەقە - ھادىسىلەر، خىلمۇ خىل پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەينى دەۋر رېئاللىقىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى سادىقلىق بىلەن كۆرسىتىپ، دەۋر رېئاللىقىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكىنى كۆزدە تۇتقانىدى. دېمەك، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىمۇ ئەمەلىيەتتە چوڭقۇر پىكىرلىك، مەسئۇلىيەتچان سەنئەتكارنىڭ قەلىمىدە ھەرگىز تۇرمۇشنى يۈزەكى ھالدا تەسۋىرلەپ قويمايدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت بىر خىل ئالاھىدە ئالاھىدە شەكلى سۈپىتىدە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ھەرگىز رېئال تۇرمۇشتا نېمىنى كۆرسە شۇنى خاتىرىلەپ قويۇش ئەمەس، بەلكى يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ تۇرمۇش تەرىپىدىن قوبۇل قىلغان تەسىراتلىرى ئاساسىدا قايتىدىن توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئىجاد قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇڭا ئەدەبىيات

---

① «ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر ئەسەرلىرىدىن تاللانما لېكسىيىلەر» 382 - بەت.

② «ئېنگېلسنىڭ م. ھاركىنسقا يازغان خېتى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى 463 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر خىل ئالاھىدە مەنىۋى پائالىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى بولسا، بىر خىل ئالاھىدە مەنىۋى مەھسۇلات. ئۇ «ئىجاد» قىلىنغانىكەن، قويۇق سۇبيېكتىپ تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەمەلىي تۇرمۇش ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويغىلى بولمايدۇ. لۇشۈن بۇ ھەقتە توختىلىپ: سەنئەتتىكى چىنلىق «ئەمەلىي نەرسىنىڭ ئۆزىدەكلا بولغاندا چىنلىق ھېسابلىنىدۇ دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئادەمنىڭ ئىككى، ئۈچ سۆڭلۈق رەسىمىمۇ چىنلىق بولالماي قالىدۇ، يەر شارىنىڭ چوڭلۇقىدەك قەغەز بولمىغىنىدا، يەر شارىنىمۇ سىزىپ چىققىلى بولمايدۇ»① دېگەنىدى.

دەرد ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا.
سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان يېشىغا.

مۇبادا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى رېئال پاكىتلارنىڭ ئەينەنلىكى بويىچە ئۆلچىسەك، ھەرگىز چىنلىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، رېئاللىقتا ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا ھەر قانچە دەرد كەلسىمۇ، كۆزىدىن ئاققان يېشىغا سايدا تۈگمەن چۆرگىلىمەيدۇ. لېكىن مۇنداق مۇبالىغە گەرچە پاكىت كۆرۈنۈشلىرىدىن ئايرىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ پاكىت كۆرۈنۈشى بىلەن قويۇق ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇ كىتابخانلارنى باغلاشتۇرۇپ ئويلاشقا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئەركىن تەپەككۇرغا ئىگە، ساپ ھېسسىياتقا تايانغان كىتابخان مۇنداق خەلق قوشاقلىرىدىن روھىي قايىللىققا، ساپ تەسىراتقا ئىگە بولالايدۇ. ئەمما بىر قىسىم ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقە، پېرسوناژلار قارىماققا تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ھالىتى بويىچە تەسۋىرلەنگەن، خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك كونكرېتلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى بۇرمىلانغان، پەردەزلەنگەن، ساختا بولسا، مۇنداق ئەسەرلەر ھەرگىزمۇ چىنلىققا ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى، بەدىئىي ئەسەرلەر كىتابخانغا قارىتا بىر خىل ئىستېتىك ئوبيېكت بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇلالانغان ئىستېتىك ماھىيەتتىن كىتابخان رېئال ھاياتقا قارىتا ئۆز تەسىراتى ۋە غايىسىنى ئىزدەيدۇ. ئەگەر بىرەر ئەدەبىي ئەسەر كىتابخاننىڭ قەلبىدە ساپ، ھەقىقىي تەسىرات پەيدا قىلالمايدىغان بولسا، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى قانچە ئەينەن تەسۋىرلىگەن بىلەنمۇ كىتابخان بەرىبىر ئۇنداق ئەسەردىن چىنلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولالمايدۇ.

دېمەك، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەقىقىدىكى چۈشەنچىدە بىلىپ - بىلمەي دېگۈدەك، ئۇنىڭ شەيئىلەرنىڭ تاشقى ھالىتىنى ئەينەن تەسۋىرلەش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە چېكىدىن ئېشىپ كېتىپ، تۇرمۇش ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق تەرەپكە سەل قارالسا، «بەدىئىي چىنلىق» چۈشەنچىسى بىلەن «تۇرمۇش چىنلىقى» ھەقىقىدىكى چۈشەنچىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ.

رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى شەيئىلەرنىڭ تاشقى ئىپادىلىنىش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە يول قويۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە ئوخشىمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. رومانتىزملىق ئەدەبىيات مۇبالىغىلەشتۈرۈش، سىمۋوللاشتۇرۇش، تىلسىملاشتۇرۇشتەك خىلمۇ خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن ئەركىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇشنى ئۆز ئارزۇ - غايىسى بويىچە تەسۋىرلەيدۇ. لېكىن، رومانتىك يازغۇچىلارنىڭ بۇ خىل ئارزۇ - غايىسى يەنىلا رېئال ھاياتتىكى چوڭقۇر مەسىلىلەر بىلەن باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، مەۋجۇت رېئاللىقنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇلارنىڭ قەلىمىدىكى رومانتىك قەھرىمانلار بولسا، ئۆزىدىكى پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارغا تايىنىپ، رېئاللىقتا بولۇشقا تېگىشلىك ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلاردۇر. مۇشۇنداق رومانتىك قەھرىمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگىچە شەكىللەر بىلەن تەسۋىرلەۋاتقان رومانتىك يازغۇچىنى تۇرمۇشنى ھادىسە ھالىتىدە كۆزەتكۈچى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار تۇرمۇشنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ھالەتلىرى بىلەن ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي، رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قازغۇچىلاردۇر. شۇڭا، كىتابخان بۇ خىل ئەسەرلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ئەسەرلەردىكى ھەربىر تەپسىلاتنىڭ ئوبيېكتىپ تۇرمۇش بىلەن ئوخشاشلىقى، ياكى ئوخشاشماسلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماستىن، ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئومۇمىي روھنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. دېمەك، رومانتىزملىق ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ چىنلىقى پەقەت ئەسەرنىڭ ئومۇمىي روھىدىن نامايان بولىدىغان ماھىيەتلىك تەرەپتە بولىدۇ.

مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مودېرنىزم يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن بەزى بىنورمال

---

① «چاتما رەسىملەر ھەققىدە پاراڭ». «لۇشۈن ئەسەرلىرى» 9 - توم، خەنزۇچە نەشرى 23 - بەت.

پسخىكىغا ئىگە غەلىتە خاراكتېر ۋە سىرلىق ۋەقە، ھادىسىلەرنى ئۆزىمىز بىلىدىغان دائىرىدىكى تۇرمۇش پاكىتلىرى ۋە چۈشەنچىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەلۋەتتە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى كەڭ ۋە سىرلىق دۇنيا مودېرنىزمچى يازغۇچىلارنىڭ قەلىمىدە، تۇرمۇشتىن بىر بالداق ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەندە تېخىمۇ سىرلىقلىشىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلارمۇ ئادەمنىڭ ئەسلى تەبىئىيىتىنى، يوشۇرۇن ئېڭىنى، رېئاللىقتىكى خىلمۇ خىل مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئادەمزات دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن. پەقەت ئۇلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش شەكلى، ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولۇپ، رېئال كىشىلىك ھاياتنى ئۆزگەرگەن شەكىللەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ خىل ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن تېڭىرقاش، چۈشكۈنلۈك، كىشىلىك دۇنياسىدىكى رەزىللىكلەر، بىمەنىلىكلەر پەقەت بەدىئىي ئوبرازدا غۇۋا ھەم سىمۋوللاشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتكەن بولۇپ، بۇ غەرب كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ چىرىكلەشكەن دەۋرىدە، كاپىتالىزمنىڭ كىشىلەر روھىيىتىگە كۆرسەتكەن چوڭقۇر تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ھەقىقىي سەنئەت ئېڭى ئويغانغان بىر زوقلانغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ مۇنداق ئەسەرلەردىن زوقلىنىشتا ئۆز تەجرىبە - بىلىمى بىلەن باغلانغان ئەركىن تەپەككۇرغا تايىنىپ، ئۇ خىل ئەسەرلەردە نامايان بولغان ئوبيېكتىپ ھادىسىلەردىكى بوشلۇقنى خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرىغا تايىنىپ تولدۇرىدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئېستېتىك ئىنكاسى نوقۇل فىزىئولوگىيىلىك ئىنكاستىن زور دەرىجىدە پەرق قىلغان بولۇپ، ئۇ بىر خىل مۇرەككەپ پسىخىك ئامىللارنى، بولۇپمۇ بىر خىل نازۇك ھېسسىيات ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. دېمەك، كىتابخان مۇنداق ئەسەرلەردىكى چىنلىقنى ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن روھىي قايىللىقى، غايىۋى قايىللىقى بىلەن ئۆلچەيدۇ.

3

ئەدەبىيات بىلەن كىتابخاننىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئالغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. شۇڭا، كىتابخان بىر ئەسەرنى ئوقۇغاندا بەلگىلىك تەسىراتقا ئىگە بولۇپ، بۇنداق مەنىۋى جەھەتتىكى تەسىرات ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى قايىللىقى بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ بىر خىل ئەگرى - توقاي بىلىش جەريانى بولۇپ، تاكى كىتابخاننىڭ ئوبرازنىڭ تاشقى شەكلىدىن ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيەت بىشارىتىنى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ يەتكۈچە داۋام قىلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا كىتابخان ئوبرازدىكى ئوبيېكتىپلىقتىن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، ئۆزى ئىشەنگەن چىنلىقنى تاپالايدۇ. يەنى سەنئەت كارتىنىسىدىكى تاشقى ھادىسىلەردىن ھالقىپ چىقىپ، ئىچكى مەنىدىكى چىنلىق بىلەن ئۇچرىشالايدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولىدىن ئالغاندا، ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىش، ھاياجانلاندۇرۇش، قايىل قىلىش ئاساسىدا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە تۈيدۇرماي تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. مۇنداق مەقسەتكە پەقەت خىلمۇ خىل بەدىئىي شەكىللەر بىلەن بېزەلگەن، چوڭقۇر مەنە بىلەن يۇغۇرۇلغان ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەرلەرلا يېتەلەيدۇ. شۇڭا، زامانىمىزدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىمۇ ھەر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆز ئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئېتىراپ قىلىشقا، مەلۇم بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قاتمال ھالەتتە ئەمەس، بەلكى تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، رېئاللىقنى خىلمۇ خىل ئىپادىلەش شەكلى ۋە ئۇسۇللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئەكس ئەتتۈرگەندىلا، ئاندىن ھادىسىلەر ئېقىمى بىلەن تولغان ھايات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ماھىيىتىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن، چىنلىق، ھەر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللانغان يازغۇچىلارنىڭ تىرىشىش نىشانى بولۇپ، ئۇلار قانداق شەكىللەرنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر، رېئال ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك چىنلىقىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى چىنلىق سەنئەت كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولغان، تۇرمۇش پاكىتلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن بىر خىل ماھىيەتلىك چىنلىقتىن ئىبارەت.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن ئايال ئوبرازلار توغرىسىدا

قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى*

قىسقىچە مەزمۇنى: تارىخ ئۆز ھەقىقىتىنى قايتا نامايان قىلىپ، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى، ئاياللار ئەركىنلىكى تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، ئاياللارنىڭ تارىختا ئوينىغان رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى زور. بۇ ماقالىدە، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن ئايال ئوبرازلار ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاياللارنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى قىسقىچە بايان قىلىندى.

**摘要**：本文论述见于神话传说故事中的妇女形象，探讨了维吾尔先民女性崇拜的思想。通过再现历史的真实，再次肯定了在当前强调男女平等，肯定妇女在历史上的作用的重要意义。

**Abstract**: This article deal with the feminine worshiping ideology of Uighur's ancestors. By flashbacking the reality of the history, it reaffirms the significance of women's part in history under the situation of stressing the equality between men and women.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئەر ـ ئاياللار ئورتاق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق بىرلىكتە ياراتقان. ئاياللار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم بىر تارىخىي باسقۇچىدا ھەقىقىي خوجايىنلىق ئورنىغا چىقىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا زور رول ئوينىغانىدى. ئەمما تارىخنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاياللارنىڭ ئەسلىدىكى بويۇكلۇك ئورنىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئاياللارنىڭ ئۇلۇغ سىماسى تەدرىجىي سۇسلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. مەيلى ئەرلەردە بولسۇن ياكى ئاياللاردا بولسۇن ئاياللارنىڭ تارىختا ئوينىغان رولىغا سەل قاراش ئىدىيىسى شەكىللەندى. ئېنگېلس بۇ مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «ئانا ھوقۇقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ئاياللار جىنسىنىڭ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى تارىخىي مەغلۇبىيىتى بولدى، ئەرلەر ئۆي ئىچىدە ئىدارە ئىشىنى ئۆز قولىغا ئالدى. ئايال بولسا ھۆرمەتلىك ھالىنى يوقاتتى، خىزمەتكارغا، ئەرنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرىدىغان قۇلغا، بالا تۇغۇپ بېرىدىغان ئاددىي قورالغا ئايلاندۇرۇلدى. ئاياللارنىڭ كەمسىتىلگەن ئەھۋالدا بولۇشى قەھرىمانلىق دەۋرىدە، خۇسۇسەن كلاسسىك دەۋرلەردە ئاستا ـ ئاستا مۇناپىقلارچە بوياپ كۆرسىتىلدى، بەزى جايلاردا

* قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇھەررىرى.

يۇمشاق فورمىغا كىرگۈزۈلدى، لېكىن ئەسلا يوق قىلىنمىدى». [1]

لېكىن تارىخ ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئۇلۇغلۇقىنى ئۆزلۈكسىز ئىسپاتلاپ كەلدى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئاياللارنىڭ ئوينىغان رولىــغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئالىملىرىمىز ئاياللارنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىدىكى رولى ۋە ئورنىنى تەرىپلەپ نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قالدۇرغان. ماركس: «تارىختىن سەللا خەۋىرى باركىشلەرنىڭ ھەممىســى بىلىدۇكى، ئاياللاردىن ئىبارەت بۇ ئېچىتقۇ بولمىغان بولسا، ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئاياللارنىڭ (سەتلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن توغرا ئۆلچىگىلى بولىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن. ماركس بۇ يەردە ئاياللارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رولىنى شەرھلەپ بەرگەن. مەشھۇر ئالىملاردىن گىيوتى «بىزنى مەڭگۈ ئالغا باشلىغۇچى ماياك - ئاياللاردۇر» دېسە، بالزاك «مىللەتنىڭ تەقدىرى ئانىلارنىڭ قولىدا» دەپ كۆرسەتكەن. گوركى «دۇنيادىكى ھەممە ئىپتىخارلىق ئانىدىن كېلىدۇ، دۇنيادىكى بارلىق گۈزەللىك ئانىغا بولغان مۇھەببەتتىن تۇغۇلىدۇ» دەپ ئېيتقان. ئاياللارنىڭ تارىختىكى رولىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا گېرمانىيىلىك سوتسىيالىزمچى بېبىل: «پەرزەنت كۆرگەن ئاياللارنى ھېچ بولمىغاندا ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان ئەرلەرگە ئوخشاش جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدى دەپ ھېسابلاش كېرەك، ئۇلار ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قايسى بىر ئىشنى ئۆز جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ قىلمىغان» دەپ كۆرسەتكەن. ئالىملارنىڭ ئاياللارنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرى توغرىسىدىكى گۈزەل بايانلىرى ئاياللارنىڭ تارىخ تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان رولىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشىمىزدە يېتەرلىك ئاساس بولالايدۇ.

تارىخ ئۆز ھەقىقىتىنى نامايان قىلىپ، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى، ئاياللارنىڭ ئۇزۇل- كېسىل ئەركىنلىكى تەكىتلىنىۋاتىدۇ. بىز بۇ ماقالىمىزدە، ئەپسانە رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن ئايال ئوبرازلار ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇتقان مۇھىم ئورنىنى شەرھلەپ ئۆتمەكچىمىز. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاياللارنى ئۇلۇغلاش خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن باشلانغان بولۇپ، ئىنسانلار ئۆزلىرى ياراتقان ئىپتىدائىي ئەدەبىيات - سەنئەتلەردە ئاياللارنىڭ شۇ دەۋردىكى ئورنى، قەيسىرانە روھى ۋە ئەقىل - پاراستى يۈكسەك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئىپادىلەنگەن.

قەدىمكى ئىنسانلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىدا تۇرغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ قالاقلىقى، ئۆزلىرىنىڭ بىلىم - ئىقتىدارىنىڭ تولىمۇ تۆۋەنلىكى سەۋەبلىك، ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى توغرا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ شۇنداقلا تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ - خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەبىئەتتىن ئۈستۈن كۈچنىڭ تەسىرىدىن بولغانلىقىغا ئىشەنگەن. شۇڭا قەدىمكى ئەپسانە رىۋايەتلەردە ئايال ئىلاھلارنىڭ ئوبرازى خېلىلا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئەپسانە - رىۋايەتلەردە ئاياللارنىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلۇشى دۇنياۋى خاراكتېرلىك ھادىسىگە ئايلانغان. مەسىلەن، يۇنان ئەپسانىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئايال ئىلاھلار، ئايال مەبۇدلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، تۈركىي خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىغا مۇراجىئەت قىلساقمۇ ئايال ئىلاھلار، ئايال مەبۇدلار توغرىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى، ئاياللارنىڭ باتۇر - قەھرىمانلىقى، گۈزەل — چىۋەرلىكى، سەمىمىي ساداقەتمەنلىكــى تەسۋىرلەنگەن ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تۆۋەندە، ئەپسانە رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن ئايال ئوبرازلاردىن بىر قەدەر تىپىك دەپ قارىغانلىرىمىزنى ئىلاھ ۋە مەبۇد سۈپىتىدىكى ئايال ئوبرازلار، باتۇر - قەھرىمان تىپىدىكى ئايال ئوبرازلار ۋە گۈزەللىك — چىۋەرلىك، سەمىمىي - ساداقەتمەنلىك تىپىدىكى ئايال ئوبرازلاردىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەك بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

## 1. ئايال ئىلاھ ۋە ئايال مەبۇد تىپىدىكى ئايال ئوبرازلار

(1) ئانا ئىلاھ ئۇماي. ئانا ئىلاھ ئۇماي ئەپسانىسى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان ئەپسانە بولۇپ خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، ئۇ تۈركىي خەلقلەر ئېتىقادىدىكى ئانا بالىلارنى

[1] ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 94 - بەت.
[2] «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە»، ئۇيغۇرچە نەشرى 102 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاسىرىغۇچى ئىلاھ ھېسابلىنىدۇ ئۇ يەنە بەخت - تەلەي ۋە دۆلەت تەڭرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئانا ئىلاھ ئۇماي ئەپسانىسىدە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئالەمنىڭ ئۈستى ياراتقۇچى ئىگە — تەڭرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ، ئۇ نۇرلۇق پارلاق ماكان ئىكەن. ئۈستۈنكى پارلاق ماكان بىلەن ئاستىنقى قاراڭغۇ ماكانىنىڭ ئارىسىدا ئۇماي بولۇپ، ئۇ ئەۋلادلىرىغا تۇپراق ۋە سۇ مەنبەسىنى ئاتا قىلغۇچى بەخت ئىلاھى دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇماي ئانا يەنە مۇھەببەت ئىلاھى، ئېغىر ئاياغ ئاياللار چوقۇنىدىغان ئىلاھ، ئۇششاق بالىلارنىڭ ھامىيسى دەپمۇ قارىلىدىكەن».[①]

ئانا ئىلاھ ئۇماي تەسۋىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇ ئانا - بالىلارنى ئاسىرىغۇچى ئىلاھ. ئانا ئىلاھ ئۇمايغا چوقۇنۇش نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى بىر ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئۇ ھازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە «مۇقەددەس ئانا» دەپ قارىلىپ، بوۋاق بالىلار ئۇخلاۋېتىپ كۈلسە، ئۇنى «ئانا ئەركىلىتىۋاتىدۇ، يىغلىسا، «ئانا» ئۇرغان ئوخشايدۇ دەپ چۈشەندۈرىدىغان، يېڭى تۇغۇتلۇق ئايال ياكى بوۋاقلار ئاغرىپ قالسا، «ئانا ئېشى» ئېتىپ بېرىدىغان، ياشانغان ئاياللارنى ئۇمايغا ئوخشۇتۇپ قەدىرلەپ، كىچىك بالىلارنى ئاشلىتىدىغان، تۇغۇت ئالدىدىكى ئايالنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سىلىتىدىغان بىر قاتار ئادەتلەر مەۋجۇت.

(2) «ئايال تەڭرى ئەپسانىسى» بۇ گرېكلار ئارىسىدا تارقالغان ئەپسانە بولۇپ، يۇنان ئەپسانىلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ ئەپسانىدە ئايال تەڭرىنىڭ كۆزىنى يۇمسا، ئالەم قاراڭغۇلىشىدىغانلىقى، كۆزىنى ئاچسا، ئالەم يورۇيدىغانلىقى، ئۇ كائىناتتىكى توپا - چاڭلارنى سۈمۈرۈپ قايتا پۈركىگەندە قۇياش، ئاي يۇلتۇزلار پەيدا بولىدىغانلىقى، يەنە پۈركىگەندە تۇنجى ئىنساننىڭ پەيدا بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. يۇنان ئەپسانىلىرىدىن «ئايال تەڭرىنىڭ دۇنيانى يارىتىشى» دېگەن ئەپسانىدە ئايال تەڭرىنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ بەدىئىيلەشتۈرۈلۈپ مۇنداق تەسۋىرلەنگەن. «بۇرۇنقى زاماندا ئالەمدە قۇياش، ئاي، يەر، يۇلتۇزلار پەيدا بولمىغان شۇنداقلا بىرمۇ جانلىق يوق چاغدا، پۈتكۈل ئالەمدە پەقەت بىرلا ئايال تەڭرى بولغانىكەن. ئۇنىڭ تەققى تۇرقى ئادەمگە ئاساسەن ئوخشىسىمۇ، ئەمما بويى ئادەمدىن خېلىلا ئېگىز ئىكەن. ئادەتتە ئۇ جىمجىت ئۇخلايدىكەن، ئەگەر ئويغىنىپ كېرىلسە، بەدىنى پۈتۈن ئالەمنى قاپلايدىكەن، قولىنى يايسا، كائىناتنى يېپىۋالىدىكەن، كۆزىنى ئاچسا، ئالەم بىردىنلا يورۇپ كېتىدىكەن، كۆزىنى يۇمسا، ئالەم قاراڭغۇلىشىدىكەن، كېيىن ئۇ زېرىككەش ھېس قىلىپ باركۈچى بىلەن بوشلۇقتىكى چاڭ - توزانلارنى سۈمۈرۈپ ئاندىن كېيىن يەنە بار كۈچى بىلەن سىرتقا پۈركۈپتۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەم يوغان ھەم يۇمىلاق نەرسە ئۇچۇپ چىقىپ شەرق تەرەپكە كېتىپتۇ، ئۇ بولسا قۇياش ئىكەن. ئۇ يەنە پۈركۈپتۇ، ئۇ چاغدا ئاغزىدىن ئاي چىقىپتۇ، ئۇ يەنە پۈركىگەندە يەرشارى چىقىپتۇ، ئۇ توختىماستىن پۈركىگىنىكەن يۇلتۇزلار چىقىپتۇ. ئايال تەڭرى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي يەنە پۈركۈپتۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن لاي پارچىلىرى ئېتىلىپ چۈشۈپ ئادەملەرنى ھاسىل قىپتۇ. بۇ ئادەملەر يا مېڭىشنى يا سۆزلەشنى بىلمىگەچكە، ئايال تەڭرى يەنە پۈركۈپ يەر شارىغا قۇرۇت - قوڭغۇزلارنى ئەۋەتىپ، ئادەملەرنى ئىتتىرىپ ماڭغۇزۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئايال تەڭرى بۇ ئادەملەرنىڭ ئاغزىغا پۈلەپ سۆزلىيەلەيدىغان، كۈلەلەيدىغان، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان قىلىپتۇ. بۇ ئادەملەر بەك كىچىك بولغانلىقتىن ئايال تەڭرى بۇ ئادەملەرنى سىلاش ئارقىلىق چوڭايتىپتۇ ھەممىدە ئەر - ئايال دەپ ئايرىپتۇ، ئۇلارنى يەر شارىنىڭ ھەممە جايلىرىغا چېچىپتۇ، بۇ ئادەملەر كۆپىيىپ بۈگۈنكى ئىنسانلارنى ھاسىل قىلىپتۇ. ئايال تەڭرى يەنە ياۋايى ھايۋانلارنى، دەريا - كۆللەرنى يارىتىپتۇ. قۇرۇت قوڭغۇزلار يەيدىغان ئوزۇقلۇق تاپالماي جىن - ئالۋاستىلارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ئايال تەڭرى يەنە ئاخىرىدا ئادەمگە ئەقىل - پاراسەت بېرىپتۇ».[②] بۇ ئەپسانىدە ئايال تەڭرى ئالەمدىكى بىردىن بىر تەڭرى بولۇپ، كائىناتتىكى ھەممە مەۋجۇداتلارنى ئۇنىڭ ياراتقانلىقى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى پەقەت بىرلا ئايال تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن. يەنى بۇ ئايال تەڭرى ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا ناھايىتى قۇدرەتلىك بولۇپ، ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت ۋە ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى ئىلاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئاياللارغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى ناھايىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

---

① ئابدۇكېرىم رەھمان: «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» 39 - بەت.
② «ئېغىز ئەدەبىياتى ژۇرنىلى»نىڭ 1985 - يىللىق خەنزۇچە 6 - سانى

## 2. قەھرىمان ئايال ئوبرازلار

قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىچىدە تەسۋىرلەنگەن قەھرىمان ئايال ئوبرازلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن تىپىكلىرى قاتارىدا ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگۈچى، ئىنسانلارغا كۈچ - قۇۋۋەت بەخش ئەتكۈچى ئانا خىتا ھەققىدىكى ئەپسانە، توققۇز ئاچا - سىڭىلنىڭ باتۇر - قەھرىمانلىقى تەسۋىرلەنگەن «ئەفرات ۋە توققۇز قىز» ئەپسانىسى، بىر قىزنىڭ زېرەكلىكى، چىۋەرلىكى ۋە تەدبىرلىكلىكى تەسۋىرلەنگەن «خوتەن گىلىمى — گۈلەمخان ئەپسانىسى»، «ئەسما پەرى ئەپسانىسى»، «تۇمارىس ئەپسانىسى» قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

(1) «ئانا خىتا ھەققىدىكى ئەپسانە» بۇ ئەپسانە پروفېسسور ئابدۇكېرىم رەھمان تۈزگەن «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» دېگەن كىتابتا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر باتۇر ئايالنىڭ ئوبرازى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «خۇش قامەت، كەمىرىنى مەھكەم باغلىغان، توغرا سۆز، مەرھەمەتلىك گۈزەل قىز ئەدۋىسورا ئانا خىتا ئىنسانلارغا كۈچ قۇۋۋەت بەخش ئەتكۈچى، سۇنىڭ مول بولۇشىنى تەمىنلىگۈچى مۇقەددەس مەبۇدە ئىكەن. ئۇ بارچە ياۋۇزلۇقنىڭ تىمسالى بولغان ئاجىدا ھاك، دىۋە ۋە سېھىرگەرگە قارشى چىقىپ جەڭ ئېلان قىلىپتۇ. جەڭ ئالدىدىن غەلىبە قازىنىشنى سوراپ مۇقەددەس ھۇماغا سېغىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ئەي ھۆرمەتلىك زەبەردەست بەخت - تەلەي تەڭرىسى ھۇما! ماڭا مەدەت بەرگىن، ئۈچ ئېغىزلىق، ئۈچ باشلىق، ئالتە كۆزلۈك ۋە مىڭ كۈچلەر سۇلتانى ھەيۋەتلىك ئاجىدا ھاك ئۈستىدىن غالىپ چىقاي» دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ، تەڭرى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئانا خىتا ئىنسانلارغا بالايى - ئاپەت كەلتۈرگۈچى يەتتە باشلىق يالماۋۇز - ئاجىدا ھاكنى يەر يۈزىدىن پاك - پاكىز يوقىتىپ، ئىنسانلارغا كۈچ قۇدرەت بەخش ئېتىپتۇ».①

(2) «يەركەن مەلىكىسى توغرىسىدىكى ئەپسانە» بۇ ئەپسانە XIX ئەسىردىكى كەشمىرلىك تارىخچى مەۋلانە ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەننىڭ «زۇبدەتۇل ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: «ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرى يەركەن تەۋەسىگە كىرگەندە، چارلىغۇچىلار يەركەن خانىغا مەلۇم قىلىپتۇ. خان سۈرۈشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ قېلىچ بىلەن قوراللانغانلىقىنى، مىڭدىن مىڭدىن بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ، خان ئۆزىنىڭ قىزىنى نەيزە بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرگە باش قوماندان قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرى ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىپ، بىردىن پالۋان ئوتتۇرىغا چىقىپ بىر - بىرىنى ئۇرۇشقا دەۋەت قىلىپتۇ. يەركەن مەلىكىسى ‹سەن شۇنچە يىراق يەردىن بىزگە باستۇرۇپ كەپسەن، شۇڭائاۋۋال سەن ئات! › دەپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ پالۋىنى ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ئوق ئۈزۈپ تەگكۈزەلمەپتۇ، نۆۋەت يەركەن مەلىكىسىگە كەلگەندە ئۇ بىر تال ئوق ئۈزۈپ، ئىسكەندەر پالۋىنىنىڭ چېكىسىنى تېشىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەركەن خانىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىسكەندەر ئەسكەرلىرىنى مىڭدىن مىڭدىن يوقۇتۇپتۇ، قان دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ......»②

يۇقىرىقى ئىككى ئەپسانە - رىۋايەتتە تەسۋىرلەنگەن ئايال ئوبراز ئانا خىتا بىلەن يەركەن مەلىكىسى ئەينى دەۋردىكى قەھرىمان، باتۇر، چىۋەر، تەدبىرلىك ئايال قەھرىمانلارنىڭ تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبرازى بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئەينى دەۋردىكى تەبىئەت كۈچلىرىنى ۋە ھەر خىل ياۋۇز دۈشمەن كۈچلەرنى يېڭىش جەريانىدا باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ غايەت زور كۈچىنى نامايان قىلغانلىقىدىن ئىبارەت قەيسەرانە روھى ئەكس - ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا

① ئابدۇكېرىم رەھمان: «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» 134 - بەت.
② يۇقىرىدىكى كىتاب 129 - بەت.

ئاياللارنىڭ باتۇرلۇقى، چەبدەسلىكى ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىنىڭ ھەتتا بەزىدە ئەرلەردىنمۇ ئۈستۈن بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. دېمەك، ئاياللارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان يېمەك - ئىچمەك تەييارلاش، بالا بېقىش، ئائىلە ئىشلىرى قاتارلىقلاردىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇقەررەرلىكىنىڭ يولىنى يارىتالايدىغانلىقىدا گەۋدىلىنىدۇ.

## 3. زېرەكلىك، گۈزەللىك، سەمىمىي ساداقەتلىك تىپىدىكى ئايال ئوبرازلار

ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى، چىۋەرلىكى، ساداقەتمەنلىكى ئەدەبىيات - سەنئەتتە يەنى ئەل ئەدەبىياتىدا ئۆزۈلمەي ياڭراپ تۇرغان مەدھىيەلەرنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلدى. كىشىلەر تەرىپىدىن ئەڭ گۈزەل دەپ قارالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى (مەسىلەن ئاي، كۈن، يۇلتۇز، قىزىل گۈل قاتارلىقلار) ئاياللارغا سىمۋول قىلىنىپ كېلىندى. قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىچىدە تەڭداشسىز ئايال ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن ئەپسانە - رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇلاردىن تىپىكلىرى قاتارىدا «شېرىن قىز ئەپسانىسى»، «پەرھات ئۈستىكى ئەپسانىسى»، «ئوغۇزخان ئەپسانىسى»، «توققۇز ھوجرا ئەپسانىسى». «تەڭگە تاغ ھەققىدىكى ئەپسانە»، «قىزىل مىڭ ئۆي ئەپسانىسى»، «چولپان ئەپسانىسى»، «ئەسما پەرى ھەققىدە ئەپسانە»، «سەنەمجاننىڭ غېرىبنى ئىزدىشى» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

(1) «ئوغۇزخان ئەپسانىسى». بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دە خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: «ئوغۇز خان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشۈپتۇ، ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىكەن، ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنھا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ساھىبجامال بىر قىز ئىكەن، ئۇنىڭ پېشانىسىدە چوغدەك قىزىل مېڭى بولۇپ، خۇددى تۆمۈر قوزۇقتا ئوخشايدىكەن. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئىكەن، ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئىكەن، ئوغۇزخاقان ئۇنى كۆرگىنىدە پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قاپتۇ، ئۇنى ئاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يېتىپتۇ، تىلىكىگە يېتىپتۇ، ئۇ قىز ئىككى قات بوپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ ئۇنىڭ كۆزى يورۇپتۇ، ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپتۇ، تۇنجىسىغا كۈن دەپ، ئوتتۇرانجىسىغا ئاي دەپ، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويۇپتۇ.»[1] يەنە بىر ۋەقەلىك مۇنداق بايان قىلىنىدۇ، «ئوغۇزخان ئوۋغا چىقىپتۇ. ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆرۈپتۇ، بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنھا ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ ئىنتايىن ساھىبجامال ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆك، چېچى سۇ ئېقىنىدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىكەن، ئۇ شۇنداق ساھىبجامال قىز ئىكەنكى، يەر جاھاندىكى كىشىلەر ئۇنى كۆرسە «ئاھ، ئاھ جاننى ئالىدىكەن»، دەيدىكەن. سۈت - قېمىزغا ئايلىنىپتۇ، ئوغۇزخاقان ئۇنى كۆرگىنىدە ھوشىدىن كېتىپتۇ، يۈرىكىگە ئوت چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ. ئۇنى ئېلىپ، بىللە يېتىپتۇ، تىلىكىگە يېتىپتۇ، ئۇ قىز ئىككى قات بوپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ يەڭگىپتۇ، ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپتۇ، تۇنجىسىغا كۆك، ئوتتۇرانجىسىغا تاغ، كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويۇپتۇ.[2]

(2) «ئەسما پەرى ھەققىدە ئەپسانە». بۇ ئەپسانىمۇ پروفېسسور ئابدۇكېرىم رەھمان تۈزگەن «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» دېگەن كىتابتا خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدا بىر ئايالنىڭ گۈزەل ئوبرازى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ پادشاھى ھەممە پەرىشتىلەردىن چىرايلىق بولۇپ يەتتىنچى ئاسماندا تۇرارمىش، تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر شۇ پەرىشتىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىققان ئىمىش. يەنى پەرىشتە كۆزىنى ئاچسا، قۇياش چىقىپ پۈتۈن كائىنات يورۇيدىكەن، ئۇ ئۇخلىسا، جاھاننى زۇلمەت باسىدىكەن، يىغلىسا، يامغۇر ياغىدىكەن، كۈلسە، قار ياغىدىكەن، ئاغزىنى ئاچسا، بوران چىقىدىكەن، نەپەس ئالسا، شامال چىقىدىكەن، قاپىقىنى تۈرسە، ھاۋا بۇزۇلىدىكەن،

---

[1] «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، ئۇيغۇرچە نەشرى 43 -، 44 - بەتلەر
[2] «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرچە نەشرى 44 -، 45 - بەتلەر.

غەزەپلەنسە، يەر تەۋرەيدىكەن، قىشنى ئاتسا، ھەسەن - ھۈسەن پەيدا بولىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمى ئەسما پەرى ئىكەن».[1]

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئاياللارنىڭ باتۇر - قەھرىمانلىقى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى، گۈزەللىكى قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلىرى يۈكسەك بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن ئوبرازلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي رېئاللىقنىڭ مۇقەررەر ئىنكاسى بولۇپ، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى.

ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەپسانە - رىۋايەتلەر قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ساددا ئوي - پىكىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى. بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ھايات، مەدەنىيەت، دۇنيا قاراش ۋە روھىي كەچۈرمىشلەر، ئۆرپ - ئادەت ۋە تارىخىي ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ماركس يۇنان ئەپسانىلىرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «يۇنان سەنئىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى — يۇنان ئەپسانىلىرى يەنى يۇنان خەلقىنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق بىر خىل ئاڭسىز سەنئەت ئۇسۇلى بىلەن پىششىقلانغان تەبىئەت شەكلىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي شەكلىنىڭ ئۆزى. مانا بۇ يۇنان سەنئىتىنىڭ باشلانغۇچ ماتېرىيالى»[2] ئېنگېلس «ئائىلە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دا قەدىمكى گرېكلەرنىڭ يۇنان تارىخى باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت باسقۇچلىرىدىكى مۇھىم كەشپىياتلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، «گومېرنىڭ داستانى ۋە بارلىق ئەپسانىلەر — مانا بۇلار گرېكلەرنى ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىلىك دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن مۇھىم مىراسلار»[3] دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىنسانلارنى ياۋايىلىقتىن مەدەنىلىككە ئېلىپ كىرىشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. ئالىملار ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئارقىلىق قەدىمكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى مەسىلەن، ئاياللار سەلتەنەت سۈرگەن ئانىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتنى ، ئانىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىدىن ئاتىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىگە ئۆتۈشتىكى ئۆزگىرىشلەرگە دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغان. بۇلار بىزنى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

پروفېسسور ئابدۇكېرىم رەھمان تۈزگەن «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» دېگەن كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى ساددا ئوي - پىكىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل رېئال زىددىيەتلەر توغرىسىدىكى خىياللىرىنىڭ سەمەرىسىدىن ئىبارەت. شۇنداقلا ئۇ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى تونۇش ۋە چۈشىنىشىدىكى بىر ئىلىم، ھەمدە ئىستىخىيىلىك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئاڭسىز سەنئەت ئىجادىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ».[4]

بىز قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن ئايال ئوبرازلارنى ئاياللارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىنسانىيەتنى ياۋايىلىقتىن مەدەنىيلىككە يېتەكلەش، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، ئازلىقتىن كۆپىيىش، جاھالەت دەۋرىدىن مەدەنىيەت دەۋرىگە ئۆتۈشتە ھەقىقەتەنمۇ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقانلىقىنىڭ ئىنكاسى دەپ چۈشىنىشىمىز، ھەرگىزمۇ ئەپسانە دېگەن ئەپسانە، رىۋايەت دېگەن رىۋايەت ئۇنىڭ ئوبيېكتىپلىقى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسانە - رىۋايەتلەردىكى ئايال ئوبرازلار قۇرۇق توقۇلمىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ھېچقانداق تارىخىي ئاساسىي يوق دەپ بىر تەرەپلىمە ھالدا خاتا چۈشەنچىدە بولماسلىقىمىز ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە قارىتا ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ مىغزىنى ئېلىۋېلىپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشىمىز لازىم.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

---

① ئابدۇكېرىم رەھمان: «يىپەك يولىدىكى - ئەپسانە رىۋايەتلەر» 103 - بەت.
② «(ماركس ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى) دىكى يۇنان - رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدا ھېكايىلەر» . مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - بەت.
③ ماركس ئېنگېلس« ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - بەت
④ ئابدۇكېرىم رەھمان «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» 1 - بەت.

www.uyghurkitap.com



# دۆلىتىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا

ھەسەنجان تۇردى*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئۇقۇمى، تارىخىي تەرەققىياتى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە دۆلىتىمىزدە ئۇنى ئورنىتىش ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

**摘要：** 本文论述引渡制的内容、历史发展、现状以及在我国建立和完善引渡制的必要性等问题。

**Abstract:** This article mainly expounds the content of extradition system, historical development, present state of extratition system and necessity of its establishment and perfection in our country as well.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ستراتېگىيىلىك تەدبىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئالاقىسى كۈنسايىن قويۇقلاشماقتا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۆز ئارا باردى - كەلدىسىمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. لېكىن بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، خەلقئارادىكى جىنايى ھەرىكەتلەرمۇ بارغانسېرى ئۆرلەش ھالىتىدە تۇرماقتا. دۆلەت ئاتلاپ ئەتكەسچىلىك قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ - سېتىش، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى شۇنىڭدەك يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان ھاۋا بوشلۇقىدا تۇتقۇن قىلىش جىنايەتلىرى دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە قانۇن سىستېمىسىنى، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرگە جەڭ ئېلان قىلدى. خەلقئارا ئەدلىيە ھەمكارلىقىنى قانداق قانات يايدۇرۇش، خەلقئارالىق جىنايەتچىلەرگە قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك، قانۇنلۇق ۋە ئۆز ۋاقتىدا زەربە بېرىش، ئىچكى جەھەتتە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانداق قوغداش، تاشقى جەھەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى قانداق گەۋدىلەندۈرۈش قاتارلىقلار جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. ئەگەر بۇ مەسىلىلەر قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولمىسا، خەلقئارادا دۆلىتىمىزنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشقا پايدىسىز بولىدۇ، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىغا زىيان يېتىدۇ.

## 1. ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى

ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىر دۆلەتتىن 2 - بىر دۆلەتكە قېچىپ بارغان جىنايەتچىنى ئۆز دۆلىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خەلقئارا جىنايى ئىشلار ئەدلىيە تۈزۈمىدە جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقىنىڭ بىر خىل مۇھىم شەكلى. ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئوبيېكتى مەلۇم دۆلەت

* ھەسەنجان تۇردى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

تەرىپىدىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن دەپ ئەيىبلەنگەن ئادەمدىن ئىبارەت. بۇنىڭدا جىنايەتچى ئىلتىماس قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ئادىمى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئىلتىماس قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا هوقۇقلۇق دۆلەتلەر: جىنايەتچى ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەت، جىنايى قىلمىش يۈز بەرگەن دۆلەت، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دۆلەتتىن ئىبارەت. ئەگەر بىر قانچە دۆلەت بىرلا ۋاقىتتا ئىلتىماس قىلىنغۇچى دۆلەتتىن مەلۇم بىر جىنايەتچىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئىلتىماس قىلىنغۇچى دۆلەت پەقەت شەرتنامىدىكى مەجبۇرىيەتنىلا ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۆتكۈزۈپ بېرىش هەققىدىكى ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقنى، زادى قايسى دۆلەتنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش هەققىدىكى تەلىپىنى قوبۇل قىلىشنى بەلگىلەش هوقۇقى ئىلتىماس قىلىنغۇچى دۆلەتتە بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسى بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى دائىرىسىدە ئەركىن بەلگىلىنىدىغان ئىش.

XIV ئەسىرگە كەلگەندە ياۋروپادا تۇنجى ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى بارلىققا كەلدى. بىراق ئۇنىڭدا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان ئوبيېكتلار ئادەتتىكى جىنايەتچىلەر بولماستىن، بەلكى يات دىندىكىلەر ۋە سىياسىي جىنايەتچىلەر ئىدى، XVIII ئەسىردە يېقىنقى زامان بۇرژۇئا قانۇن - تۈزۈم ئىسلاهاتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە 1794 - يىلى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەزمۇنىغا ئىگە بولغان «جېيى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. XIX ئەسىرگە كەلگەندە هازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمى مەيدانغا كەلدى. ئەڭ بۇرۇن بېلگىيە 1833- يىلى دۇنيا بويىچە تۇنجى «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. كېيىن هەرقايسى دۆلەتلەر «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»نى بەلگە قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنلىرىدا كەينى- كەينىدىن بەلگىلىمە چىقاردى.

مەسىلەن، فرانسىيىنىڭ 1927 - يىلىدىكى «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»، گوللاندىيىنىڭ 1967 - يىلىدىكى «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئارگېنتىنا، ئەنگلىيە، سىرىلانكا، گرېتسىيە، لىۋان، سىنگاپور، ۋېنېسۇئېلا، فىنلاندىيە، هىندىستان، ياپونىيە، كوستارىكا قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنى كەينى - كەينىدىن بەلگىلىدى. مەسىلەن، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەر 1933 - يىلى ئىمزالىغان «ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئەهدىنامىسى»، ئەرەب ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەر 1952 - يىلى ئىمزالىغان «ئەرەب ئىتتىپاقىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى»، ياۋروپادىكى دۆلەتلەر 1957 - يىلى ئىمزالىغان «ياۋروپا قىتئەسىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئەهدىنامىسى» قاتارلىقلار، يەنە ئالايلۇق «توكيو ئەهدىنامىسى»، «گائاگا ئەهدىنامىسى»، «مونتېيلىر ئەهدىنامىسى» قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ مۇهىملىقىغا بولغان بىردەك تونۇشىنى ۋە هەرىكىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا «خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى تەشكىلاتى» قۇرۇلدى، بۇ تەشكىلات ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تەھقىقلەش هەمكارلىقىغا ماسلىشىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، چېگرىدىن كىرگەن جىنايەتچىنى ئۆز ۋاقتىدا قولغا ئېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق جەهەتلەردە ئەڭ زور دەرىجىدىكى ساقچى هەمكارلىقىنى يولغا قويدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېقىنقى بىر - ئىككى ئەسىردىن بۇيان، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، پەن - تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىلەرنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسى دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەهمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى.

## 2. ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى

ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمى نەچچە يۈز يىللىق ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش، تەرەققىي قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق خەلقئارادا خېلى مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش سىستېما بولۇپ شەكىللەندى ھەمدە خەلقئارا جەمئىيەت بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ بەزى ئاساسىي پرىنسىپلىرى بارلىققا كەلدى، بۇ پرىنسىپلار هازىرقى زامان خەلقئارا ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى.

1. سىياسىي جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك پرىنسىپى. بۇ XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن كېيىن پەيدىنپەي شەكىللەنگەن خەلقئارا قانۇن پرىنسىپى. XVIII ئەسىردە فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىدى. 1793 - يىلدىكى فرانسىيە ئاساسىي قانۇنىنىڭ 120- ماددىسىدا: «فرانسىيە ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىدىن فرانسىيىگە قېچىپ بارغان چەت ئەللىكلەرگە پاناهلىق بېرىدۇ» دەپ جاكارلانغان. بۇ ئارقىلىق فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم پاناهلىنىش هوقۇقى ئارقىلىق دەۋاسى

سۈرۈشتە قىلىنغان چەت ئەللىكنى قوغدىغان ھەمدە باشقا بىر دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىگە بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىك تەركىبلىرى قوشۇلغان. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتا فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر فرانسىيىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلانغان. كېيىن «سىياسىي جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك» پرىنسىپى پەيدىنپەي ھەرقايسى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى ھەمدە قانۇن چىقىرىش يولى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقئارالىق جىنايەتلەر بىر قەدەر تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى، يەنى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ - سېتىش، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى، تۇتقۇن قىلىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق جىنايەتلەر كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە ئېغىر زىيان سالدى، لېكىن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سىياسىي جىنايەت ئۇقۇمىغا بولغان چۈشەنچىسى بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭغا قارىتا تۈرلۈك تەدبىرلەر قالايمىقان قوللىنىلدى. شۇڭا، بۇنداق قالايمىقان ئەھۋالنى تۈزىتىش ۋە قائىدە - تەرتىپلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. 1985 - يىلى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە شەرتنامىنى ئىمزالاپ، سىياسىي خاراكتېرلىك جىنايەت دەپ قاراشقا بولمايدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېنىق كۆرسىتىپ، پۇقرالارنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىكى زورلۇق كۈچ بىلەن ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەرنى بىردەك ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدىغان جىنايەت دەپ قارىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ياۋروپادىكى دۆلەتلەر يەنە «ياۋروپا تېررورلۇقنى چەكلەش ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالاپ، تېررورلۇق جىنايەتلىرىنى سىياسىي جىنايەت دەپ قارىماسلىقنى جاكارلىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە بېيىتىش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، «گۆرۆگە ئېلىنغانلارنى تۇتقۇن قىلىشقا قارشى تۇرۇش خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نى ماقۇللاپ، ئەھدىنامىگە ئەزا دۆلەتلەردىن ئايروپىلان بۇلىغان جىنايەتچىلەرگە پاناھلىق بەرمەسلىكنى تەلەپ قىلدى، «نەسلىنى يوقىتىش جىنايىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى»، «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق جىنايى ھەرىكەتلىرىنى مەنئىي قىلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى»نى ماقۇللاپ، نەسلىنى يوقىتىش جىنايىتى ۋە ئۇرۇش جىنايىتىنى سىياسىي جىنايەتنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «سىياسىي جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك» پرىنسىپى ھازىرقى خەلقئارا مۇھىت ۋە خەلقئارا جەمئىيەتتە چەكلىك قوللىنىلىدى.

2. «قوش ئەيىبلەش پرىنسىپى». ئومۇمەن خەلقئارا ئەمەلىيەت بويىچە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن جىنايەتچى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى دۆلەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماس قىلىنغۇچى دۆلەتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ قانۇنىغا (ياكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسىغا) ئاساسەن جىنايەت دەپ قارالغان ھەرىكەتنى ئاكتىپ ياكى پاسسىپ ھالدا سادىر قىلغۇچىدۇر، مانا بۇ «قوش ئەيىبلەش» پرىنسىپى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شۇكى، ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى دۆلەت بىلەن ئىلتىماس قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ قانۇنىدا بۇ خىل ھەرىكەت جىنايەت دەپ قارالغاندىلا، ئاندىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھالبۇكى بۇ خىل جىنايەتكە بېرىلىدىغان جازا كەم دېگەندىمۇ بىر قانچە يىللىق قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جازا بولۇشى كېرەك. «قوش ئەيىبلەش» پرىنسىپىنىڭ بەلگىلىنىشى ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى قانۇن - تۈزۈم پرىنسىپى، سىياسىي، ئىقتىساد، قىممەت قارىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرق ۋە زىددىيەتلەرگە قارىماي، ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئۇيغۇن كېلىدىغان جىنايى ھەرىكەت جەھەتتىكى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەدلىيە جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى ئاكتىپ ئورۇنلاش مەقسىدىگە يەتكۈزدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر تېررورلۇق ھەرىكەتلەرگە، سىياسىي سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈش، تۇتقۇن قىلىش، قارا جەمئىيەت كۈچلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى قاتارلىقلارغا زەربە بېرىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوش ئەيىبلەش پرىنسىپىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

3. ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقراسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلىش پرىنسىپى. بۇنىڭدا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئوبيېكتى بىر دۆلەتنىڭ چېگرىسى ئىچىدە، تۇرۇپ باشقا دۆلەت تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ياكى جازا ھۆكۈم قىلىنىدىغان جىنايەتچى بولىدۇ. ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان جىنايەتچى ئىلتىماس قىلغۇچى دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماس قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇشىمۇ مۇمكىن ۋە ياكى 3- بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئاخىرقى بىر خىل ئەھۋال ئاستىدا، قانۇننىڭ ئادەمگە بولغان كۈچى ۋە ماكان كۈچىگە ئاساسەن، بۇ جىنايەتچىگە ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنى تەتبىقلىنىپ باشقۇرۇلىدۇ. شۇڭا، نۆۋەتتىكى خەلقئارا ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە

ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق ئاز ساندىكى دۆلەتلەردە بىر قىسىم دېلو مىساللىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر مەسىلەن فرانسىيە، دانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئادەتتە ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەيدۇ، ھەتتا چەت ئەللەرگە ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقراسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى مەنئىي قىلىدۇ. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن خەلقئارا شەرتنامىلەردە ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. مەسىلەن، 1933 - يىلىدىكى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئەھدىنامىسىنىڭ 2 - ماددىسىدا: «ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى ئىلتىماس قىلىنغان ئادەم ئىلتىماس قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولسا، ئۆتكۈزۈپ بېرىلمەيدۇ، بۇنى ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچى دۆلەت قانۇنىغا ئاساسەن ياكى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەيدۇ. ئەگەر جاۋابكارنى تاپشۇرۇپ بەرمىسە، ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچى دۆلەتنىڭ مەزكۇر جاۋابكارنىڭ ئەيىبلەنگەن جىنايىتى ئۈستىدە ئەرز قىلىش مەجبۇرىيىتى بار، ئەگەر بۇ خىل جىنايەت يۇقىرىدىكى 2 - ماددىدا بېكىتىلگەن شەرتكە ئۇيغۇن كەلسە، ئېلان قىلىنغان جىنايى جازانى ئىلتىماس قىلغۇچى دۆلەتكە ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىدە يەنە بەزى نەزەرىيىلەر بارغانسېرى پىششىپ يېتىلمەكتە ۋە مۇكەممەللەشمەكتە. مەسىلەن، ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئەگىشىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان مال - مۈلۈكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسى. ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەدلىيە جەھەتتە ھەمكارلىشىش كېلىشىمىدە: «يالغۇز جىنايەتچىلا ئۆتكۈزۈپ بېرىلمەستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۈلۈكنىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن نۆۋەتتە خەلقئارا ئىقتىسادىي جىنايەتلەرگە چېتىلىدىغان جىنايەتچىلەرنى جازالاپ، زورلۇق كۈچ بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان مال - مۈلۈك زىيىنىنى ۋە جىنايەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىيانلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

## 3. دۆلىتىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسىگە ئائىت قانۇنلىرى ۋە ئەمەلىيىتى

كونا جۇڭگودا، دۆلىتىمىزنىڭ بەزى شەرتنامىلىرىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بار ئىدى. مەسىلەن، 1689 - يىلىدىكى «جۇڭگو - روسىيە نېبۇچۇ (نېرچىنسىك) شەرتنامىسى»، 1886 - يىلىدىكى «جۇڭگو - فرانسىيە - ۋېيتنام چېگرا سودا ئالاقىسى نىزامى» قاتارلىقلار. لېكىن بۇ شەرتنامىلەر جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ دۆلىتىمىزگە تاڭغان ھەر خىل تەڭ ھوقۇقسىز بەلگىلىمىلىرى بىلەن تولغان. يېرىم مۇستەملىكە يېرىم فېئوداللىق دەۋردىكى جۇڭگودا، جاھانگىر دۆلەتلەر «زېمىن سىرتى ھوقۇقى»غا ئىگە بولغاچقا، ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسىدىن زادى سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز 1963 - يىلىدىكى «ئاۋىئاتسىيە قوراللىرى ئىچىدىكى جىنايەت ۋە باشقا بەزى ھەرىكەتلەر توغرىسىدىكى ئەھدىنامە» (توكيو ئەھدىنامىسى) گە قاتناشتى. 1970 - يىلىدىكى «ئاۋىئاتسىيە قوراللىرىنى قانۇنسىز بۇلاشنى چەكلەش توغرىسىدىكى ئەھدىنامە» (گائاگا ئەھدىنامىسى) گە، 1971 - يىلىدىكى «خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى چەكلەش ئەھدىنامىسى» (مونتېئال ئەھدىنامىسى) گە قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن ئايروپىلان بۇلىغان جىنايەتچىلەرگە ئۇنۇملۇك ۋە ئۆز ۋاقتىدا زەربە بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتە خېلى ئېنىق بەلگىلىمىلەر بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلىتىمىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى قانۇنىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، «خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى تەشكىلاتى»نىڭ ئەزا دۆلەتلىكىگە رەسمىي قوبۇل قىلىنىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ فرانسىيە، ئىتالىيە، پولشا، موڭغۇلىيە، رومىنىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىكى ھەمكارلىق كېلىشىمىنى ئىمزالىدى ھەمدە ياپونىيە، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن جىنايەتچىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇردى. لېكىن ھازىرغىچە دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى جەھەتتە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە دائىر مەخسۇس بىر قانۇنى يوق. تاشقى جەھەتتە دۆلىتىمىز ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەزمۇنىغا چېتىلىدىغان كەڭ - كۆلەملىك خەلقئارا شەرتنامىگە قاتناشمىدى ياكى شەرتنامە ئىمزالىمىدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسىگە ئالاقىدار ئەمەلىيىتى ئەزەلدىنلا ئالاقىدار قانۇن ۋە سىياسەت، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە پاناھلىنىش ھوقۇقى بېرىلگەن چەت ئەللىكلەرنى چەت ئەلگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك، چەت ئەل ھۆكۈمىتى جىنايەت ئۆتكۈزگەن چەت ئەللىكلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، پرىنسىپ جەھەتتە دۆلىتىمىز قاتناشقان خەلقئارا ئەھدىنامە ياكى ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمى بويىچە بىر تەرەپ

www.uyghurkitap.com

قىلىش، يۇقىرىدىكى شەرتلەرنى ھازىرلىمىغان بولسىمۇ، چەت ئەل ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان كىشىلەرنى دۆلىتىمىزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، دېپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ئايرىم بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى. قىسقىسى، دۆلىتىمىز ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمى جەھەتتە مەيلى دۆلەت ئىچىدىكى قانۇن چىقىرىشتا بولسۇن ياكى خەلقئارا شەرتنامىلەرگە قاتنىشىشتا بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك بىر بوشلۇقتىنلا ئىبارەت. ئادەمنى جىددى مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئوبيېكتىپ پاكىت شۇكى، پۇختا ۋە مۇكەممەل قانۇن - قائىدىلەر سىستېمىسى كەمچىل بولغانلىقتىن، بەزى جىنايەتچىلەر باشقا دۆلەتكە قېچىپ بېرىپ، قانۇننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالماقتا، ھەتتا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ دۆلىتىمىزگە ياكى ھەرقايسى ئەللەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنىڭ قەتئىيلىكىگە ۋە نوپۇزىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى قوغداشقا، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىغا ۋە دۇنيادىكى ئابرويىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزمەكتە. شۇڭلاشقا، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمى كەمچىل بولۇشتەك ھازىرقى ھالەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدىغان پۇختا ۋە سىستېمىلىق «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»نى تۈزۈپ چىقىش، دۆلىتىمىزگە ئاكتىپ تەسىر پەيدا قىلالايدىغان خەلقئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىلىرىگە ئاكتىپ ھەم ئىشەنچلىك قاتنىشىش، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى ياكى ئەدلىيە ھەمكارلىق شەرتنامىلىرىنى ئىمزالاش — سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ جىددىي تەلىپى بولۇپلا قالماي، بەلكى خەلقئارا قانۇننىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاكتىپ ھەرىكەتتۇر.

## 4. دۆلىتىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش - سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ جىددىي تەلىپى

«خەلق دېموكراتىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىش» پارتىينىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ دوكلاتىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە قانۇنچىلىق ساھەسىدە ئىزچىل يولغا قويۇلىدىغان فاڭجېن، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى. ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇن بولغانىكەن جەزمەن ئاساسلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەت قانۇن - تۈزۈم ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە، بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى قائىدىگە سېلىپ ۋە يېتەكلەپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى. ئەمما، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ كەمچىل بولۇشدەك ھازىرقى ئەھۋالى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىدىن يىراق تۇرماقتا. بۇ ھال ئىچكى جەھەتتە دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق- مەنپەئىتىنى ۋە ئەدلىيە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشقا، تاشقى جەھەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغداشقا، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى كۈچەيتىش ۋە ئۆستۈرۈشكە، خەلقئارا جىنايەتچىلەرگە ئۆز ۋاقتىدا، قانۇنىي يوسۇندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك زەربە بېرىشكە، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ دوستانە ھەمكارلىشىپ، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇپ تەڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز بولماقتا.

دۆلىتىمىز دۇنيانىڭ بەشتىن بىر ئاھالىسىغا ئىگە چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپ دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئۇنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى قوغداش مەسئۇلىيىتى بار. قانۇن - تۈزۈم مۇكەممەل بولماسلىقتەك ھازىرقى ھالەت دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىغا مۇناسىپ كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات تەلىپىگىمۇ ماس كەلمەيدۇ. ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمى دۆلەتنىڭ خەلقئارادىكى ئەدلىيە ھەمكارلىقىغا قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇش بىلەن جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# ئادۋوكات ۋە ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا

مەتروزى سادىق•

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى سوت ئىشلىرىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بەلگىسى. بۇ ماقالىدە، ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رولى قاتارلىقلار قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

摘要：辩护制度是在诉讼中体现社会主义民主的重要标志。本文简要论述律师与辩护制度的产生、发展及其在我国社会主义现代化建设中的作用。

**Abostract**: Defence institution is an important symbol of embodying socialist democracy on the matter of lawsuits. This article expounds in brief the occurence and historical development of lawyer and defence institution as well as the role in our country's construction of socialist modernization.

## 1. ئادۋوكات ۋە ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنى

ئادۋوكات قانۇن ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەن، قانۇننىڭ ماھىيىتى، ئالاھىدىلىكى، رولى، قانۇن بىلەن دۆلەت، سىياسىي - ئىقتىساد، ئەخلاق ۋە ئېستېتىكىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا كەڭ نەزەرىيىۋى بىلىمگە ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغان، دۆلەتنىڭ قانۇن بەلگىلىمىسى بويىچە دەۋالاشقۇچىلارغا قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغان خىزمەتچى خادىمدۇر.

ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئادۋوكات دېگەن بۇ ئۇقۇمغا بەرگەن تەبىرى ئوخشاشمايدۇ. بەزى دۆلەتلەر ئادۋوكات قانۇننى كەسىپ قىلغان، تەرتىپ ۋە ئىنتىزامنى ساقلايدىغان كىشى دەپ تەبىر بەرسە، بەزى دۆلەتلەر ئادۋوكات قانۇنغا پىششىق، دەۋالاشقۇچىلارنى مۇناسىۋەتلىك قانۇن ئاساسلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ھەمدە ۋەكالىتەن سوتقا قاتنىشىدىغان كىشى دەپ تەبىر بېرىدۇ. بەزى دۆلەتلەر ئادۋوكات قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىدىغان ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغدايدىغان، دەۋالاشقۇچىلارغا ۋەكالىتەن دەۋا پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ھەمدە باشقىلارغا ۋەكالىتەن سوتقا قاتنىشىپ ئاقلاش ئېلىپ بارىدىغان كىشى دەپ تەبىر بەرسە، يەنە بەزى دۆلەتلەر (مەسىلەن دۆلىتىمىز) ئادۋوكات دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھاۋالىسىنى ياكى سوت مەھكىمىسىنىڭ بەلگىلىشىنى قوبۇل قىلىپ، قانۇن بويىچە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشىغا ۋە قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىدىغان مەخسۇس خادىم دەپ ئىزاھلايدۇ. گەرچە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بەرگەن تەبىرلىرىدە پەرق بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ئادۋوكاتنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇن تۈرمۇشىدىكى ئورنى ۋە رولىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا پۇخرالار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان قانۇن - تۈزۈم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ.

## 2. قەدىمكى زامان ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى غەرب قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە يۇنان ۋە رىمدا بارلىققا كەلگەن، ئۇ يۇناننىڭ ئافىنا قانۇنىدا تۆۋەندىكىدەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

(1) دەۋادا مۇنازىرىلىشىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولۇپ، سوتتا ئالدى بىلەن دەۋاگەرنىڭ شىكايەتنامىسى بىلەن جاۋابكارنىڭ رەددىيەنامىسى ئوقۇپ ئۆتۈلگەن، ئاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ دەۋالاشقۇچىلارنىڭ مۇنازىرىلىشىش يولغا قويۇلغان.

(2) دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئاقلىغۇچى تەكلىپ قىلىپ ئۆزىگە ۋەكالىتەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ماددا بەلگىلەنگەن.

(3) مۇنازىرە تۈگىگەندىن كېيىن، سوتچى مەخپىي ئاۋازغا قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىلىپ دەۋا توغرا بىر تەرەپ قىلىنىغان. يۇناننىڭ ئافىنا قانۇنى كېيىنچە رىم قانۇنىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. قەدىمكى رىم «12 مىس تاختا قانۇنى» دا دەۋاگەر بىلەن جاۋابكارنىڭ سوتتا مۇنازىرىلىشىشى ھەققىدە مۇكەممەل ماددىلار بەلگىلەنگەن.

رىم قانۇنىدا ھەر قانداق دەۋا تەرتىپىدە بىرىنچى قەدەمدە، دەۋاگەر ئالدى بىلەن جاۋابكارنى سوتقا قاتنىشىشقا چاقىرىشى شەرت. ئەگەر جاۋابكار سوتقا قاتنىشىشنى رەت قىلسا، دەۋاگەر ئۇنى سوتقا قاتنىشىشقا مەجبۇرلىسا بولىدۇ. ئەگەر جاۋابكار چاقىرتقان ھامان كېلىپ سوتقا قاتناشمىسا ياكى سوتقا قاتنىشىشنى خالىمىسا، جاۋابكارنىڭ ئۆزىگە ئاقلىغۇچى قىلىپ كۆرسەتكەن كىشى ئۇنىڭغا كېپىل بولۇپ سوتقا قاتناشسا بولىدۇ. ئەگەر جاۋابكار سوتقىمۇ قاتناشمىسا، سوتچى دەۋاگەرگە ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ھوقۇق بېرىدۇ دېگەن ماددىلار ئېنىق يېزىلغان.

بۇ قانۇندىكى دەۋا جەريانىدا مۇنازىرىلىشىشكە ۋە ۋەكالەتچىلىك قىلىشقا يول قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ئادۋوكاتلىق ئىشلىرىنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى يۇنان ۋە رىمدا بارلىققا كەلگەن ئاقلىغۇچى ياكى دەۋا ۋەكالەتچىسى دەل ھازىرقى زامان ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ تارىخىي ئاساسى ۋە ئىجتىمائىي مەنبەئىدۇر.

قانۇن مۇتەخەسسىسى (ئادۋوكات) مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - يىللاردىن مىلادى 600- يىلىغا قەدەر ئارىلىقتا رىمدا رەسمىي بارلىققا كەلگەن. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە پاپا دەۋا ۋەكالەتچىلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى ئارقىلىق قانۇنىي پىششىق بىلىدىغان «ئاقلىغۇچى» لارنى تاللاش، ئۇلارغا ھەق بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن. مۇشۇ ئاساستا «ئادۋوكات» بارلىققا كېلىپ، بۇ نام رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان. كېيىن ئادۋوكاتلىق تەدرىجىي ھالدا بىر خىل تۈزۈم بولۇپ شەكىللەندى.

غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ياۋروپا فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى تەدرىجىي خارابلاشتى. گەرچە ئەنگلىيە، فرانسىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ئۆلگە بولۇپ مىلادى XI ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنى ئورناتقان بولسىمۇ، ئادۋوكاتلارنىڭ پائالىيىتى ئىنتايىن زور چەكلىمىلەرگە ئۇچرىدى. ئەنگلىيە قانۇنىدا دەسلەپكى مەزگىلدە ھەق تەلەپ دىلولىرىنى قاراپ چىققاندا، ھاۋالە قىلغۇچى پادىشاھنىڭ ئىجازەتنامىسىنى ئېلىشقا ئىلتىماس قىلىشى شەرت. ھاۋالە قىلغۇچى ئىجازەتنامىنى سوت كوللېگىيىسىگە ئۆزى ئېلىپ كېلىپ، ھاۋالە قىلىنغان ۋەكالەتچى ۋە ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئاندىن ۋەكالەتچى قانۇنلۇق ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ۋاقىتتا قوللىنىلغان چىركاۋ قانۇنى ئادەتتىكى سوت مەھكىمىلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، دەۋا ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقى پوپلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. XIII ئەسىرگە كەلگەندە، پوپلارنىڭ ئادەتتىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دەۋا پائالىيىتىگە قاتنىشىشى چەكلەندى. XV ئەسىردە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ لوندوندا تۆت ئادۋوكاتلار ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ قانۇنشۇناسلارنى تەربىيىلىدى ۋە بىرنەچچە ئادۋوكاتلىق ئورنىنى مونوپول قىلدى. XVI ئەسىرگە كەلگەندە، ئەنگلىيىدە ئادۋوكاتلار «سوتقا قاتنىشىدىغان ئادۋوكات» ۋە «مۇلازىمەتچى ئادۋوكات» دەپ ئايرىلىشقا باشلاپ، ئەنگلىيە ئادۋوكاتلىقىنىڭ دەرىجىلىك تۈزۈمىنى شەكىللەندۈردى.

فرانسىيەدە XI ئەسىردىن كېيىن پوپلارنىڭ ئادەتتىكى سوت مەھكىمىلىرىدە ئاقلىغۇچىلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئادۋوكاتلار ئىگىلىدى. ئادۋوكاتلار ئالدى بىلەن ئادۋوكاتلىق ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئىمتىھان ئارقىلىق رويخەتكە ئېلىنغاندىن كېيىن، كەسپىي ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى بىلەن پادىشاھلار بىلەن چىركاۋ پوپلىرى ۋە فېئودال بەگلەر ئوتتۇرىسىدا

كى كۆرەشلەردە پادىشاھ تەرەپتە تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى پادىشاھقا مەركەزلەشتۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشتە زور كۈچ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئادۋوكاتلار پادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشتى، بۇ ئارقىلىق ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

XIII ئەسىرگە كەلگەندە پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەردە سوت مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاقلىغۇچىلارمۇ ئېتىراپ قىلىندى، XV ئەسىردىن كېيىن ئادۋوكاتلار بىلەن دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بۆلۈنۈشكە باشلىدى. بۇ خىل پەرق فرانسىيە ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىدە بۈگۈنكىچە ساقلانماقتا.

## 3. يېقىنقى زامان ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى غەرب دېموكراتىك تۈزۈمى ئاساسىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ۋە باشقا دۆلەتلەرگە كېڭەيگەن.

XVII — XVIII ئەسىرگە كەلگەندە، بۇرژۇئا مەرىپەتچىلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرى فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، ئىناقلىق، ئەركىنلىكتىن ئىبارەت سىياسىي تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەدلىيە تۈزۈمى جەھەتتە ئادىل دەۋا تۈزۈمىنى ئورنىتىش، سوت قىلىشنى ئوچۇق ئېلىپ بېرىش ۋە مۇنازىرىلىشىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش قاتارلىقلارنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ تەلەپلەر ئەينى ۋاقىتتىكى كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلگەچكە خېلى بىر قىسىم تەكلىپلەر ۋە تەشەببۇسلار قوبۇل قىلىندى. 1679 - يىلى ئەنگلىيە «جىسمانىي قوغدىنىش قانۇنى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا سوت مەھكىمىسى تامغا بېسىپ تارقاتمىغان قولغا ئېلىش ئىسپاتى بىلەن جاۋابكارنى قولغا ئېلىپ قاماشقا بولمايدۇ، قولغا ئېلىنغۇچى ئۆزىنى - ئۆزى ئاقلىسا ياكى ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ ئۆزىنى ئاقلاتسا بولىدۇ دېگەن ماددىلار يېزىلغان. 1836 - يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى ۋىليام IV ئىمزاسىدا ئېلان قىلىنغان بۇ قانۇندا ھەر قانداق دېلونى تەييارلىق سوراق قىلغاندا ياكى رەسمىي سوت قىلغاندا بولسۇن جاۋابكار ئاقلىنىشقا ھوقۇقلۇق ھەمدە ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ياردەملەشتۈرسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسىنىڭ 6 - ماددىسىدا بارلىق جىنايى ئىشلار دەۋاسىدا جاۋابكار تۆۋەندىكى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك: جىنايى دېلو يۈز بەرگەن شتات ياكى رايوندىكى ئادىل زاساتىللار ئۇمىكى تەرىپىدىن تېزدىن ئوچۇق سوت قىلىنسا بولىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ گۇۋاھچىسى بىلەن يۈزلىشىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئادۋوكاتنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىلەر ئامېرىكا ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

1791 - يىلىدىكى فرانسىيە ئاساسىي قانۇنىدا ۋە 1789 - يىلى تۈزۈلگەن «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» نىڭ كىرىش سۆزىدە جاۋابكار ئاقلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، جاۋابكارنىڭ ئادۋوكاتنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا 1789 - يىلى فرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئاساسىي قانۇن تۈزۈمى يىغىنىنىڭ بىر پەرمانىدا، جاۋابكارنىڭ جىنايىتى سۈرۈشتۈرۈلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ ئاقلىغۇچىنىڭ دەۋاغا قاتنىشىشىغا يول قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 1808- يىلى ناپولېئون شەخسەن ئۆزى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا مۇنازىرىلىشىش ۋە ئاقلاش پرىنسىپى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كونكرېت بايان قىلىنغان.

شەرق دۆلەتلىرى ئۇزاق ۋاقىت ئىشىكنى تاقىۋېلىش سىياسىتىنى قوللاندى. پەقەت XIX ئەسىرگە كەلگەندە، بەزى شەرق دۆلەتلىرى غەربتىن ئۆگىنىپ ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. جۇڭگو فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدە خېلى ئۇزاققىچە ئىشىكنى تاقىۋېلىش ھالىتىدە تۇردى. 1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو تەدرىجىي ھالدا يېرىم مۇستەملىكە يېرىم فېئودالىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئەسلىدە بار بولغان فېئودال كونا قانۇنلار جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن قانۇن ئورگانلىرى قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ چىقىش يولىنى تاپمىسا بولمايدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى باشقا ئەدلىيە تۈزۈمىگە ئوخشاش جۇڭگوغا تارقىلىشقا باشلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بەزى كىشىلەر كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئادۋوكاتلىق ئىشلىرىنى تەسىس قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

1910 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «بۈيۈك چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايى ئىشلار ۋە ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» لايىھىسىنى تەييارلىدى. ئۇنىڭدا ئادۋوكاتلارنىڭ ئاقلىغۇچىلىق قىلىشى ۋە ۋەكالەتچىلىك قىلىشى توغرىسىدا بەلگىلىمە بار

ئىدى. ئەمما بۇ لايىھە ئېلان قىلىنغۇچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. «شىنخەي ئىنقىلابى» دىن كېيىن، سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت گېرمانىيە، ياپونىيىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئادۋوكاتلار قانۇنى لايىھىسىنى تەييارلىدى. ئەمما بۇ لايىھەمۇ يولغا قويۇلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىمالىي مىللىتارىست ھۆكۈمىتى ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان ئادۋوكاتلار نىزامىنى تۈزدى، بۇلار كونا جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ھېسابلىنىدۇ. 1927 - يىلى شىمالىي مىللىتارىست ھۆكۈمىتى ئادۋوكاتلار نىزامىنى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. بۇنىڭغا بۇرۇنقى ئادۋوكاتلار نىزامىغا قارىغاندا نۇرغۇن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ نىزامنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ 14 يىلدىن ئۇزۇنراق قوللاندى. 1941 - يىلى بۇ نىزام بىكار قىلىنىپ «ئادۋوكاتلار قانۇنى» تۈزۈپ ئېلان قىلىندى.

## 4. ھازىرقى زامان ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتى. ئادۋوكاتلىق كەسپىنىڭ دائىرىسى تەدرىجىي كېڭىيىپ ئادۋوكاتلار زور مىقداردىكى دەۋاغا كىرمەيدىغان ئىشلارنى ۋە باشقا ئادۋوكاتلىق ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. نۇرغۇنلىغان ئورگانلار، كارخانىلار، تەشكىلاتلار ئادۋوكاتلارنى قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئادۋوكاتلار يەنە «دەۋالاشقۇچىلارغا ۋەكالىتەن ئىلتىماس قىلىپ، رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىدىغان ياكى سۆزلىشىدىغان، كېسىم قىلىنىدىغان ۋەقەلەرنىڭ كېسىمچىلىكىنى ئۈستىگە ئالىدىغان، مىراس باشقۇرغۇچى بولۇپ ۋە ھاۋالىنى قوبۇل قىلىپ، مال - مۈلۈكنى باشقۇرىدىغان خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئادۋوكاتلارنىڭ سانىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن تېز سۈرئەت بىلەن كۆپەيدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكىدا ئادۋوكاتلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. ھازىر ئامېرىكىدا مەملىكەت بويىچە ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولغانلار 600 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. ئادۋوكاتلارنىڭ ئىش تەقسىم قىلىنىۋېلىپ كەسپىلىشىشى تەدرىجىي شەكىللەندى. ھازىر ئامېرىكىدا نىكاھ ئىشلىرىغا، مىراس ماجىرالىرىغا دائىر دېلولارنى بېجىرىدىغان ۋە سودا، ھاۋالە، مەبلەغ، سۇغۇرتا قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرىدىغان مەخسۇسلاشقان ئادۋوكاتلار بارلىققا كەلدى. دېمەك، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئادۋوكاتلارنىڭ ئىش تەقسىم قىلىنىۋېلىپ مەخسۇسلىشىشى ئادۋوكاتلىق مۇلازىمىتىنى ياخشىلاپ، ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى رەسمىي ئورنىتىلىشقا باشلىدى. 1954 - يىلى 7 - ئايدىكى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈملىرىدە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» دا بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق جايلاردا ئادۋوكاتلىق ئىشلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىش بەلگىلەندى. 1954 - يىلى دۆلىتىمىز ئېلان قىلغان تۇنجى «ئاساسىي قانۇن» ۋە «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دا خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېلولارنى قاراپ چىقىش جەريانىدا جاۋابكار ئاقلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. جاۋابكار ئۆزىنى - ئۆزى ئاقلىغاندىن باشقا يەنە ئۆزىنى ئاقلاشنى ئادۋوكاتقا ھاۋالە قىلسىمۇ بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، بۇلاردىن دۆلىتىمىزدە ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ ئېنىق بەلگىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1956 - يىلى 5 - ئايدا گوۋۇيۈەن ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ئادۋوكاتلىق خىزمىتى قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى» نى تەستىقلىغاندا، ئادۋوكاتلىق ئىشلىرىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە شەرتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر قاتار بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. ھەمدە «ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان ئادۋوكاتلىق ھەققى ئېلىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. 1957 - يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەتتىكى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەردە 800 دىن ئارتۇق قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. پۈتۈن مەملىكەتتە 19 ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى تەسىس قىلىنىدى، ئادۋوكاتلارنىڭ سانى 3000 غا يەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئادۋوكاتلار قوشۇنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، ھەمدە بۇ ئادۋوكاتلار قوشۇنى دەۋا پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ۋە مۇھىم رول ئوينىدى. ئەمما 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سولچىل خاتا لۇشيەن ۋە ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئوڭچىللىققا قارشى كۆرەش كېڭەيتىۋېتىلىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئادۋوكاتلار ھەمدە ئادۋوكاتلار جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئوڭچى قىلىپ قويۇلدى. «ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى بۇرژۇئازىيىنىڭ نەزەرىيىسى»، «ئادۋوكاتلار جىنايەتچىلەرنىڭ مەيدانىدا تۇرىدۇ»،

«ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ جىنايىتىنى ئاقلايدۇ» ۋەھاكازا دەپ ھاقارەتلىنىپ، يولغا قويۇلغىنىغا ئىككى يىل بولمىغان ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى يېرىم يولدا توختىتىلدى. بۇ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ناھايىتى زور زىيان ئېلىپ كەلدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تار - مار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتى.

1979 - يىلىنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ، خېيلوڭجىياڭ ئۆلكىسى ۋە گۇاڭجۇ شەھەرلىرىدە ئادۋوكاتلىق ئورۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنىدا جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى قاتارلىق يەتتە قانۇن ئېلان قىلىندى، ھەمدە ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ كۈن تەرتىپكە قويۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئادۋوكاتلىق قوشۇنىنى قايتىدىن قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى.

1980 - يىلى 8 - ئايدا چاقىرىلغان 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 15 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا «ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان ئادۋوكاتلار نىزامى» ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. بۇ — دۆلىتىمىز ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. شۇ يىلى 10 - ئايدا ئەدلىيە مىنىستىرلىكى مەملىكەتلىك ئادۋوكاتلىق خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. يىغىندا ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئادۋوكاتلىق قوشۇنى ۋە ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېخىمۇ تېزلىتىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 3100 دىن ئارتۇق ئادۋوكاتلىق ئورۇنلىرى قۇرۇلدى، ئادۋوكاتلارنىڭ سانى 13مىڭغا، قوشۇمچە ئادۋوكاتلارنىڭ سانى 6000 غا يەتتى، 1986 - يىلى 7- ئايدا بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئادۋوكاتلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

مەملىكەتلىك ئادۋوكاتلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دۆلىتىمىز ئادۋوكاتلىق ساھەسىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن داغدۇغىلىق يىغىن بولدى. يولداش چياۋشى قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. يىغىندا يولداش چياۋشى «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنى قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشايلى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى كۈچەيتىش ۋە سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى بىر زور ئىش.

بۇ قېتىمقى يىغىندا تەشكىلىي جەھەتتە مەملىكەتلىك ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپلا قالماي، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيە جەھەتتە ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ مەقسىتى، خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا، يېڭى تارىخىي دەۋردە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى قانداق ئادا قىلىش مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلدى.

مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئادۋوكاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، قانۇن ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، چەت ئەل بىلەن خىزمەت تەجرىبىسى ئالماشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگۈسى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى دەرسلىكى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1992- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. «جۇڭگو قانۇنشۇناسلىق ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
3. «ئادۋوكاتلىق كەسپى ئوقۇشلۇقى» ، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
4. «ئادۋوكاتلىق قانۇنشۇناسلىقى» ، شەنشى خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
5. «ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى ۋە ئادۋوكاتلىق ئەمەلىيىتى» بىلىم نەشرىياتى، 1990 - يىل خەنزۇچە نەشرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى

△ 1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ۋېنگرىيىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان سەگەت (szeged) شەھىرىدە «خەلقئارا مەڭگۈلۈك ئالتايشۇناسلىق كومىتېتى» (C. A. I. P) نىڭ 39 - نۆۋەتلىك ئىلمىي كونفېرېنسىيىسى ئېچىلدى. بۇ كاتتا يىغىنغا دۇنيا ئالتايشۇناسلىق كومىتېتى ئىجرائىيە ھەيئىتى رىياسەتچىلىك قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 40 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى 115 نەپەر ئالىم قاتناشتى. تەكلىپكە بىنائەن ئېلىمىزدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇكېرىم رەھمان ئۆزىنىڭ «〈دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك〉تىكى بىر قىسىم يەر - جاي ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە» 《on the Etymology of some place names Divanu Lughat — tit Turk》 ناملىق ئىلمىي ماقالىسى بىلەن قاتناشتى. بۇ ماقالىدىكى بەزى يېڭى كۆز قاراشلار يىغىنغا قاتناشقان دۇنيا ئالتايشۇناسلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، ھەمدە بۇ ماقالە بۇ قېتىمقى ئىلمىي يىغىننىڭ «تاللانغان ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلدى.

△ تۈركولوگىيە ئىلمىي بويىچە تۇنجى قېتىم دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ ياش دوتسېنتى، دوكتور ئابدۇرېشىت ياقۇپ گېرمانىيىنىڭ بامبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق ئورنىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 1996 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە ئۇيغۇر تىلىدىن لېكسىيە ئۆتۈپ كەلدى. بۇ قېتىم گېرمانىيە، شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە «ئۇيغۇر تىلى»، «ئۆزبېك تىلى»، «تاجىك تىلى»دىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىل بويىچە قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىش كۇرسى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇشۇ ساھەدىكى ئاسپىرانتلار ۋە تەتقىقات خادىملىرى قاتناشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغىنى «ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش كۇرسى» بولۇپ، دوكتور ئابدۇرېشىت ياقۇپنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى ۋە قىزغىنلىقى ئۇنىۋېرسىتېت رەھبەرلىكى تەرىپىدىن ئالاھىدە ماختالدى. ئۇ ھازىر ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئالتاي تىللىرىنىڭ تىپولوگىيىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن 1997 - يىل 1 ئاينىڭ 19 - كۈنى ياپونىيىگە يۈرۈپ كەتتى.

△ 1996 - يىلى 5 - ئايدا گوۋۇيۈەن ۋە دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى ئىلمىي ئۇنۋان بېرىش ئورنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە ۋە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات كەسپى»گە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش ھوقۇقىنى رەسمىي تەستىقلىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن تەربىيىلەش ئورنى بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. بۇ كەسىپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى، ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورگانلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»،

«ئۇيغۇر تىلى»، «قازاق تىل ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلورى»، «قوش تىللار سېلىشتۇرما تەتقىقاتى» قاتارلىق بەش يۆنىلىش (كەسىپ) بويىچە دوكتورلۇق-ئۇنۋانى ئۈچۈن ئاسپىرانت قوبۇل قىلماقچى. 1997 - يىلدىن باشلاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنمەكتە.

△ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى كوللېكتىپى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئىككى توملۇق، 800 مىڭ خەتلىك) 1996 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ نۇقتىلىق نەشر قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. خەنزۇ تىلىدا ئىشلەنگەن بۇ ئىلمىي ئەسەر بۇگۈنگىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي جەريانلىرىنى ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان يىرىك تەتقىقات ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر 1997 - يىلى 5 - ئايدا نەشردىن چىقىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تارقىتىلماقچى.

△ 1996 - يىل 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە «جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى» نىڭ 8 - قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي يىغىن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى تەتقىق قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. يىغىنغا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 50 تىن ئارتۇق ھەر مىللەت تەتقىقات خادىملىرى قاتناشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پروفېسسور لى شياۋرۇي، دوتسېنت غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىق 12 كىشى قاتناشقان بولۇپ، چوڭ يىغىندا ئۇلارنىڭ سەككىز پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق بىر قىسىم رەھبەرلەر قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ۋەكىللىرى يېقىن ئارىدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ھەققىدە خەلقئارا يىغىن ئېچىش ۋە بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى تېزراق نەشر قىلىش ھەققىدە جىددىي تەكلىپ سۇندى.

△ گوۋۇيۈەن ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگو قوشاقلار توپلىمى»، «جۇڭگو ھېكايە-چۆچەكلەر توپلىمى»، «جۇڭگو ماقال - تەمسىللەر توپلىمى» دىن ئىبارەت «ئۈچ چوڭ توپلام» قۇرۇلۇشى خىزمىتى شىنجاڭدا جىددىي ئىشلەنمەكتە. يېقىندا «ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچ توپلام رەھبەرلىك ھەيئىتى» نىڭ رەھبەرلىكىدە ھەرقايسى توپلاملار ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم 18 تەھرىر ھەيئىتى تەشكىللىنىپ، ناھىيىلەر توپلىمى ئاساسىدا تاللاش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىپ كەتتى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاپ - رەتلەشتىن ئىبارەت بۇ كۆلىمى چوڭ ئەھمىيەتلىك خىزمەتكە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 15 كە يېقىن كەسپىي خادىم تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇكېرىم رەھمان، ۋاڭ باۋ، ئارسلان ئابدۇللا، يۈەن جىرگۇاڭ، شېرىن قۇربان قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر باش مۇھەررىر ۋە مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1997 - يىلى بۇ «ئۈچ توپلام» نىڭ شىنجاڭ توملىرى نەشردىن چىقماقچى. ھەربىر توپلامنىڭ ھەجمى 1 مىليون 500 مىڭ خەتتىن 2 مىليون خەتكىچە بولىدىغانلىقى بېكىتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**Journal of Xinjiang University**
**(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)**
**No. 1. 1997 (Total: No. 69)**

# Contents

The Strategic Status of Constructing Socialist Spiritual Civilization ········ *Lin Ying*

About research Subject of Abduxukur Muhammadimin the pioneer of uyghur cultural Research ········ *Kayyum Kurban*

On English Version of "Dictionary of Turkish Languages" ········ *Ibrahim Mutiyi, Amina Abdurahman*

On Uyghur Culture of Diet in Middle Ages ········ *Razzak Matniyaz*

On Astronomical Viewpoint of Yusup Has Hajip ········ *Muhammademin Ubulkasim*

Fallacy and Its Manifestation in Language ········ *Kurex Mahmutjan*

Xinjiang—A Beautiful Hometown. (Urumqi—A Bright Pearl in the Western Frontier Region) ········ *Muhammad Osman*

Economic Punishment and Convention in the Edikut Uyghur Kingdom ······ *Ismail Tθmüri*

Research on Epic "Five Brothers" ········ *Xirin Kurban*

On the Truthfulness of Creation in Literature and Art ········ *Hasanjan Sadik*

About Female Images Depicted in Mithology ········ *Kambernisa Muhammadhaji*

On Establishment and Perfection of Extradition System in our country ··· *Hasanjan Turdi*

About Lawyer and Historical Development of Defence Institution ········ *Matruzi Sadik*

**(Translafor by Abdurixit Kadir, Umarjan Kurban)**

ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трехмесячный журнал философии-общественной науки на уйгурском языке)

№. 1. 1997 г. (общий № 69)

## Содержание

Стратегическое положение строительства социалистической духовной культуры ··· ··························································· /ЛйнИн/Қаюм Қурбана /Перевод

О вопросах, над которыми изучает предшественник уйгурской культуры Абдущукур Мухэмэтимин ······························································· Қаюм Қурбан

О "Словаре тюрских языков" на английском языке ······························ ························································· Ибраим Мотин Амина Абдурахман

О культуре средневекового уйгурского питания ···················· Раззак Матнияз

О точке зрения Июсупа хас хаджи по астрономии ······· Мухаметимин Убулкасым

Абсурд и его проявление на языке ······························ Қурещ Махмутджан

Красивый край-СУАР/западная жемчужина- Урумчи ················· Мухамет Осман

Обычай экономических казаний уйгурской страны хэн в период Идикют ··········· ································································ Исмаил Тимур

Изучение над стихами "пять братьев" ······························ Щэрын Қурбан

Об истинности в литературном и художественном творчестве ······ хасанджан Садык

Женские образы в легендах ······························ Қэнбэрниса Мухэммэт хаджи

Об установлении и совершенствовании системы экстрадиции в нашей стране ········ ································································ хасанджан Турди

Исторические развития адвоката и апологии ······························ Матрозы Садык

(Перевод: Гаоягуль Қадыр)

www.uyghurkitap.com

# مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، پروفېسسور مىجىت خۇدابەردى
# 优秀专家米吉提.胡达拜尔地教授



مىجىت خۇدابەردى ئەر، ئۇيغۇر، 1936 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1953 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىئولوگىيە - خىمىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، 1956 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، 1978 - يىلى دوتسېنت، 1985 - يىلى پروفېسسور بولغان. 1979 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئۇ ھازىر جۇڭگو ئېكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۆسۈملۈكلەر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «قۇرغاق رايونلار جۇغراپىيىسى» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە تەبىئىي پەن قىسمى) نىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە. 1979 - يىلى ئۇنىڭغا گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى. 1979 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى. 1988 - يىلدىن باشلاپ ئۇدا ئىككى قېتىم 7 -، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. 1985 - ۋە 1995 - يىللىرى ئۇدا ئىككى قېتىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسى بولۇپ باھالاندى. 1990 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان ئوتتۇرا - ياش مۇتەخەسسىس» بولۇپ باھالاندى.

ئۇ، ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان 44 يىلدىن بۇيان، ئوقۇتۇشنىڭ 1 - سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارغا ئونىنچە خىل ئاساسىي دەرس ۋە كەسپىي دەرس ئۆتتى، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئالتە پارچە دەرسلىك ۋە لېكسىيە تۈزۈپ چىقتى، بىئولوگىيە ۋە جۇغراپىيىگە دائىر ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىدىن 11 پارچىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلدۇردى، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن «ئۆسۈملۈك جۇغراپىيەشۇناسلىقى» دەرسلىكىنى يېزىش خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسەن قۇرغاق رايونلار ئۆسۈملۈك جۇغراپىيىسى، قۇرغاق رايونلار ئۆسۈملۈك ئېكولوگىيىسى ۋە قۇرغاق رايونلار ئۆسۈملۈك بايلىقلىرىنى قېزىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ساھەسىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەسەل مەنبەيى ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان دورا ئۆسۈملۈكلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇ پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدىن 2100 خىلدىن كۆپرەك ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسىنى توپلاپ، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتنى بىۋاستە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ يەنە 1987 - يىلى تېلېۋىزىيە فىلىمى «غەربىي تەڭرىتاغ نارات تاغ رايونىنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى» گە ئوقۇشلۇق رېژىسسورلۇق قىلدى. ئۇ ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ، «شىنجاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئائىلە ۋە ئۇرۇقداشلىرى ھەم ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى» (1986 - يىلى)، «شىنجاڭ ھەسەل مەنبەيى ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش» (1993 - يىلى) قاتارلىق تۆرلۈك مەخسۇس ئەسەردىن سەككىز پارچىنى ئېلان قىلدى. ھەر خىل ئىلمىي ژۇرناللاردا 26 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى تۆنجى قېتىم مۇنەۋۋەر دىسسېرتاتسىيە ۋە تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق نەزەرىيىۋى تەتقىقاتى ئاساسەن شىنجاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى، قۇرغاق رايونلار ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسراش قاتارلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتتا ئالاھىدە تۆھپە ياراتتى.

主　编：库热西·买合木提江
本期责任编辑：康巴尔尼沙

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر پەيزۇللا

# 新疆大学学报

（哲学社会科学维吾尔文版）

（季刊）

（1980 年创刊）

第 18 卷第 1 期 1997 年 3 月

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

(پەسىللىك ژۇرنال)

نەشر قىلىنغان يىلى: 1980 ـ يىلى

1997 ـ يىللىق 1 ـ سان (18 ـ يىلى نەشرى)

主办单位：新疆大学（乌鲁木齐胜利路 14 号）

编辑出版：新疆大学学报编辑部

印　刷：新疆大学印刷厂
国内发行：乌鲁木齐邮政局
国际标准刊号：ISSN 1005-5878
国内统一刊号：CN 65-1035/C
邮政编码：830046

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 ـ نومۇر)
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى
ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1005-5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN 65-1035/C
پوچتا نومۇرى: 830046

定价：3.00 元　　باھاسى: 3.00 يۈەن

国内代号：58-13　　ۋەكالەت نومۇرى: 58-13